
«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物
中国期刊方阵
双效期刊
中华人民共和国新闻出版总署
XINJIANG CIVILIZATION • КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА
1
شىنجاڭ مەدەنىيىتى
新疆文化
ISSN 1008-6498
01>
9 771008 649003
2004



زامانىمىزدىكى يېتۈك راۋاب ئۇستازى، دۇنياۋى شۆھرەتلىك
سازەندە داۋۇت ئاۋۇت ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(53-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2004-يىل 1-سان
(ئومۇمىي 265-سان)

باش مۇھەررىر:
قۇربان مامۇت
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
رىسالەت مۇھەممەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


### دېھقان نېمە دەيدۇ؟

قانۇن ئېگىنى ئۇستۇرۇش بىلەنلا ئىشتۈگەمدۇ؟ ...... م. يانتاق 2

### قۇرۇپ كەتسۇن قۇرۇق گەپ

گەپ ئىنقىلابى ...... ت. ئى. تايماس 4

### ئىخلاسمەنلەر كۆڭلى

ئابدۇقادىر جالالىددىن ۋە پەلسەپە قىممەتچىلىكى ...... س. قەييۇم 9

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ...... ئابدۇللا ئوسمان قاتارلىقلار 18

كۆڭۈل خاتىرىسىدىكى قۇرلار ...... ئۆتكۈر ھاشىموف 35

### ئەدەبىيات گۈلزارى

بۇلاقچى......(ھېكايە) ...... ياسىنجان سادىق چوغلان 39

ئىبرەت ئۈچۈن......(« ») ...... مەتقاسىم ئابدۇراخمان 48

ئىت ھەققىدە رىۋايەت......(« ») ...... داۋۇت مەتنىياز 51

دۇنيا دېگەن شۇ......(ئەدەبىي پارچىلار) ...... غوجمۇھەممەت مۇھەممەت 55

«مىللىتىمىزنىڭ بايلىقى» توغرىسىدا ...... ئەسقەر ياسىن 58

### ئۆزىنىڭ ئۆزىگە چىرايلىق

قەدىمىي شەھەردە ئويلىغانلىرىم ...... دىلئارام قۇربان 61

### دېھقان قىزى ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى

سەبىي يۈرەككە ئوتلۇق تىلەك ...... ئەنۋەر ھوشۇر قاتارلىقلار 65


مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن: ئۇستاز كومپوزىتور، «پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى»، «قەشقەر كېچىسى»، «بادام دوپپا»، «ئەخلاق - ئادەم زىننىتى»، «زىيارەت قىلغىلى كەلدىم»، «مەيلى مۇ»، «ھەسرەت»، «ئۆزبېك قىزى»، «ھەي قىزلار»، «گۈزەل قەشقەر»، «ئاتا-ئانام پەرىشتە»، «كېلىن بولسا قىن بولسا»، «گۈزەل تاشقورغان»، «بىر كۆرۈپ»... قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئۆلمەس ناخشىلارنىڭ ئىجادچىسى تۇرسۇن قادىر ئەپەندى. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت



# قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش بىلەنلا ئىش تۈگەمدۇ؟

مەھمۇتجان يانتاق

ئىلگىرى قايسىدۇر بىر يازمىدىن: «دېھقانلارنىڭ قانۇن ئېڭى ناھايىتى تۆۋەن، ئۇلار قانۇن بىلمەيدۇ، قانۇن بىلمىگەچكە، ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغدىيالمايدۇ. ئەگەر ئۇلار قانۇن ئۆگىنىپ، قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرسىلا چوقۇم ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغدىيالىغان بولار ئىدى...» دېگەندەك ئەپسۇس بىلەن ئېيتىلغان قۇرلارنى ئوقۇغانىدىم. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، بۇ سۆزلەر مېنى قايتىدىن ئويلىنىشقا ئۈندىدى.

ئاشۇ يازمىنىڭ مۇئەللىپى دېگەندەك، دېھقانلار راستىنلا قانۇن ئۆگىنىپ، قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرسە ھازىرقى كۈندىكى قىسمەتلىرىنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟ كەنت باشلىقلىرى ئالدىدا قەددىنى تىك تۇتۇپ، قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتى ۋە ھاياتىنى ساقلاپ قالالامدۇ؟ قانۇنمۇ ئۇلارنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ۋە ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالامدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ

## دېھقان نېمە دەيدۇ؟

ناتايىن. كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

يېقىندا، مەلۇم جايدا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن: كەنت باشلىقى كۈزلۈك بۇغداي تېرىتقۇزۇش ئۈچۈن مەلۇم كەنتتىكى بىر دېھقاننىڭ تېخى پىشمىغان، كۆپكۆك ئۆسمىدەك قوناقنى ئورۇپ، ئورنىنى بۇغداي تېرىشقا راسلاشقا بۇيرۇغان. بىراق ھېلىقى دېھقان قوناقنىڭ تېخى پىشمىغانلىقىنى، مۇشۇ يەردىكى سەككىزمو قوناقتىن باشقا قونىقىنى يوقلىقىنى، ئەگەر بۇ قوناقنى بۇنداق خام ئورۇۋەتسە، كېلەر يىلى يازغىچە قوي-كالىلىرىنى شاخ بىلەن بېقىپ بولالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا بىرەر ھەپتە مۆھلەت بەرسە قوناق سەل قېتىشقاندا ئورۇپ، ئورنىغا دەرھال بۇغداي تېرىيدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن ھېلىقى كەنت باشلىقى: «مەن ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىۋاتىمەن! قونىقىڭ پىشامدۇ-پىشمامدۇ، نېمە كارىم. قونىقىڭ بولمىسا، پۇل بولسا قوناق دېگەن بازاردا تولا...» دەپ دېھقانغا قەتئىي يول قويمىغان. بۇ چاغدا ھېلىقى دېھقان يەنە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن پارتىيىنىڭ دېھقانلار ئۈچۈن يولغا قويغان پايدىلىق سىياسەتلىرىنى شىپى كەلتۈرۈپ كەنت باشلىقى بىلەن زاكونلاشقان.

قانۇندىن سۆزلەپ كەنت باشلىقىغا زاكون قويغان. ئەتىجەدە دېھقان زاكوندا كەنت باشلىقىنى يەڭگەن. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ يەنە ھېلىقى كەنت باشلىقى كېيىدە چاڭ تۇرۇپ، دېھقانغا تەھدىت سالغان ھەمدە ئەتىگىچە قوناقلارنى ئورۇپ بولمىسا، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئادەم باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دېھقانغا ھەيۋە قىلىپ كېتىپ قالغان. دېھقان ئەتىسىمۇ قوناقنى ئورۇمىغان. ئەتىسى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل باشلىق ۋە يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىلىرى بىللە كېلىپ، دېھقانغا قوناقنى ئورۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن. بىراق ھېلىقى دېھقان يەنە شۇ يوللۇق زاكونلىرى ئارقىلىق ئۇلار بىلەن زاكونلاشقان. ئەمما ئۇلارمۇ: «بۇنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى ئىكەنلىكىنى، بويۇنتاۋلىق قىلسا ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشقانلىق بولۇدىغانلىقىنى، بۇنىڭ قانۇن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىكەنلىكىنى ...» سۆزلىگەن. بىراق دېھقان يەنە قايىل بولماي تۇرۇۋالغان. بۇ چاغدا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن كەلگەن يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل باشلىق كەنت باشلىقىغا بېسىم ئىشلەتكەن. كەنت باشلىقى بېسىمغا چىدىماي قولىغا يوغان بىر كالتەكنى ئېلىپ: «مانا ئەمىسە! سەن ئورۇمىغان قوناقنى مەن ئورۇمەن!» دەپ قوناقنى قالايمىقان ئورۇپ، سۇندۇرۇپ ياتقۇزۇشقا باشلىغان. دېھقان بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ كەنت باشلىقىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغان. بىراق كەنت باشلىقى قولىدىكى كالتەك بىلەن بۇ «بويۇنتاۋ» دېھقاننى بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتكەن. دېھقان كالتەك زەربىسىگە چىدىماي، ئاچچىقىدا ئېتىز قىرىغا قويۇپ قويغان كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، كەنت باشلىقىنى چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

مانا بۇ پاجىئەدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قانۇن ئېڭى يۇقىرى بولغان، قانۇن بىلىدىغان ئاشۇ دېھقان قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداپ قالالمىدى ھەم قانۇننىمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دېھقاننىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداپ قالالمىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قانۇن ۋە دېھقان ھەر ئىككىلىسى قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆز ھوقۇقى ھەم رولىنى يوقاتتى.

ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ئۈچۈن قانۇن ھەممىدىن مۇھىم. قانۇن بولمىغان جەمئىيەت ھەم قانۇن ئۆز رولىنى يوقاتقان جەمئىيەت گۇمرانلىققا قەدەم قويغان جەمئىيەتتۇر. ۋە شۇنداقلا ھەر قانداق بىر جەمئىيەت خەلقى ئۈچۈنمۇ قانۇن ئۆگىنىپ ۋە بىلىپ، قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەممىدىن مۇھىم. قانۇن بىلمىگەن كىشى گېزى كەلگەندە ھەممە ھوقۇقىنى باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويىدۇ. بىراق، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن ئېڭى تۆۋەن جەمئىيەتتە خەلقنىڭ قانۇن ئېڭى ھەرقانچە يۇقىرى بوپكەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا بىكار. شۇڭا، خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش بىلەن قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى ئۆستۈرمىسە، جەمئىيەت مانا مۇشۇنداق قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق تۈگىمەس پاجىئەلەرگە تولۇپ كېتىدىغان گەپ. ئەگەر ئاشۇ رەھمەتلىك كەنت باشلىقى ۋە ھېلىقى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل باشلىقى ھەم يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىلىرى دېھقاننىڭ يوللۇق قانۇنىي زاكونىغا قايىل بولۇپ، ئىشنى ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغان بولسا، ھېلىقى كەنت باشلىقىمۇ ئۆلمىگەن، دېھقانمۇ قاتىل بولۇپ تۈرمىگە كىرمىگەن بولاتتى.

دېمەك، دېھقانلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ. پەقەت دېھقانلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ قانۇن ئېڭىنى تەڭ ئۆستۈرگەندىلا ئاندىن ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ. جەمئىيەت، خەلق ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۆلەيدىغان بەدىلى ئازلاپ، ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان ھەمدە ھەقىقىي «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان» جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

يامانيار، 2003-يىل 10-ئۆكتەبىر

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا گەمالڭ كەنتىدە، دېھقان (M1)

**بۇ سان 2003 ـ يىل 1ـ دېكابىردا تىزىشقا يوللاندى، 2004ـيىل 1ـيانۋاردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت(M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت**



# گەپ ئىنقىلابى

ت.ئى.تايماس

قايسى ئەلدە گەپ تولا بولسا بەرىكەت ئاز، قايسى ئەلدە ئىش تولا بولسا بەرىكەت ساز بولۇر.

- مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى

ھەقىقىي ناتىقلىقنى كۆرەلمەيدىغان جەمئىيەتتە قۇرۇق ۋەزخانلىق، سۆز رىياكارلىقى ياكى تېتىقسىز سەپسەتىۋازلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ناتىقلىق مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تايانچىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۆتمۈشتىمۇ شۇنداق بولغان ھازىرمۇ شۇنداق.

ئا.پ.چېخوف

ئىنقىلاب تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدىغىنى ئومۇمىي خەلق داغدۇغىلىق ھالدا سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلىدىغان دەۋر خاراكتېرىنى ئالغان غايەت زور ئاممىۋى ھەرىكەتتىن ئىبارەت بولىدۇ. دېمىسىمۇ 1871-يىلى پارىژدا پارتلىغان تۇنجى پرولېتارىيات ئىنقىلابى دۇنيانى كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئىككى

لاگىرغا بۆلۈپ تاشلاشنىڭ تۇنجى ئىدىيىۋى ئېقىمىنى شەكىللەندۇرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن - 1917-يىلى رۇسىيىدە پارتلاپ «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ئىنقىلابمۇ چار پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «ئىنقىلاب» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ لۇغەت مەنىسىنى دۇنيا خەلقىغە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھېس قىلدۇردى. يىراقتىكىسىنى قويۇپ تۇرۇپ يېقىندىكىسىدىن مىسال ئالساق، 1911-يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن باشلاپ تاكى 1949-يىلغىچە ھەرخىل كونكرېت باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن جۇڭگو ئىنقىلابىمۇ، ئاۋۋال چىرىپ كەتكەن چىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ جۇمھۇرىيەت قۇردى. ئاندىن گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى قوغلاپ چىقىرىپ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى يېڭى جۇڭگونى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

ئىخچاملانغان يۇقىرىقى مىساللاردىن ھېس قىلىش مۇمكىنكى، ئومۇمىي خەلق سەپەرۋەرلىككە

كەلتۈرۈلۈپ ،داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان، دەۋر خاراكتېرىنى ئالغان غايەت زور ئاممىۋى ھەرىكەتتىن ئىبارەت بولغان ئىنقىلاب چىرىپ كەتكەن كونا ئىجتىمائىي شەيئىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مۇئەييەن يېڭى ئىجتىمائىي شەيئىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. بۇ مەنادىن ئېيتقاندا، گەرچە ئىنقىلابقا مەلۇم دەرىجىدىكى زوراۋانلىق ياكى مەجبۇرلاش دېگەن ئۇقۇملار سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تارىختىن بۇيان يۈكسەك ئىجابىي خاراكتېرگە ئىگە بوپكەلگەنىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تارىختىن بۇيان يۈكسەك ئىجابىي خاراكتېرگە ئىگە بوپكەلگەن ئىنقىلاب ئاتالغۇسى 1966-يىلىدىن باشلاپ ساق ئون يىل داۋاملاشقان ۋە «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ نام بېرىلگەن ئاتالمىش ئىنقىلاب داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئىجابىي خاراكتېرىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل تارىخىي مىراسلىرىنى مىسلىسىز دەرىجىدە ۋەيران قىلدى. ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن ئەزىز جېنىنى تىكىپ جەڭ قىلغان ئەڭ ئېسىل ئوغۇل-قىزلارنى بىر-بىرلەپ جەھەننەمگە يولغا سالدى. بۇ خىل رېئاللىق، تەبىئىيكى «ئىنقىلاب» ئاتالغۇسىدىكى ئىجابىي مەنە ئۈستىگە سەلبىي مەنالارنى قوشتى.

تەبىئىي قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، شەك-شۈبھىسىزكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر شەيئىي يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن، ئاجىزلىقتىن كۈچەيگەن ۋە شۇئارقىلىق دۇنيا سەھنىسىدە بىر مەھەل دەۋر سۈرگەندىن كېيىن ،يەنە ئۆزىدىن باشقا يېڭى شەيئىگە ئورۇن بوشىتىشتىن ئىبارەت ھېچكىمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان تەبىئىي تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتكەن بولىدۇ. ئۇنداقتا پارىژدا پارتلىغان تۇنجى ئىنقىلابتىن ھازىرغىچە بولغان ئىككى يېرىم ئەسىر مابەينىدە ،تالاي داھىيلارنىڭ دەبدەبىلىك سىياسىي نۇتۇقلىرىدا، تالاي سىياسىيئونلارنىڭ توم-توم كىتابلىرىدا ،تالاي گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيەلەرنىڭ جەلپكار سەھىپە - پروگراممىلىرىدا تالاي-تالاي قېتىم تەكرارلىنىپ كەلگەن ئىنقىلاب ئاتالغۇسىنىڭ، بىزنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى باسقۇچىدىكى ئەمەلىي تەرەققىياتى نېمە؟

ئىنقىلابتىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى شەيئىنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرى ھەققىدە، جۈملىدىن ئاشۇ تەرەققىيات جەريانىنىڭ نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشى ھەققىدە گەرچە ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق بىر گېزىت-ژۇرنالدا ھېچقانداق بىر شەخسنىڭ كۆز قارىشى ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈل كۆزى ئوچۇق ئادەملەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنىڭ بۈگۈنكى ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، نۆۋەتتىكى ئىنقىلابلار ئەمەلىيەتتىن كۆرە، ئېغىزلاردىكى گەپ-سۆزلەردە كۆپرەك ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. بۇنى بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەربىر ئەمەلىيىتى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ: بىرىنچى ئەمەلىيەت شۇكى، مەيلى پارتىيە-ھۆكۈمەت ،سودا-سانائەت ياكى مائارىپ، سەھىيە ،مەدەنىيەت بولسۇن، مەيلى زاۋۇت - كارخانا ھەتتا پارخانا بولسۇن ھەممە ئورۇن، ھەرقانداق بىر ئىشنى ئالاھىدە يىغىن ئېچىش ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرماي قالمايدۇ .ۋەھالەنكى، ھەربىر يىغىن بۈگۈنكى گەپ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشىدىكى ئەڭ ئېسىل سورۇنى بولغاچقا، ھەتتا ھەر قېتىملىق تازىلىق قىلىشتىن بۇرۇنمۇ مەخسۇس يىغىن ئېچىلىپ ،ئاۋۋال تازىلىقنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى سۆزلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى، كونكرېت تازىلىق قىلىش ئۇسۇللىرى بىرمۇبىر سۆزلىنىپ ،تازىلىق قىلىنىدىغان جايلار، جۈملىدىن ئىشخانا ،كارىدورلاردىكى دېرىزىلەر بىرمۇ بىر سانىلىپ ،ئادەم بېشىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. تازىلىقتىن كېيىن يەنە مەخسۇس يىغىن ئېچىلىپ، شۇ قېتىملىق تازىلىقتىن زىغىرلاپ خۇلاسە چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭغا كوللېكتىپ تازىلىق تۈزۈملىرى ۋە شەخسىي ئەھدىنامىلەرنى يېزىپ، تامغا يېپىشتۇرۇشقا كەتكەن ۋاقىتنى قوشمىغاندىمۇ ،تەخمىنەن ئىككى سائەت داۋام قىلىدىغان بىر قېتىملىق تازىلىقنىڭ بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقتى ئەشۇ يىغىن ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ.

يىغىننىڭ گەپ ئىنقىلابچىلىرى ئۈچۈن مۇھىم پائالىيەت سورۇنى ئىكەنلىكىگە باشقا ساھەدىكىلەر ھەرخىل باھانە-سەۋەبلەرنى تېپىپ كۆز يۇمغان تەقدىردىمۇ ،بۈگۈنكى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ساددا، ئەڭ سەممىي پۇقرالىرى بولغان دېھقانلار ھەرگىز كۆز يۇممايدۇ. چۈنكى ئۇلار قۇرۇق گەپ بىلەن ئەسلا جان باققىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. گەرچە نۆۋەتتىكى گەپ ئىنقىلابچىلىرى گەپكە تايىنىپ، باشقا ھەرقانداق ساھەدىكىلەردىن ئوبدان جان بېقىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ناۋادا دېھقانلارمۇ ئۆگىنىپ گەپ ئىنقىلابچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتسە، ئۇ ھالدا جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ جۈملىدىن ئاشۇ گەپ ئىنقىلابچىلىرىنىڭمۇ جان باقمىقى بەسى مۈشكۈل بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان ئاشۇ گەپ ئىنقىلابچىلىرى ھېس قىلمىغىنى بىلەن دېھقانلار تازا ئوبدان چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قۇرۇق گەپ بىلەن خۇشى يوق. گەرچە جاپا چەكسىمۇ 360كۈن ئېتىزلىقتىن چىقماي ئىشلىگىنى ئىشلىگەن.

دېھقان مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە نادان، مېيىنەت، قالاق بىر قەۋم. ئەمما ئەمەلىيەتتە، مېنىڭچە، دېھقان ئەڭ ئەقىللىق ،ئەڭ

پاكىز ، ئەڭ ئىلغار قەۋم .نېمە ئۈچۈن ؟ چۈنكى دېھقاننى نادان دېگۈچى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپكە ئىشىنىدۇ ،ئەمما دېھقان بولسا ئەمەلىيەتكە ئىشىنىدۇ .ئەمەلىيەتكە ئىشەنگۈچى بىلەن گەپكە ئىشەنگۈچىنىڭ قايسىسىنىڭ نادان ئىكەنلىكى ئۆزلىكىدىن ئايان . بۇيەردە بىر دېھقاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى : «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي 〈چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش〉 دېگەن گەپ چىقتى .〈چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش〉 ئۈچۈن مىڭ كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي دولقۇن قوزغاپ ئىشلىدۇق . سان-ساناقسىز ئات-ئېشەك ، ھەتتا ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكلىرى رودا كولىغان تاغلاردا ،ھاشار چاپقان جايلاردا قالدى . ئاشۇنداق جاپالىق ئىشلەپمۇ ئەمەلىيەتتە كەينىمىزگە سەكرىدۇق .〈مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى〉دا رادىئو كانايلىرىدا〈مال باھاسى مۇقىم ، بازارلار ئاۋات〉 دەپ توۋلاپ تۇردى .ئەمەلىيەتتە بازاردىن ئاشكارا سېتىۋېلىشقا بىر نان تېپىلمىدى . ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن دېھقانلارنى بېيىتىش دېگەن گەپ چىقتى .بۇ گەپ 15يىلدىن بۇيان بارغانسېرى بەك دەپ كېلىنىۋاتىدۇ ،لېكىن دېھقاننىڭ ھال-كۈنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەم بىلىدۇ . . .»

دېھقاننى نادان دېيىش ،مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىرنى بىلمەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنىغا ئوخشاش ، دېھقاننى مەينەت دېيىشمۇ ئۇنىڭ ئۈستىۋېشىغا قاراپلا ئېيتىلغان بىرتەرەپلىمە گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس . دەرۋەقە ، دېھقان 360كۈن ئېتىزلىقتىن چىقماي توپا-چاڭ ، لاي-پېتىقلارئارىسىدا يازدا چىلىق-چىلىق تەرگە چىلىنىپ ، قىشتا قار-مۇزلارغا مىلىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئۈستىۋېشى قارىماققا ھەقىقەتەن مەينەت كۆرۈنىدۇ . ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبى ، ئادەمنىڭ پاكىز-مەينەتلىكىنى تاشقى قىياپەتكە قاراپلا ئۆلچەشكە ئادەتلەنگەن بارلىق ئالىيجانابلارنىڭكىدىنمۇ پاكىز . شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى ، ناۋادا دېھقان 360كۈن تارتىدىغان جاپانىڭ 36كۈنىنى ئۇلار تارتىپ باققان بولسا ، مۇقەررەركى ئۇلار دېھقاندىن يۈز ھەسسە بەتتەر مەينەتلىشىپ كەتكەن بولاتتى .

ئەسلىدىكى گېپىمىزگە كەلسەك ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ يەرلەر دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن كەنت ، يېزا ، ناھىيە ، ۋىلايەت . . . مىقياسىدا ئېچىلغان يېزا ئىگىلىك تېمىسىدىكى سان-ساناقسىز يىغىنلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى دېھقانلارنى بېيىتىشتىن ئىبارەت بوپكەلدى . ئەمما ئاشۇ يىغىنلارنىڭ خاسىيىتىدىن دېھقان بېيىدىمۇ ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ،سېكرېتار سۆزلىگەننى كەنت باشلىقى قايتا تەكىتلەيدىغان ؛ مۇئاۋىن سېكرېتار ۋە مۇئاۋىن كەنت باشلىقى قايتا تەكرارلايدىغان ؛ ئەتىرەت باشلىقلىرى ئېسىدە قالغىنى بويىچە قايتا ئېيتىپ ئېچۈرىدىغان بۇ خىل مودېلغا ئايلانغان يىغىنلار ،نۆۋەتتە ئەۋج ئېلىۋاتقان گەپ ئىنقىلابىنىڭ بىرىنچى ئەمەلىيىتى .

بۇيەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى ، يۇقىرىقى بايانلاردىن قاتلاممۇ قاتلام ئېچىلىدىغان يىغىنلارنىڭ ھەرگىزمۇ ئىجابىي رولى يوق ،دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ . چوڭ-كىچىك ، ھەددى-ھېسابسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى ،ئورۇنلاشتۇرۇشى بولمىسا ، مىسلىسىز تاقەت بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، قاتلاممۇ قاتلام يىغىن ئېچىلىپ تۇرمىسا ، ئۇلار ئىشسىز قالىدۇ . چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاتالمىش ئىشى پەقەت گەپ قىلىشتىنلا ئىبارەت ئەمەسمۇ ؟ ! ھالبۇكى ، قاتلاممۇ قاتلام ،تەكرار-تەكرار ئېچىلىدىغان يىغىنلار ئۇلارنى «ئىش قىلىش»پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ . مەنسەپدار سانى كۆپرەك بولغان بىر قىسىم ئورۇنلارنىڭ بىرنەپەردىن مۇئاۋىن باشلىقىنى ئادەتتە ھېچقانداق كونكرېت ۋەزىپىگە قويماي ، مەخسۇس يىغىنغا قاتنىشىش ۋە قايتىپ يىغىن روھىنى يەتكۈزۈشكە بەلگىلىشىمۇ دەل ئاشۇ سەۋەبتىن ئەمەسمۇ ؟ !

قاتلاممۇ قاتلام ، تەكرار-تەكرار ئېچىلىدىغان يىغىنلارنىڭ يەنە بىر ياخشى تەرىپى شۇكى ، مەنسەپدار ھەم مەنسەپكە قىزىقىدىغان پۇقرالارنىڭ نەزىرىدە شان-شەرەپ ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل يىغىنلاردىن ئومۇمىي خەلق تولۇق بەھرىمەن قىلىنىدۇ . گەرچە پۇقرالار مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان مۇھىم يىغىنلارنىڭ ئاساسىي روھىدىن تېلېۋىزور ئارقىلىق دەل ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ بولغان بولسىمۇ ،لېكىن ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ناھىيىلەردە قايتىلاپ سەپەرۋەرلىك يىغىنلىرى ئېچىلىپ ، ھەممىلا ئادەم يىغىنغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشتۈرۈلىدۇ . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، دەرىجە-مەنسەپ پەرقى سۈرۈشتۈرۈلمەستىنلا ،مەنسەپدارلار قاتناشقان يىغىنلارغا كېچىكرەك بولسىمۇ پۇقرالارمۇ قاتناشتۇرۇلىدۇ .

نۆۋەتتە ئەۋج ئېلىۋاتقان گەپ ئىنقىلابىنىڭ ئىككىنچى ئەمەلىيىتى شۇكى ، بىلىم خەزىنىسى ھېسابلىنىدىغان كۇتۇبخانا - مەدەنىيەت يۇرتلىرى چۆلدەرەپ ،رېستوران ۋە مەيخانىلار مىسلىسىز ئاۋاتلاشماقتا .ناۋادا «بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ »دەپ سورالسا ، جاۋابى ناھايىتى ئاددىي :كۇتۇپخانىلاردا قۇرۇق گەپ سېتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ . دەل بۇنىڭ ئەكسىچە رېستوران - مەيخانىلاردا بولسا تاكى ئىشىكلەرنى تاقايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ،كېتىشكە دەۋەت قىلىنمىغىچە قۇرۇق گەپ سېتىشلار توختىمايدۇ .

دەرۋەقە ، رېستوران - مەيخانىلاردا مەنىۋى

پائالىيەت ھېساپلىنىدىغان ناخشا-ساز ۋە ئۇسسۇللارمۇ بار. يەنە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، ئۇيەرلەردە قىلىنغان پاراڭلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ سېتىش بولماستىن، سورۇن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قىزىقىش تېمىسى بويىچە ئەدەبىيات، تارىخ، مائارىپ ۋە كىشىلىك ھاياتتىكى باشقا مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ ئەھمىيەتلىك پاراڭلار بوپقالىدۇ. ئەمما لېكىن بۇ خىل ئەھمىيەتلىك پاراڭلار تولىمۇ ئاز بولۇپ، رېستوران - مەيخانىلارنىڭ ھازىرقى بىر پۈتۈن ئومۇملىقى ئالدىدا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، ئەلۋەتتە. تەكرار-تەكرار سۆزلىنىدىغان لاۋزا لەتىپىلەر، ئاياللار سورۇنىدىن ئەرلەر سورۇنىغا كۆچكەن غەيۋەت قىلىشلار، ئەرلەر سورۇنىدىن ئاياللار سورۇنىغا كۆچۈۋاتقان مەيخورلۇقلار، ئالدىنقى قېتىملىق ئىچىشۋازلىقتا كىمنىڭ قانداق مەست بوپقالغانلىقى ھەققىدىكى ئەسلىمە - ھېكايىلەر رېستوران - مەيخانىلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇملىقى بولۇپ، ھەتتا بەزى سورۇنلار باشلىنىپ تاكى ئاخىرلاشقىچە: «مەن كۆپ ئىچىۋەتتىم، سەن ئاز ئىچتىڭ، قېنى ئىچە، ئىچمەمسەن؟...» دېگەن بىر خىللا گەپتىن باشقا ھېچقانداق گەپ-سۆزگە پۇرسەتمۇ بېرىلمەيدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، رېستوران - مەيخانىلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا قايتىپ چىققاندىن كېيىنمۇ گەپ ئىنقىلابچىلىرى ئۇيەر-بۇيەردە توپ-توپ بولۇشۇپ، ئۆرە تۇرۇپ يەنە بىر ھازا گەپ سېتىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئېيتىلىدىغان «خەير-خوش، ئەتە كۆرۈشەيلى» دېگەن بىر ئېغىز گەپنىمۇ 10-20 قېتىملاپ تەكرارلاپ، قايتا-قايتا قول سىقىشمىسا زادىلا ھېساب بولمايدۇ. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئىسراپچىلىق، ھەشەمەتچىلىكتە ئەيىبلىنىۋاتقانلىقىغا قارىماي بارغانچە بازار تېپىۋاتقان رېستوران - مەيخانىلار جەمئىيىتىمىزدىكى گەپ ئىنقىلابچىلىرىنى مۇھىم شارائىت بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئىككىنچى چوڭ سورۇن.

ئۈچىنچى سورۇن ياكى نۆۋەتتىكى گەپ ئىنقىلابىنىڭ ئۈچىنچى ئەمەلىيىتى تىل-يېزىقىمىزدا كۆرۈلىدۇ. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، تىل-يېزىقىمىز ئۆزىگە خاس تەبىئىي قانۇنىيەتلەر بويىچە ساغلام تەرەققىي قىلىشتىن كۆرە، نۆۋەتتىكى گەپ ئىنقىلابىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە كېلەڭسىزلىككە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. بۇ ھەقتە مۇنتىزىم مىسال كەلتۈرۈپ مەخسۇس توختىلىشقا توغرا كەلسە، گەپ بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كۇپايىكى، توختى باقى ئارتىشى قاتارلىق تەرجىمە پېشىۋالىرىمىزنىڭ ئىسپاتلىشىچە، تېخى 50 يىل بۇرۇن بىر بەت خەنزۇچە ماتېرىيال تەرجىمە قىلىنسا، ئۇيغۇرچىدىمۇ بىر بەت چىقاتتىكەن. ئەمما ھازىر ئىككى بەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك چىقمىسا، نۆۋەتتىكى گەپ ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ كەتكەن ئېڭىمىزغا ئەسلا سىغمايدۇ. ئەڭ ئاددىيغىنە بىر مىسال ئالساق، گېزىت-ژۇرناللاردا 50 يىلدىن بۇيان ھەركۈنى دېگۈدەك كۆزگە چېلىقىپ كېتىۋاتقان «پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى» دەيدىغان بىر جۈملە بار. بۇ خەنزۇچە جۈملە شەكلى بويىچە ئەينەن ئېلىنغان سۆز بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇرچە جۈملە شەكلى بويىچە «پۈتكۈل پارتىيە، ئارمىيە، خەلق» دەپلا ئىپادىلەشكە تامامەن بولاتتى. ئەمما گەپ ئىنقىلابىنىڭ ئېھتىياجىدىن، ئەسلىدە ئىخچام، مېغىزلىق ئىپادىلەشكە بولىدىغان جۈملىلەرنى ئىمكانقەدەر ئۇزارتىپ، ماقالە - نۇتۇقلارنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەس، بەلكى شەكلىگە ئەھمىيەت بېرىش، نۆۋەتتە بارغانچە ئومۇملاشماقتا. ھەتتا تىلىمىزدا ئەزەلدىن بار بولغان «زەرگەرخانا» دېگەنگە ئوخشاش ئىخچام، چىرايلىق سۆز-ئىبارىلەرمۇ «ئالتۇن-كۈمۈشكە ئىش قوشۇش، سېتىش دۇكىنى» دېگەنگە ئوخشاش يىلانغا پۇت سىزىلغاندەك مەنتىقىسىز سۆز-جۈملىلەرگە «ئىسلاھ» قىلىنماقتا. گەپ ئىنقىلابىنىڭ تىل-يېزىقىمىزدىكى ئىپادىلىرى سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ كېلەڭسىزلىشىشىدىن تاشقىرى ماقالە - نۇتۇقلارنىڭ شۇنداقلا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭمۇ كېلەڭسىزلىشىشىدە كۆرۈلمەكتە. ئەينى دەۋردە لۇشۇن ئەپەندىنىڭ: «پوۋېست ۋەقەلىكىنى ھېكايە قىلىپ يازسام يازىمەنكى، ھەرگىزمۇ ھېكايىنى پوۋېست قىلىپ ئۇزارتمايمەن» دېگىنىنىڭ دەل ئەكسىچە، بۈگۈنكى كۈندە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاپتورلار ھېكايىنى پوۋېست، پوۋېستنى رومان قىلىپ يېزىشقا ئاتلاندى. ناۋادا بۈگۈنكى كۈندە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرەر زات مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىرى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنسا، بىرەر-يېرىم كۈن سۆزلىمىگەن تەقدىردىمۇ ھېچ بولمىغاندا بىر نەچچە سائەت سۆزلىمىسە، ئۆزىنىڭ ئاتالمىش سەۋىيىسىنى نامايان قىلالمىغان بوپقالىدۇ. ۋەھالەنكى، دۇنياغا مەشھۇر سىياسىئون چېرچىل ئاشۇ تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغاندا: «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى بىرىنچىدىن بەل قويۇۋەتمەسلىكتە، ئىككىنچىدىن قەتئىي بەل قويۇۋەتمەسلىكتە، ئۈچىنچىدىن قەتئىي-قەتئىي بەل قويۇۋەتمەسلىكتە» دېگەن ئۈچ جۈملە سۆز بىلەن بىر قېتىملىق نۇتقىنى تاماملىغان. كىشىلەر دەسلەپتە تازا ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قېلىشقان بولسىمۇ، بارلىق تەپسىلاتلىرى يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملانغان بۇ ئالاھىدە نۇتۇقنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا ئالقىش ياڭرىتىپ ئۇزاققىچە توختىمىغان. بۇيەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يۇقىرىقى مىسال ئارقىلىق

ھەرگىزمۇ ھەممە نۇتۇقلارنىڭ ئۈچ جۈملە سۆزدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى تەشەببۇس قىلماقچى ئەمەسمىز. ئۈچ جۈملە سۆز بىلەن بىر قېتىملىق نۇتۇقنى تاماملاش بىر خىل ئالاھىدە ماھارەت بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەرنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىشى ناتايىن. نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ قولىدىن كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەزىم قىلالىشى تېخىمۇ ناتايىن. پەرەز قىلىش تەس ئەمەسكى، ناۋادا چېرچىل بۈگۈنگىچە ھايات بولۇپ، ھېلىقى مەشھۇر نۇتقىنى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە سۆزلىگەن بولسا، چاۋاك ئورنىغا: «مۇشۇمۇ نۇتۇق بولامدۇ؟...» دېگەندەك پىچىر-پاساتلارغا ئېرىشىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. چۈنكى گەپ ئىنقىلابى بىر خىل مودېغا ئايلىنىپ كەتكەن بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە، مودا ئېقىمىغا ئەگەشمىگەنلەر خۇددى جۇڭگوچە كوللېكتىپ مۇنچىدىكى بىر توپ يالىڭاچ ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ قالغان كىيىملىك يالغۇز ئادەمگە ھەممەيلەن تەئەججۈپ بىلەن تەڭ قاراشقاندەك ،ئەسلا كۆزگە سىغمايدۇ.

يىراقنى قويۇپ تۇرۇپ كۆز ئالدىمىزدىكى بۈگۈنكى رېئاللىقنىڭ ئۆزىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق ئاز بىر قىسىم مەسئۇلىيەتچان نەشر ئەپكارلىرىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مۇمكىن بولسا جەمئىيىتىمىزدىكى بارلىق كىشىلەرنى ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە يىغىپ، قايتا-قايتا ئوقۇپ ئۆگىنىش قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئاجايىپ ئېسىل ماقالە - ئەسەرلەر ئىزچىل ئېلان قىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئوقۇغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر دوستلىرىغا ھاياجان بىلەن ئانچە-مۇنچە سۆزلەپ بەرگەندىن ۋە ئاشۇ سان ژۇرنالنى قەدىرلەپ ساقلاپ قويغاندىن باشقا، ئاشۇ ماقالە - ئەسەرلەردىكى بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ ئۆتكۈر مەسىلىلەرمۇ شۇ پېتىچە قېلىۋەردى. دېمەك، خۇددى قايسىبىر خەلق ناخشىسىدا: «ئىشق باشقا، ھەۋەس باشقا» دېيىلگەندەك، بۈگۈنكى گەپ ئىنقىلابى دەۋرىدە گەپ باشقا، ئەمەلىيەت باشقا بوپكەتتى.

ناۋادا نۆۋەتتىكى گەپ ئىنقىلابىنىڭ يىلتىزىنى ياكى دەسلەپكى پەيدا بولۇش تارىخىنى سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، مېنىڭچە، ئاتالمىش «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. گەرچە 40ياشتىن تۆۋەن ھازىرقى ياشلارنىڭ بۇھەقتە بىۋاسىتە تەسىراتى بولمىسىمۇ، لېكىن 40ياشتىن يۇقىرىلارغا ناھايىتى ئېنىقكى ،ھازىر ئىسمى ئاتالماي داۋاملىشىۋاتقان گەپ ئىنقىلابىنىڭ خېلى كۆپ ئالامەتلىرى ئاشۇ ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ئالامەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ: باشتىن كەچۈرۈپ باققانلارغا بەشقولدەك ئايانكى، ئاشۇ «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئاتالمىش «قەلەم كۈرىشى»يەنى تەشۋىقات بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇۋدىغان بولۇپ، ھەرقانداق بىر يىغىن-يىغىلىشلاردا ھەرقايسى «ئاممىۋى تەشكىلات»لارنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن بەس-بەستە تۆۋلاپ تۇرۇۋدىغان ئىنقىلابىي شوئارلىرى ئاسمان-پەلەكنى قاپلايتتى. گەرچە ھازىر ئۇنداق شوئارلار تۆۋلانمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەربىر پۇقراغا، شۇنىڭدەك بۇيەرگە كېلىپ باققان ھەربىر ئادەمگە ئايانكى، يۇقىرىدىن قانداقلىكى ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلسا، بۇيەردە ئەڭ ئاۋۋال «ئاممىغا تەشۋىق قىلىش»تىن ئىش باشلىنىدۇ. كەمىنە مۇئەللىپنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، بۇيىل يازنىڭ مەلۇم بىر يەكشەنبىسى مەلۇم بىر ناھىيە بازىرىغا ھەرقايسى ساھەلەردىن بولۇپ جەمئىي 13تارماقتىن تەشۋىقاتقا چىققان بولۇپ، بەزى كوچىلاردىكى ئاممىنىڭ سانى ئاشۇ تەشۋىقاتچىلارنىڭ سانىدىنمۇ ئاز بولغان. گەرچە بۇ تەشۋىقاتلاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكىگە ئوخشاش شوئار توۋلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭغا ،ئۇ بۇنىڭغا قىلغان مۇنداق تەشۋىقاتنىڭ ئاشۇ شوئارلاردىن ماھىيەت جەھەتتە بىرەر پەرقى بارمۇ؟؟

تارىختىن بۇيانقى سان-ساناقسىز ئىنقىلابلار گەرچە گەپ-سۆزسىز ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئىككى قول ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى گەپ ئىنقىلابى پەقەت ئېغىز ئارقىلىقلا ئېلىپ بېرىلماقتا. ئىككى قول بىلەن ئېغىزنىڭ بەدەندىكى ئورنى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى گەپ ئىنقىلابىنىڭ دەرىجىسىنى تارىختىن بۇيانقى ئىككى قول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابلارنىڭكىدىن يۇقىرى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئېغىزنىڭ ئورنى ئادەتتە ئىككى قولنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ ئەمەسمۇ! شۇڭلاشقا، بۈگۈنكى جەمئىيەتتىمۇ ئىككى قولنى ئىشلەتكۈچىلەردىن ئاغزىنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئورنى ئالاھىدە يۇقىرى بولماقتا.

ئەپسۇسكى، ئېغىزنى قانچە كۆپ ئىشلەتكەنسېرى شۇنچە تېز قۇرۇپ ،لەۋلەر سۇغا تەشنا بولىدۇ. يەنە مىڭلاپ ئەپسۇسكى، ئىككى قولنىڭ ياردىمى بولمىسا ئېغىز ئۆز تەشنالىقىنى ئۆزى قاندۇرالمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، گەپ ئىنقىلابى ماھىيەتتە قۇپقۇرۇق ئىنقىلاب بولۇپ، گەرچە ئېغىزدىكى گەپلەر بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان قىلىنىپ، كۈندە يەتمىش خىل يەڭگۈشلىنىپ تۇرۇلسىمۇ ،لېكىن ئەمەلىيەتتە رىۋايەتلەردىكى چۆچەكلەردە تىلغا ئېلىنغان: «مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ، قىردىن ئاشالماپتۇ» دېگەندىن باشقا نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ ،خالاس.

2003-يىل 10-ئۆكتەبىر، مەكىت (M1)



# ئابدۇقادىر جالالىددىن ۋە پەلسەپە قەھەتچىلىكى

## ـ ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ هاياتى ۋە ئىجادىيىتى توغرىسىدا

سۇلايمان قەييۇم

ئىنسان پىكىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالىي ماقامىنى يارىتىدۇ ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدۇ.
ـ ئابدۇقادىر جالالىددىن

هېكايەت قىلىنىشىچە، ئورماندا ناهايىتى كۆپ هايۋانلار ئۆم ياشايدىكەن. مۇشۇ هايۋانلار ئارىسىدا بىر ئوغرى ئېيىق بار ئىكەن. ئۇ، ئاخشاملىرى توخۇ-توشقانلارنى تۇتۇپ يەۋالىدىكەن. بىر كېچىسى ئۇ ئوغرىلىق ئۈچۈن ئۇقۇشماستىن بىر بوياقچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاپتۇ. ئېيىق ئىدىشلارغا قاچىلانغان بوياقلارنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈپ، ئۆيلەرنى مالىمان قىپتۇ. ئەتىسى قارىغۇدەك بولسا، تۈكلىرى رەڭمۇ رەڭ جۇلالاپ تۇرۇمىش. شۇنىڭ بىلەن ئېيىقنىڭ كۆڭلىگە بىر جىن كېچىپتۇ. ئۇ، هايۋانلارنى بىر كولدۇرلاتماق بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنى «تاۋۇس ئەللەيىن» دەپ ئاتاپ، ئۇدۇل يولۋاس شاهىنىڭ هوزۇرىغا بېرىپتۇ. شاھ قارىسا، ئالامەت بىر مەخلۇق كېلىۋاتقۇدەك. يولۋاس شاھ دەرهال تەختىنى بىكارلاپ بېرىپتۇ. «تاۋۇس ئەللەيىن» ئۆزىنىڭ «جاهاندا هېچقانداق مەخلۇققا ئوخشىمايدىغان» لىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، جىمى هايۋانلارنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا ئەمىر قىپتۇ. يولۋاس قاتارلىق كاتتىلارمۇ: «راست شۇنداق بولسا كېرەك، ئەلهۆكمىلىللا» دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرغان دەقىقىدە توساتتىن يامغۇر شارقىراپ يېغىپتۇ. «تاۋۇس ئەللەيىن» نىڭ ئۈستىۋېشىدىكى بوياقلار يۇيۇلۇپ، ئەسلى قىياپىتى خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارا بوپتۇ، هايۋانلار قارىغۇدەك بولسا، «تاۋۇس ئەللەيىن» ئەسلى هېلىقى ئوغرى ئېيىق ئىكەن.

ساۋاتىمنى چىقىرىپلا پايانسىز قويىنىغا غەرق بولغان ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى دۇنياسىدىكى «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن بۇ چۆچەك هېلىغىچە يادىمدىن چىقمايدۇ. سەۋەبىلىكىمدە چۆچەكلەر تولىمۇ قىزىق تۇيۇلاتتى. هالا بۈگۈن ئاشۇ چۆچەكلەرنى قايتا ئويلاپ كۆرسەم، ئۇنىڭ تەكتىگە يوشۇرۇنغان تىرەن هېكمەتلەر مەنىۋىيەتتە قۇرۇپ قاغجىراۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن شەربەت بۇلاق ئىكەن.

زىيالىيلار ئاجايىپ بىر توپ. ئاشۇ توپنىڭ ئارىسىدا «تاۋۇس ئەللەيىن» دەكلەر خېيمۇ كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىپايە كۆلكە، شېرىن سۆز، دىپلوم، ئۇنۋان دېگەن بوياقلارنى هېلىقىدەك يامغۇرمۇ

## ئىخلاسمەنلەر كۆڭلى

يۇيۇۋېتەلمەيدىغان بولدى . بۇنداق ۋىلىداپ تۇرغان بوياقلار ئابايامقى يولۋاس پادىشاھتەك كاتتىلارنىڭ كۆزىنىمۇ ئالىچەكمەن قىلىۋەتكەن يەردە ،ئاددىي ئاۋام «ئەلھۆكمىلىللا »دېمەي تۇرالىسۇنمۇ ؟ ھەيھات ! ئەتراپقا قارىسىڭىز بىلىمدانلار مىغىلداپ تۇرىدۇ ، ھەقىقىي بىلىملىكلەر تولىمۇ ئاز . ھەممىلا ئادەم قوۋزىنى كۆپتۈرۈپ ،بار ئاۋازى بىلەن توۋلاۋاتقان .

جاھان ھەرقانچە يوزسىز بولسىمۇ ، راست گەپنى تىڭشايدىغان قۇلاقلار ھامان بولىدۇ . «تاۋۇس ئەللەيىن »لەرنى ئۆز قوينىغا يوشۇرغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىسەرەمجان توپى ئارىسىدا ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ تىنىپ قالغان كۆزىنى تىنىمسىز كوچىلاپ ،ھالال ئەقىدىسى ۋە پاكىز ۋىجدانى بىلەن ئەدەبىيات ھەم مائارىپتىن ئىبارەت ھەر ئىككىلا مۇنبەردە ئۆزىگە لايىق ئەمگەك قىلىۋاتقان بىر ئادەم بار . ئۇ دەل بىز تەلقىن قىلماقچى بولغان ئابدۇقادىر جالالىددىن .

ئۆلۈكلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات ئەۋج ئالغان ، ئۆلۈكلەر كېيىنكە ئۇيۇپ قالغان تارىخنىڭ جۇلاسىنى ئاقتۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تىرىكلەر ئۈستىدە توختىلىش ئېھتىمۇ زۆرۈر بولسا كېرەك .

دەسلەپىدە ئابدۇقادىر جالالىددىن دېگەن ئىسىم يېڭىچە ، تاتلىق شېئىرلىرى بىلەن ئۆزىگە تارتقان بولسا ، كېيىنچە ئاچچىق كىنايىلىك تەسۋىرلەر ، تولىمۇ جايىغا چۈشكەن مەسخىرىلىك ئوخشىتىشلار ۋە تىرەن ، يېڭى پىكىرلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان پوبلىستىك ماقالىلىرى ئاز-تولا كاللا ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن مۇخلىسلارنى جەلپ قىلدى .

مانا ئەمدى بىز كۆپرەك مۇلاھىزە ئىچىدە ياشايدىغان پەيلاسوپ ئابدۇقادىر جالالىددىننى كۆرۈۋاتىمىز . ئۇنىڭ جاڭگاللىرىدا تۇپتۇز كەتكەن تاناپتەك يوللار يوق . سىز ئۇيەردە كاللا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالىسىز .يۆگىمەچ چاتقاللار سىزنى توراپ تۇرىدۇ . ئەمما سىز توختاۋسىز ماڭغۇۋەرسىڭىز ھاياتنىڭ باشقىچە مەنىسىنى ئۆزىڭىزچىلا ھېس قىلىپ يېتىسىز .

شۇ ئەمەسمۇ ، جاڭگال دېگەندە تۇپتۇز يول بولسا ، ئۇنى جاڭگال دېگىلى بولاتتىمۇ ؟ كاللا ئىشلىتىش بىلەن جاڭگالدا شىكار قىلىش دېگۈدەك ئوخشاپ كېتىدۇ . ھەر ئىككىسىدىلا ئادەم تاۋلىنىدۇ .

ئابدۇقادىر جالالىددىن بىزگە نورمال بىلىنىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ كەينىدىكى بىنورماللىقلارنى ئۆزى ئېيتىۋاتقان «ئۈچىنچى كۆزى »بىلەن كۆرۈۋالىدۇ . ئۇنىڭ ئۇچىقىدا فارابىي ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ،نەۋائىيلارنىڭ خاسىيەتلىك چوغى سۇس يېلىنجاپ تۇرىدۇ .

پەلسەپە توغرىسىدا پاراڭ بولۇنسىلا بىزدىكى بىلەرمەن «تاۋۇس ئەللەيىن »لەر ماركس ،نېتزىي ، فىروئىد ، شوپىنخاۋېر دەپلا چۇشىدۇ . ماركس يازغان «كاپىتال »دىن بىر ۋاراق ئوقۇپ باقماي ، ماركسىزمچى بولۇۋالغانلار كۆرمىنىڭ . بىزدە شەپكىلىك زىيالىيلار بىلەن سەللىلىك زىيالىيلار تاھازىرغىچە بىر-بىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىنكار قىلىشىدۇ . زىيالىيلار ئارىسىدىكى بۇنداق كۆرۈنمەس «بېرلىن تاملىرى »ھېلىھەم نۇرغۇن ھەسرەتلەرگە سەۋەب بولماقتا .

شەپكىلىك زىيالىيلارنىڭ كاللىسىدا ماركس ، ئېنگلسنىڭ تەلىملىرى لىق تولغان . سەللىلىك زىيالىيلاردىكى تەپەككۇر مەجرۇھلۇقى ئېھتىمۇ قورقۇنچلۇق . ئۇلارنىڭ پىكرى «قۇرئان كەرىم » ۋە «ھەدىس شەرىف »نىڭ سىرتىغا ھەرگىز شاخلىمايدۇ . بۇ خىل ھادىسە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى خېلى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال . بۇ ھەقتە ھازىر ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان پاكىستانلىق مەشھۇر ئىسلامشۇناس ئەكبەر ئەھمەد « مۇسۇلمانلار نېمىشقا ئارقىدا قالدى ؟ »دېگەن ماقالىسىدا : «مەن پاكىستاندىكى بەزى دىنىي ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم . پاراڭ داۋامىدا شۇنى بايقىدىمكى ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سىرتقى دۇنيا مەۋجۇد ئەمەس . كارل ماركس ياكى ماكس ۋېبىر ( Max Webir )نىڭ ئەسەرلىرى ئۇلارغا نامەلۇم »[①] دەپ يازىدۇ . ناۋادا ئەكبەر ئەھمەد بىزنىڭ بۇياقلارغا ئۆتكەن بولسا ، قانداق قاراشلارغا كېلەر بولغىيتتى ؟

زىيالىيلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆزگىچە بىر خىل ئىجتىمائىي قاتلامنى ھاسىل قىلغان .ئۇلارنىڭ تارىخىمىزدىكى ۋە بۈگۈنكى رولى توغرىسىدا دوكتورلۇق ماقالىسى يېزىشمۇ ئەلۋەتتە مۇمكىن ھەم بۇ بىر ئەھمىيەتلىك مەسىلە .

ئابدۇقادىر جالالىددىن نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە زىيالىيلار توغرىسىدا توختىلىپ ، ئۇلاردىكى يامان سۈپەتلىك زامان جاراھەتلىرىنى سوغۇققان قىياپەتتە كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . ئۇ شۇنداق يازىدۇ : «زىيالىيلىرىمىز لوپا ئەينەك بىلەن ئۆتمۈشتىكى بەخت - سائادەتنىڭ ئۇۋاقلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان ،ئالدىدىكى ئۈستەل چىرىغى چۈشۈن پوقى بىلەن بويىلىپ كەتسىمۇ كۆرمەيدىغان ھالەتتە بۈگۈنگە نىسبەتەن قىلچە مەسئۇلىيەتسىز ساددا ئىپتىخار ، كەلگۈسىگە نىسبەتەن مېھنەتسىز ئۈمىد بىلەن ياشىماقتا . » (قاراڭ : «تېلېۋىزور ۋە پىكىر قىلىش كېسىلى » ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى 1996-يىل 5-سان ؛ «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى » ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2000-يىل ئۆكتەبىر نەشرى ،141-بەت ) .

زىيالىي بىر مىللەتكە نىسبەتەن تەرەققىياتنىڭ ماتورى . ئەمما ھازىر بۇ ماتورلار تازا ئوبدان ئىشلىمەيدىغان بولۇۋالدى . ماتورغا قۇيۇلىدىغان يېقىلغۇ مايدا مەسىلە بولمىغاندا ، چوقۇم زاپچاسنىڭ كاشىلىسى بولىدۇ . زىيالىي ئەسلىدە بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسىدىكى كاشىلىلارنى ئوڭلىشى لازىم ئىدى . ئەمما ماتوردىنمۇ چاتاق چىقىپ ، رېمونتقا

① «مىراس » ژۇرنىلى 2002-يىل 6-سان ،26-بەت .

مۇھتاج بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇرلاردا دېھقان بىلەن زىيالىي بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئەتراپقا تازا ئوبدان قارىۋېتىپ سىپايىراق تەلەپپۇزدا، سىلىق، كىتابىي سۆزلەرنى قىلىشىدىن ئۇنى زىيالىيكەن دەپ تونۇۋالىسىز. يا ئاچچىقىنى، يا تاتلىقىنى ئۇققىلى بولمايدىغان، سىپايىلىق بىلەن مۇلايىم ھېجىيىپ قاراپ تۇرىدىغان، راست گېپى بىلەن يالغان گېپىنىڭ تازا چېگرىسى يوق ئېھتىياتچان بۇ تائىپىنىڭ «مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنى دۇنياۋى ئېقىمغا ئەكىرىدىغان بىر تۈركۈم ماسلىشىشچان مېخانىزملىق قۇرۇلمىسى بارلىققا كەلمىدى.» (قاراڭ: «تېلېۋىزور ۋە پىكىر قىلىش كېسەلى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996-يىل 5-سان؛ «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل ئۆكتەبىر نەشرى، 142-بەت).

بۇ يەردە مىللەت ئىدېئولوگىيىسى دېگەن بىر ئۇقۇم ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ دەل بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى قارىشى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. زىيالىيلار ئۆزىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلالمايۋاتقاندا، مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنى ئويلىشى يوق گەپ. ئەمما بۇ يولدا ئۈن-تىنسىز تەر تۆكۈۋاتقان ۋىجدان ساھىبلىرىنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. زىيالىي بىر مىللەت ئىدېئولوگىيىسىدە خۇددى تۈزدەك مۇھىم.

ئۇ، زىيالىيلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، مۇنداق يازىدۇ: «زىيالىيلىرىمىز ھاياتى كۈچكە ئىگە بىلىمدىن خەۋەرسىز قېلىش بىلەن بىرگە، بىر-بىرىنى چۈشىنىش، بىر-بىرىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە مىللەتنىڭ ئاقىل پىرامىداسىنى تەشكىللەيدىغان ھەمجەھەتلىك ھەم تولۇقلىما خاراكتېرلىك قۇرۇلما مەۋجۇد ئەمەس. بىز ھازىرغىچە تۆت زىيالىينىڭ بىر مەۋقەدە پىكىر قىلغىنىنى كۆرمىدۇق. دەرۋەقە، ئادەملەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە قىممەت قارىشى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بىراق زىيالىي ئىنتايىن ئاز بىزدەك خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا پىكىر ۋە بىلىم كۆپ خىللىقى ئەقىدە ۋە مەۋقە بىرلىكى ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغان بولۇشى كېرەكتى.» (قاراڭ: «مەدەنىيەتتە مۇنازىرە روھى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000-يىل 1-سان؛ «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل ئۆكتەبىر نەشرى، 275-بەت). ئەقىدىسىدىن ئايرىلىپ ئىلمىنىڭ مالىيى بوپقالغان زىيالىيلار ئەبجەش ئىدېئولوگىيىنىڭ پاراۋوزىغا مەھكەم چېتىلغان ۋاگونلاردىن ئىبارەت.

ئەقىدىسىگە مەھكەم يېپىشىپ ئىلمىنى تەرك ئەتكەنلەر بولسا، ئاختامىلىقنىڭ① چالمىسىغا ئوخشايدۇ. چالما بىلەن ئۆيىنى ئۆرە قىلغىلى بولمايدىغۇ؟! دېمەك توغرا ئەقىدىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بىلىم زىيالىيلارنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى بولۇشى كېرەك.

زىيالىي ئاسان ئاچچىقلانمايدۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتىدۇ، ئاخىرىدا ئاچچىقلىنىشىنى پاك-پاكىز ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇ ئاچچىق ھەسرەتلەر بەزىلىرىمىزنىڭ يۈرەك ۋە ئۆپكىسىگە يىغىلىپ، ۋەسىيەتكىمۇ پۇرسەت بەرمەي ئۇدۇل باقىيغا سۆرەيدۇ.

بىزدىكى زىيالىيلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك چوڭ شەھەرلەرگە توپلانغان. شەھەردىكى ئارىلاشما رېئاكسىيە زىيالىيلار ۋۇجۇدىدىكى نۇرغۇن تەبىئىي، پاكىز خىسلەتلەرنى چىرىتىپ تاشلايدۇ. دەل مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، پاكىستان تېلېۋىزىيە فىلىمى «مىراسخور»دىكى ئەزىمەتخاننىڭ «سېنى شەھەر يەپ كېتىپتۇ، ياقۇپ! 16 يېشىڭدا ئادەم ئۆلتۈرگەنىدىڭ-غۇ» دېگەن سۆزلىرى يادىمغا يەتتى. ئەزىمەتخاننىڭ پەلسەپىسى ئاپئاشكارا زومىگەرلىك پەلسەپىسى. بىراق ئەزىمەتخان ئوبرازىدىن ھەقىقىي ئەركەك تەبىئەتنىڭ نۇرى بالقىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا بۇ ئوبراز بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بولۇپ، ئادەمگە تەبىئىي تۇيۇلىدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن دەرس مۇنبىرىدە ياخشى ئۇستاز، شېئىر يېزىشقا تۇتۇنغاندا شائىر، مۇلاھىزە دۇنياسىغا غەرق بولغاندا پەيلاسوپ سۈرىتىدە زاھىر بولىدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ دەرسىنى ئاڭلىغانلار ياكى ماقالىسىنى ئوقۇغانلارغا شۇنەرسە ئايان: ئابدۇقادىر جالالىدىن تەكرار ئوقۇلۇپ، چاينىلىپ بولغان تەييار نەزەرىيىنى سىزگە تومتاقلا دەپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن سىزدە ئاز-تولا ئىجادىي پىكرىي تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

ئابدۇقادىر جالالىدىن دەرسخانىسى «مەدرىسە مائارىپى» (ئا.جالالىدىن سۆزى)نىڭ ئىللەتلىرىدىن خېلىلا خالىي. ئۇنىڭ لېكسىيىلىرىدىن كلاسسىكلارنىڭ تونۇش ئاۋازى سىز تارتىۋاتقان رىيازەتلەرگە سىز ئويلاپمۇ باقمىغان نۇقتىلاردىن جاۋاپ بېرىدۇ. گاھىدا فارابىي، نەۋائىي، مەمتىلى ئەپەندى ھەتتا روزى سايىتلار بىرگە تەلقىن قىلىشىدۇ. بۇ مۇنازىرىلەرگە نېتزىي، ياسپىرس، فىروئىدلارمۇ ئىشتىراك قىلىشىدۇ. ئۇ لېكسىيە سۆزلىگەندە مۇلاھىزىگە كېرەك بولىدىغان پىكرىي خورۇچلارنى ئۆزى ئوقۇغان ئەڭ ياخشى، ئەڭ يېڭى كىتابلاردىن ئىلغىۋېلىپ، سىزنىڭ ھەزىمىڭىزگە قالدۇرىدۇ.

ئۇ ئەسلىدە ئەدەبىيات ئوقۇغان ھەم ئەدەبىيات دەرسى بېرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەدەبىياتنى تۇتاشتۇرۇشقا بولىدىغان ھەممە كەڭلىكلەرگە سوزۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىۋى پوستىنى چېقىۋەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ لېكسىيىسى گاھىدا

① سوغۇرۇلمىغان، داڭگاللىق ئېتىز.

پەلسەپىگە چېتىلسا، گاھىدا مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ تەگسىز بوشلۇقلىرىغا يېيىلىدۇ. سىز ئۇيەردە سەير قىلىۋاتقىنىڭىزدا ،ئارخېئولوگىيە ۋادىسىدىكى قۇرۇپ قالغان سۆڭەكلەرنىڭ سۆزلەشمىلىرىنى ئاڭلايسىز. بەزىدە بۇ لېكسىيىلەر سىزنى تىلشۇناسلىق ۋە ئېستېتىكىدىكى پايانسىز جىلغىلارغا تارتىپ كېتىدۇ.

دەرس دېگەن شۇنداق ئۆتۈلسىمۇ بولۇۋېرىدىغان گەپقۇ. ئۇنى قەتئىي مۇنداق بولىدۇ، دەپ ھېچكىم بىرنېمە دېمىگەن. ئوقۇغۇچى دېگەن ھەلەپ يەپ قورسىقى تويسىلا بولۇدىغان كالا بولمىغاندىكىن، داتلىشىپ قالغان كاللىلارنى چوقۇم زىددىيەتلىك، چوڭقۇر قاتلاملىق، يېڭى پىكىرلەر بىلەن غىدىقلاش ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك. ئەمما ھازىرقىلارنىڭ مېڭىسىگە قارىغاندا، ئاشقازىنىنىڭ غىدىقىنى سېزىش ئىقتىدارى خېلىلا كۈچلۈك.

ئۇنىڭ دەرسخانىسىدا پىكىرلەر ئۆزگىچە چاقناپ تۇرىدۇ. سىز ئۇيەردە پاراسەتنىڭ سۈزۈك شولىسىنىڭ جىلۋىلىنىپ تۇرغانلىقىنى ھەرقاچان سېزىپ تۇرىسىز. ئۇ، «مائارىپ شۇنداق بىر جەريان» دېگەن ماقالىسىدا: «پېداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيىنىڭ تەبىرلىرى بىلەن يېتەرلىك قوراللانغان ئوقۇتقۇچى مەزكۇر قورالنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىچىدە تۇرۇدىكەن، مەنىۋىيىتى ئۆلگەن پۇچەك ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنى مائارىپ ئەمەس، جىنايەت بولۇپ چىقىدۇ.» (قاراڭ: «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى» ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل ئۆكتەبىر نەشرى ،198-بەت )دەپ ئۇيغۇر مائارىپىدا كېلىپ چىقىۋاتقان كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈشلەرنىڭ يىلتىزىنى تاپماق بولىدۇ.

ئۇ، مائارىپ دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئەسلىدىكى مۇقەددەس مەنىسىنى شەرھلەپ كېلىپ: «ئويلىنىش ئىجادىيەت ئەھلىنىڭ خىسلىتى ،ئويلاندۇرۇش ئۇستازلىق روھىنىڭ بەرق ئۇرۇشى.» (قاراڭ: «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى» ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل ئۆكتەبىر نەشرى ،198-بەت ) دەپ يازىدۇ.

دەرىخا، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مۇنبىرى شۇتاپتا پروگراممىلىق باشقۇرۇلىدىغان ماشىنا ئادەملەرگە بەك ئوخشايدىغان بىرتالاي «ئۇستاز»لار بىلەن لىق تولغانكى، گويا ئۇ يەردە ھەممىلا نەرسە بىردەكلىككە ئىگە، يۈكسەك دەرىجىدە قېلىپلاشقان. ھەيران قالىسىز. دەرس تەييارلاشتىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈشى، ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋاب بېرىشىگىچە قېلىپلاشقان.

بۇ جەھەتتىكى يۇمۇرلۇق كۆرۈنۈشتىن پەقەت بىرىنىلا قىستۇراي: خوتەننىڭ ئەڭ خىلۋەت جايىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئەدەبىيات دەرس تەييارلىقى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى 19-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرەر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ لېكسىيە خاتىرىسى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر مائارىپىدا مەركىزىي ھالقا ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى شۇنچىلىك بىچارە ھەم قاتمال شەكىلگە قاپسىلىپ قالغان. قاراڭ: «ئاپتور تەرجىمھالى ،مەركىزىي ئىدىيىسى، بەدىئىيلىكى»دىن ئىبارەت ئۈچلا لېنىيىگە مەھكەم چېتىلغان (ئوقۇتقۇچى بىچارىلەرنىڭ دەرسلىك كىتابتىن خاتىرىگە خەت كۆچۈرۈشتىكى تەكرار ئايلىنىپ تۇرۇدىغان، قىلچىلىك ئىجادچانلىق بولمىغان تۈگىمەس قەلەم ھاشىرىنى دەپ كەلسەم، ماقالە بەكلا ئۇزىراپ كېتىدۇ).

ئادەمنىڭ قېلىپى بارمۇ؟ ئىنساننىڭ ماددىي تۈزۈلۈشى قانداقلا بولمىسۇن ئوخشاش. ئەمما ھەر بىر ئىنساندىكى روھىيەت بەجايىكى پايانى يوق بىر دېڭىز. دېمەك روھىيەت قېلىپى بولمىغانىكەن، ئادەمشۇناسلىق بولغان مائارىپ نېمىشقا شۇنچىۋالا قېلىپقا مىخلىنىپ قالىدۇ؟ سىز ساپا مائارىپىغا كۆچمەكچى، شۇنداققۇ؟ ھەممە ئادەمنى ساپالىق بولسۇن، دەپ ئويلايسىز. ئادەمنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى ،ئىجادىيەت كۈچى، چەكسىز يوشۇرۇن ئىقتىدارى ۋە ئەركىنلىك تۇيغۇسىنى تۇنجۇقتۇرۇدىغان مائارىپ بىردىنلا «ساپا مائارىپى» ياكى باشقا بىرنېمە مائارىپى بولۇپ ئۆزگەرسۇن، ئادەمنى ھەقىقىي ساپالىق قىلىۋېتىدۇ ،دەپ ئۈمىد باغلاپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپتە ئىشلەپ ،دىيارىمىزنىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدىن كەلگەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ئەسرارلىشىش داۋامىدا، مائارىپىمىزنىڭ جاراھەتلىرىدىن ساقىۋاتقان زەرداپلارنىڭ داۋاسىنى خېلىلا چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى.

2001-يىلى نويابىردا شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق لېكسىيىسىدە: «نان ئىنقىلابى بىلەن تولغان بۇ جەمئىيەتتە چوقۇم تىل ئۆگىنىش كېرەك. بۇ، مائارىپىمىزنىڭ نىجاتلىق يولى بولۇشى مۇمكىن. شىنجاڭ مەكتەپلىرىدىكى دەرس تەرەققىياتقا ۋەكىللىك قىلمايدۇ، مەكتەپلەرمۇ ھەم تەرەققىياتقا ماسلاشمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مائارىپ‹ قانداق قىلىپ ئىنسانلارغا ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك مۇھىت يارىتىشى كېرەك؟› دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن پەن ۋە ئەخلاق تەڭ تەرەققىي قىلىشى كېرەك. ئەخلاق كرىزىسى مائارىپتا گەۋدىلىك. مەكتەپ ئەخلاق كرىزىسىنى ھەل قىلالمايدۇ. چۈنكى مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئەخلاق كرىزىسىگە پاتتى» دەيدۇ تولىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

ئۇ، «مائارىپ شۇنداق بىر جەريان»، «مىللىي مائارىپىمىزدىكى سۈپەت تەشۋىشى» (قاراڭ: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998-يىل 5-، 6 (قوشما)سان)، «مائارىپىمىزدا بىلىم كرىزىسى»،

«مەدەنىيەتتە مۇنازىرە روھى» (قاراڭ : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000-يىل 1-سان) ، «مۇھىتمۇ بىر خىل مەكتەپ» (قاراڭ : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995-يىل 3-سان) ، «ئاۋام روھىدىكى قىرغاقلار ۋە كۆۋرۈك» ، «تېلېۋىزور ۋە پىكىر قىلىش كېسىلى» (قاراڭ : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996-يىل 5-سان) ، «سەپەر ۋە ھاسىلات» (قاراڭ : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995-يىل 5، 6 (قوشما) سان) ، «ئۇنۋان : قاچا بىلەن داشقازان مۇناسىۋىتى» (قاراڭ : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997-يىل 4-سان) »① قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېسىل ماقالىلىرىدا مائارىپىمىزنىڭ يەلكىسىدىن يىلسبېرى بېسىپ ، دۈمچەك قىلىپ قويۇۋاتقان يوغان بوپىلارغا ، مائارىپىمىزنىڭ پۇتلىرىنى چۇشەپ ، يوغان دەسسەپ چامدىغىلى قويمايۋاتقان چۇشەكىلەرگە سىياسىي ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ، جەمئىيەت ، مەدەنىيەت ، پسىخىكا ، تارىخ ، جۇغراپىيىۋى تۈزۈلمە قاتارلىق كۆپ قۇتۇپلارنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ پەلسەپىۋى تەھلىل يۈرگۈزىدۇ .

يۇمۇر ، ئاچچىق كىنايە ، ئوبرازلىق ھېكايەتلەر ۋە پاساھەتلىك ئوخشىتىشلار بىلەن يورۇتۇلغان يېڭى پىكىرلەرنى ۋە ئىجادىي خىياللارنىڭ يىپ ئۇچىنى كۆرگىنىمىزدە ئاپتورنىڭ جەمئىيەتنى كۆزىتىشتىكى ۋە پىكىرنى ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچە ماھارىتىگە ئىختىيارسىز تەھسىن ئوقۇيمىز .

رىم مۇتەپەككۇرى سېنېكانىڭ : «ئۆگىنىش مەكتەپتە ئەمەس ، بەلكى ھاياتتا»② دېگەن سۆزىنى نەقىل ئالىدۇ ئۇ كىتابىدا .

ئۇ ھېچ بولمىغاندا ئۆزىگە تەۋە بولغان دەرس مۇنبىرىنى چېركاۋدىكى پوپلار مۇقەددەس ۋەز-تەلىملەرنى تەبلىغ قىلغاندەك چاكىنا ئورۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويمىدى . سىز ماشىنا ئەمەس ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئولتۇرغىنى ھەرگىز كومپيۇتېر ئەمەس . مۇشۇ جەھەتتە ئالغاندا ، ئۇ «مائارىپ» دېگەن ئۇقۇمغا سىڭگەن مەنىلەرنى ياخشى چۈشەنگەن .

دەل شۇنداق ئىكەن ، سىز ئۇنىڭ دەرسخانىسىدا بۇرۇنقى تەپەككۇر ئادىتىڭىزنى تاشلاشقا ، ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىسىز . سىز ئۇيەردە مەسىلىلەرگە ئۆز خاسلىقىڭىز بويىچە ئىجادىي جاۋاب بەرمىسىڭىز بولمايدۇ . شۇنداق قىلىپ ، سىزدىكى پىكىر يوللىرى تەدرىجىي راۋانلىششقا باشلايدۇ ، سىز مەسىلىلەرنىڭ قارشىسىدىن ، كەسمە نۇقتىسىدىن كۆزىتىدىغان بولىسىز .

قارىغۇدەك بولساق ، شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە «ئىمتىھان مائارىپى» دىن «ساپا مائارىپى» غا ئۆتۈش شوئارى دەسلەپتە بوشراق ، ئەمدىلىكتە چىڭقىلىپراق توۋلىنىۋاتىدۇ . شۇنىڭغا قارىغاندا ، ئەمدى راستىنلا ساپالىق ئادەملەردىن بوپقالساق ئەجەب ئەمەس .

بىز ھەرھالدا ئىجادچان خەقكەنمىز : باشقىلار كومپيۇتېر ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياسىسا ، بىز ئەتىدىن كەچكىچە ئۇقۇم ۋە شوئار ياسايمىز . قاراڭ ! بۇ يەردە ئەمدى «ساپا مائارىپى» دېگەن بىر ئۇقۇم تۆرەلدى . تۇرۇپلا ئويلىدىم : «مائارىپ ئادەمنىڭ ساپاسىنى ئۇستۇرمىسە ، ئۇنى يەنە نېمە دېيىش كېرەك ؟» بۇ يەردىكى «ساپا» دېگەن سۆز «مائارىپ» نى بىھۇدە ئېنىقلاپ ، گويا «گەپ قىلىدىغان ئادەم» ، «يېگىلى بولىدىغان نان» دېگەندەك كۈلكىلىك ئۇقۇم شەكىللەنگەن . شۇڭا بىز ئۇقۇم ئويۇنى ئوينىماي ئۇنى يەنىلا مائارىپ دەپ ئاتاۋەرسەك بولىدۇ . ئېسىمىزدە شۇ نەرسە بولۇشى كېرەككى ، ساپا مەيلى نېمىگىلا قارىتىلسۇن ئەبەدىلئەبەد مائارىپنىڭ يادروسى .

ئادەمنى خۇمداندا خىش پىشۇرغاندەك ئۆلچەملىك قۇيغىلى بولمىغىنىكەن ، ئادەمشۇناسلىق بولغان مائارىپتىمۇ بىرلىككە كەلگەن قېلىپلار بولمايدۇ . ناۋادا جاھىللىق قىلىپ قېلىپقا سالىمەن دېسىڭىز ، سىزنىڭ يېتىشتۈرگىنىڭىز ھەرگىز ئادەم ئەمەس ، قىزىرىپ پىشقان خىش بولىدۇ .

جۇڭگودىكى نامدار مائارىپشۇناسلار ، مۇتەپەككۇرلار بىز تەلقىن قىلىۋاتقان نۇقتىلارنى ئاللىقاچان ئىسلاھ قىلىشقا باشلىدى . دەرىخا ! بىز ئەمدى تېخى بۇ ئۇقۇمنى ياساپ پۈتتۈردۇق . بۇ ئۇقۇمنىڭ پوستىنى يېرىپ يادروسىغا قاچانلاردا يېتىپ بارىمىزكىنتاڭ ؟ !

ھەسرىتا ! ئۆزۈمنى قانچىلىك تۇتۇۋالاي دېسەممۇ يۈرىكىم ھامان كۆرۈنمەس ئامبۇردا قىسىلىپ تۇرىدۇ دېسە !

بىزدىكى قىزىققان بەزى زىيالىيلار ھەدېسىلا ئۇيغۇر مائارىپى بىلەن ئامېرىكا ، ياۋروپا مائارىپىنى سېلىشتۇرىدۇ . سېلىشتۇرۇش ئەلۋەتتە ئوبدان ئىش ، لېكىن سىزدە سېلىشتۇرۇشتىكى ئۆلچەم بولۇشى كېرەك .

دۇنيانىڭ دىققىتىنى تىنىمسىز پاراكەندە قىلىۋاتقان ، تالايلارنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىدىغان ئاشۇ جەلپكار دۆلەتنىڭ مۇنداق بىر مائارىپ ئىدىيىسى بار : « خاراۋاردنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى دۇنيادىكى ھەرقانداق نوپۇزلۇق قاراشتىن گۇمانلىنىشقا ھەم ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىش .»③ سىز بۇ قۇرلارنى ياخشىراق تەھلىل قىلىپ باقسىڭىز ، ئامېرىكا مائارىپىنىڭ سۈر-ھەيۋىسىدىكى مەخپىيەتلىكنى ھەم ئۇيغۇر مائارىپىدىكى شەلۋەرەپ تۇرغان جاراھەتنىڭ مەنبەسىنى ئاز-تولا چۈشىنىۋالىسىز .

سىز ئاۋۋال شۇلار باسقان سىياسىي ، ئىقتىسادىي دېموكراتىيە سەپەرلىرىنى بېسىپ ، مەدەنىيىتىڭىزنىڭ ئۇلىنى پىششىقلاڭ . ئاۋۋال ئۆزىڭىزگە راۋۇرۇس ئوخشاڭ ، ئاندىن خەققە

---

① «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل ئۆكتەبىر نەشرى .
② يۇقىرىقى كىتاب .
③ مەتتىمىن ئەلا : «تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى .

سىلىشتۇرۇڭ. نەدىمۇ پاچاق قىچىشسا ئۆتۈكنىڭ سىرتىدىن قاشلايدىغان ئىش بولسۇن؟ باش ئاغرىقىغا رېماتىزمنىڭ دورىسى كار قىلىشى ناتايىن.

ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئۇ ئەدەبىياتنى ھەقىقىي تىرىك پەن سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئىزدىنىشىدىن ئېرىشكەنلىرىنى نەزەرىيە ئوقۇتۇشىغا كىرىشتۈرۈپ، دەرسلەردىكى «مەدرىسە پۇرىقى»نى ئىمكان بار چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىدۇ.

بىزدە نى-نى كىتابلارنى ئوقۇغان، بىر ئۆمۈر ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلەتمەي ئىچىدە سېسىتىۋېتىدىغان ئۆلىمالار ئاز ئەمەس. بىز بۇلارنى ئەلنىڭ تىلى بويىچە «كىتاب ئارتىلغان ئېشەك» دەپ قويىمىز. سىزنىڭ بىلگەنلىرىڭىز كاللىڭىزدىلا پىرقىراپ يۈرسە، سىرتقا ھېچقانداق نۇر چىقارمىسا، بۇ دەھشەتلىك پاجىئە.

ئابدۇقادىر جالالىددىن ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتنى توختاۋسىز كۆزىتىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ مېڭىۋاتقان ھالىتىمۇ ئويچان.

ئۇ ئوي-خىياللىرىنى بەزىدە شېئىر، بەزىدە نەسىر، بەزىدە ماقالە، بەزىدە لېكسىيە تەرىقىسىدە ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىزدە ئانچە-مۇنچە دىت بولسا، ئۇ چىقىرىۋاتقان نۇر بىلەن خىلۋىتىڭىزنى يورۇتالايسىز.

شۇڭا ئۇنىڭ دەرسلىرىنى ئوقۇغۇچىلىرى قىزىقىپ ئاڭلايدۇ. دېمەك دەرس دېگەننى سوتچىنىڭ ھۆكۈمىدەك ئەمەس، بىتخوۋېن مۇزىكىسىنى ئاڭلىغاندەك سەرخۇشلۇقتا تىڭشىسىڭىز ھەم تىڭشىغۇچىلارغا شۇنداق تۇيغۇ بېرەلىسىڭىز، ئۇ، روھىيىتىڭىزنىڭ بۇلۇڭلىرىغا قەدەر يېتىپ بارىدۇ. بۇنداق دەرستىن بىر كىم ئىمتىھان ئالمىسىمۇ، ئۇ سىزنىڭ خاتىرىڭىزدە مەھكەم ئورناپ قالىدۇ. پەقەت قۇلاق پەردىسىنى تەۋرىتىش رولىنىلا ئوينايدىغان لېكسىيەلەر دەرس مۇنبىرىمىزدە ساماندەك.

ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ مائارىپىمىز ھەققىدىكى كىنايىگە باي تەسۋىرلىرى چىرايى كۆنسېرى سارغىيىپ بېرىۋاتقان مائارىپنىڭ ھۆسنىگە ئاز-تولا يېڭى قان بەرسە ئەجەب ئەمەس.

ئابدۇقادىر جالالىددىن تالاي يىللىق تىرىشچانلىقلىرى بەدىلىگە ياپونىيەدە بىر يىلغا يېقىن ئىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇ، ياپونىيە تەسىراتلىرىنى «شۇقەدەر ئېغىر سۇنىڭ ئاۋازى» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ياپونىيە ئادەملىرى
قىمىرلىغان ئىنتىزام
ئەينەكتىكى زەررىچىلەردەك.
مۇھەببەت
ئاڭا نېپىز يالىتىلغان شاكىلات.
بىز ئۇيغۇرلار
تاسادىپىي يامغۇر،
ھەتتا قىشتىمۇ يېغىپ قويىمىز.
ھەممە پەسىل ھەممە ئىقلىمنى
بىرلا رەڭدە سىزىپ قويىمىز.
باشقىلارنى ئىشلەپ سۆيىمىز،
ئۆزىمىزنى چىشلەپ سۆيىمىز.
رازىمەن
قانسىراپ تۇرۇپ سۆيۈلۈشكە
قىيامەتتە ئۇيغۇر پېتىم كۆرۈنۈشكە.»①

ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك ئالدىراشچىلىقتا، زامانىۋى سانائەت دۇنياسىنىڭ سوغۇق، قۇرغاق قوينىغا غەرق بولغان ياپونىيە ئاپتوردا تەكلىماكان باغرىدا ياشاۋاتقان بۇ قەدىمكى مىللەتكە قارىتا باشقىچە تونۇش ۋە شەيدائىي مۇھەببەت ئويغاتتى. ياپونىيەدە گويا «مېھىر-مۇھەببەت نېپىز يالىتىلغان شاكىلات»قا ئوخشاپ قالغان. ئۇنى ئانچىكى شۈمۈپ قويسىڭىزلا تەمىدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. نامرات بولسىمۇ، مۇھەببەتنىڭ كۆلچەكلىرىنى قۇرۇتۇپ قويماي ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ياپونىيە تۇپرىقىدا تۇرۇپ باشقىدىن نەزەر سالىدۇ.

ياپونىيە تۇپرىقى شائىردا دەريا-دەريا ھاياجان قوزغىدى. بۇ ھاياجان ياپون دېڭىزىدەك كەڭ ھەم چوڭقۇر، تەكلىماكاندەك تىمتاس ئىدى. ئۇ، قىستاڭچىلىقتا تولغان ئاشۇ غېرىب ئارالدا تۇرۇپ ئۇيغۇرغا، ئۇيغۇر تىلىغا قايتىلاپ نەزىرىنى ئاغدۇردى. ھەممىلا نەرسە شۇ دەقىقىدە ئاجايىپ سۆيۈملۈك تۇيۇلدى. شۇچاغدا ئاپتور:

«ئەجەب سۆيۈملۈك بوپكەتتى شۇتاپ،
دۈڭكۈرۈكنىڭ ئاچچىق موخۇركىسى.
ئۆپكەمگە كەتسىمۇ،
قېنىپ-قېنىپ شورىۋالغۇم بار.»②

دەپ ئارزۇ قىلدى. مىللەتنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزىتەلىگەن ھەم سۆيەلىگەن ئادەم ئۈچۈن ئۇيغۇر بولۇپ تۇرۇلۇش ئەلۋەتتە مۇرۇۋۋەتلىك ئىش. ئۇ ھېچقاچان بىراۋلار ئېيتقاندەك سىزنى خىجالەتنىڭ پاتقاقلىرىغا پاتۇرمايدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك – ئاڭلىماققا ئاددىيلا بىر سۆز. ئۇنىڭ ئىچكى بايانىنى تىڭشىساڭ، بۇ سۆزدە ئۆز-ئۆزىگە سىغماي تاشقىنلاپ تۇرۇدىغان جەزبىدار مەنالار يېپىلىپ ياتىدۇ. ۋەتەن توغرىسىدا شائىر شۇنداق يازىدۇ:

«ۋەتەنگە ئىخلاستا باقساڭ ئېگىشىپ،
قەۋمىڭنىڭ يىلتىزى ياتار چىرمىشىپ.
چاقنايدۇ مازاردا فوسفور يالقۇنى،
كۆكتىكى يۇلتۇزلار بىلەن سىردىشىپ.
بۇيەردە بۇغرا ھەم ئوغۇز ياتىدۇ،
قوقاسقا ئايلانغان يۇلتۇز يانىدۇ.
. . . . . . . . . . . . . . .
ۋەتەن چۆچەك ئەمەس، سەجدىگاھىڭدۇر،

---

① «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2002-يىل 6-سان.
② يۇقىرىقى شېئىرغا قاراڭ.

ۋەيا ئەرمەك ئەمەس ،باشپاناھىڭدۇر .

. . . . . . . . . . . . . .

ۋەتەن ئىمان بىلەن بىر تەن ئەمەسمۇ ؟
ۋەتەن ئىمانسىزغا ماتەم ئەمەسمۇ ؟

- «ۋەتەن ۋە ئىمان»دىن[1]

بۇ مىسرالارنىڭ ئىچىگە كىرىپ باقسىڭىز ، شائىرنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئۆزگىچە يارقىن تەپەككۇرى بالقىپ تۇرىدۇ .

شائىر «شاراب تومۇرى» ، «كۆيگەن دېڭىز» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىدىكى لىرىك ، مىسرالىرى ئويناق ، چوڭقۇر تەپەككۇرنىڭ نۇرى جىلۋە قىلىپ تۇرغان ئۆزگىچە شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تىنىپ قالغان تۇرغۇنلۇقىنى قوچۇپ تاشلىدى . بىز پات پۇرسەتتە ئۇنىڭ شېئىرىيىتى ئۈستىدە يەنە ئايرىم توختىلىمىز .

ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىمۇ خېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك . ئۇ ، ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا باشقىلار ماڭغان كونا يوللارنى ، ئۆلۈك شەكىللەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمىدى . سىز ئۇنىڭ «تولستوي دۇنيا قارىشىنىڭ قاتىلى» ، «دونكىخوتنىڭ ئارخىپى» ، «مىلان كوندىرا : مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىككى تەرىپى» ، «ئەدەبىياتنىڭ قىيامىتى ۋە نوھنىڭ كېمىسى» ، «تارىخ تۇيغۇسىنىڭ بەدىئىي سۈرىتى» (قاراڭ : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1997-يىل 1-سان ) ، «قىلىپ بىلەن ئەمەس ، قەلب بىلەن» ، «تۇپراق ۋە گۈل-گىياھ روھى» (قاراڭ : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1999-يىل 5- ، 6 (قوشما ) سان ) ، «شېئىرىيەت دېڭىزىدىكى يېگانە ئارال» (قاراڭ : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1999-يىل 5- ،6 (قوشما )سان ) ، «ئەدەبىي ساۋاتنىڭ قازىلىق ئورنى قايەردىن كەلگەن ؟ »[2] قاتارلىق ماقالىلىرىنى تەپسىلىرەك ئوقۇپ كۆرگەن بولسىڭىز ،ئاپتورنىڭ ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى بايقاش ۋە ھەل قىلىشتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى بايقىيالايسىز . ئۇ ئەدەبىياتنى دىن ، سەنئەت ، ئىنسانشۇناسلىق ،جەمئىيەتشۇناسلىق تارىخ ،مىللەتشۇناسلىق ، مەدەنىيەت پسىخىكىسى ، پەلسەپەۋە جۇغراپىيە قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كەسمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزەتتى . مۇنداق كۆزىتىش كۆچىگە ئىگە بولۇش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس .

تەتقىقات ماقالىلىرى دېيىلسە ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىغا پۈتۈنلەي كىتابىي سۆزلەر بىلەن لىق تولغان ، پەقەت تەتقىقاتچىلارلا چۈشىنەلەيدىغان ئىلمىي ماقالىلەر كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىزدىكى تەتقىقات ئاۋامدىن ئايرىلىپ ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭلا ھوقۇقىغا ئايلىنىپ قېلىپ ، تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن ئىبارەت مۇستەھكەم قەلئەلەرگە قاپسىلىپ قالغان . نەتىجىدە ئاۋام بىلەن ئۆلىمالار (زىيالىيلار قاتلىمى ) ئوتتۇرىسىدىكى قاشا تام يىلسېرى قېلىنلاپ باردى . بۇ شۇنداق تامكى ، قارشى تەرەپنىڭ ساداسىنى ھەرگىزمۇ ئاڭلاتمايدۇ . بۇ پاجىئەنى باشقىلارمۇ

ھەسرەت ئىچىدە تەكرار قەيت قىلىشتى .

ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ تىلى ئاممىباپلىققا يېقىن ، يۇمۇر ۋە ئوبرازلىق تۇسكە باي ،قۇرۇلمىسى ئەركىن . شۇنداق بولغانىكەن ،تەتقىقاتچى بولمىسىڭىزمۇ ئوخشاشلا بەھرىلىنەلەيسىز .

«دونكىخوتنىڭ ئارخىپى»[3] نەق شۇنداق ماقالىلارنىڭ بىرى . ماقالىنىڭ ماۋزۇسىدىنلا بىر يۇمۇر چىقىپ تۇرىدۇ . دونكىخوتقا ئارخىپ كېرەكمۇ ؟ دونكىخوت دەۋرىدە ئېھتىمال ئارخىپ بولمىغان بولغىيدى . ئەمما بىز دونكىخوتقا ئارخىپ تۇرغۇزۇۋاتىمىز . دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى بۇ داڭلىق قەھرىماننىڭ ئارخىپى بىلەن تونۇشۇش بىز ئۈچۈن ئاز - تولا ئەھمىيەتلىك . ئۇ ماقالىسىدا شۇنداق يازىدۇ : «ئارخىپ ۋاراقلاش يالغۇز ئۆتمۈشنى نىشان قىلىپ ئىزدەشلا ئەمەس ، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئاللىقاچان مەۋجۇد بولغان روھىمىزنىڭ شۇ ئارخىپتىكى ۋارىيانتىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈندۇر . »[4]

ئاپتور دونكىخوتتىكى نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرنى ، ئۇنىڭدىكى روھىي جاراھەتلەرنى ئىنسانشۇناس ۋە پسىخولوگنىڭ كۆزىدە كۆردى . ئۇنى تارىخنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۈيۈك سىمالار بىلەن سېلىشتۇرۇۋېدى ، يەنە بىرمۇنچە يىپ ئۇچى كۆرۈنۈپ قالدى . ئەگەر بۇ يىپلارنى بويلاپ ماڭىۋەرسىڭىز ، تەپەككۇرنىڭ يېڭى ئاراللىرىغا چىقىپ قالىسىز .

دېمەك سىز ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكى بىلەن ،قىسمەتداشلىرىڭىز ۋە زامانداشلىرىڭىز بىلەن سېلىشتۇرسىڭىز روھىڭىزنىڭ پىنھانلىرىدىكى قاراڭغۇ ۋادىلارغا چۈشۈۋاتقان يورۇق شولىلارنى بايقايسىز .

دېمەك سېلىشتۇرۇشمۇ ، قېزىشمۇ بىر يول ، ھالقىشمۇ بىر يول .مۇكەممەللىك ئىزدەش نىشان قىلىنسا ، قايسىلا يولنى تاللىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ . ئېتىقادىڭىز بەرجەس بولسا ،يول ماڭغاندا مۈدۈرۈلۈپ كەتمەيسىز .

ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزنىڭ مەيۇسانە ھالىتى ئەدەبىياتنىڭ ئوتىدا كۆيۈۋاتقان يۈرەكلەرنى تىنىمسىز ئازابلايدۇ . ئەدەبىيات تەتقىقاتى ماھىيەتتە ئۆزىمىز ھەققىدىكى تەتقىقات .بۇ ئەدەبىيات ئەھلىگە ئايدىڭ . ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەسلىدە ئىجادىيەتنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ ماڭماي ، ئەدەبىياتنى يېتەكلەپ ،ھېچ بولمىغاندا تەڭ قەدەمدە ماڭالىشى كېرەك ئىدى . بىزدە نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەر بار بولدى ، ئەمدى شۇلاردىن مۇۋاپىق نەزەرىيىۋى يەكۈن چىقىرىپ ، تەمتىلەپ كېتىۋاتقان ئەدەبىياتنىڭ تۇمانلىق يولىنى يورۇتۇش كېرەك . ئەپسۇسكى ، بىز تېخى ئەدەبىيات

① ئا .جالالىددىن : «كۆيگەن دېڭىز» ،186-بەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل ئېيۇل نەشرى .
② «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»غا قاراڭ .
③ يۇقىرىقى كىتاب .
④ يۇقىرىقى كىتاب .

تارىخىمىزنىڭ بىر پۈتۈن زەنجىرىنى ئۈلاپ بولالمىدۇق. شۇنىڭغا قارىغاندا، نۆۋەتتىكى رېئال ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە قاراپ باققۇدەك چولىمىز يوق ئوخشايدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ چاتقاللىق ۋە تىكەنلىك بۇ جاپالىق يولدا سىڭدۇرۇۋاتقان ئۆزگىچە ئىجادىي ئەمگىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقان لېۋىدىكى شىپالىق زەمزەم بوپقالار.

ئابدۇقادىر جالالىددىن ئۆزگىچە تەتقىقات ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەدەبىي تەتقىقاتنىڭمۇ ھەر خىل يولى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى. تەتقىقات دېگەن قۇلۇلە قارىنىدىكى مەرۋايىتنى ئېلىش، ئۇ ھەرگىزمۇ مەرۋايىتنى قاپنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇش ئەمەس. تەتقىقاتنىڭ مۇشەققەتلىك داۋانلىرىدا كېتىپ بارغانلارغا بۇ ئەلۋەتتە ئايدىڭ بولۇشى كېرەك.

ئابدۇقادىر جالالىددىن يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ يول ئاچقۇچىلىرىدىن بىرى. ئۇ، دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئېلىتس، بورخىس، ھېرمان ھېسسى، ئوكتاۋئوپاز، خەنزۇلاردىن جۇگۇپىڭ، خې شىن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇردى. بىزدىكى پەلسەپە چاڭقاقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئەپلاتون پاراڭلىرى» (ئەركىن ئىبراھىم بىلەن بىللە)، «زورو ئاستىر شۇنداق دەيدۇ»، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» قاتارلىق دۇنياۋى مەشھۇر پەلسەپىۋى، سىياسىي ئەسەرلەرنى ئىنتايىن سۇپەتلىك تەرجىمە قىلدى. مەزكۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇسا خۇددى ئۇيغۇرلار يازغاندەك دىللار سۆيۈنىدۇ. ئۇنىڭدا ئەسلىدىنلا ئەدەبىيات ھۆججەيرىسى مول بولغاچ تەرجىمىلىرىنىڭ سۈپىتى، تىلى ئىنتايىن نەپىس چىققان.

نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىنىڭ سۈرئىتى خېلىلا تېز. ئەمما چاپ-چاپ بازارنى دەپلا نەشر قىلىنىۋاتقانناباپ تەرجىمىلەرمۇ كۆپ. ئەدەبىي تەرجىمە يالغۇز ئەدەبىياتنىلا ئەمەس تىلنىمۇ بېيىتىدىغان، تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل. بۇ ھەقتە ئۇ: «دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا، ئەڭ مۇرەككەپ ئەسەرلەرنى ئەسلىدىكى تىلدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىشقا يۈزلىنەلمىگەن تىل ئەبەدىي رايونلۇق تىل ياكى مەھەللىۋى تىل بوپقالىدۇ»[1] دەپ يازىدۇ.

ئۇ، چەت ئەللەرنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بىللە يەنە تەرجىمە تەتقىقاتىغىمۇ نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ. ئۇنىڭ «بىزنىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىز ۋە ‹ دۇنيا ئەدەبىياتى› »[2] دېگەن ماقالىسى «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى ۋە بۈگۈنكى ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى ناھايىتى ئورۇنلۇق باھالىغان.

ئەمدى پەلسەپە دۇنياسىدىكى ئابدۇقادىر جالالىددىننى كۆزىتىپ باقايلى. پەلسەپىدىن بەك جىق ئادەملەر قورقىدۇ. ئەمەلىيەتتە پەلسەپە ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس، يامان بولغىنى پەلسەپىنىڭ ئۇقۇم، ھۆكۈملەر دۆۋىسىگە قاملىپ قېلىشىدىن ئىبارەت. ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر پەلسەپىنى بىر تالاي مۇرەككەپ پەنلەرنىڭ سۆڭەكلىرىدىن قوراشتۇرۇلغان قوپقۇرۇق ئىسكىلىت، دەپ قارىشىدۇ. دەل ئەكسىچە، پەلسەپە ئاشۇ ئىسكىلىتنىڭ جېنى.

پەلسەپە دېگەن ھاياتقا تۇتقان ئۆزىڭىزگە خاس مەيدانىڭىز، ئۇسۇلىڭىز، مەۋقەيىڭىز، پائالىيەت دائىرىڭىزنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، سىزدە خاس پەلسەپىۋى كاللا بولسا باشقىلارنىڭ تەجرىبە ماتېرىيالىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن خالاس بولىسىز. ئۆز نۆۋىتىدە بىر مىللەتمۇ شۇنداق. بىر مىللەت ئۈچۈن ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە پەلسەپىۋى قاراش بەك مۇھىم. بىزنىڭ تارىختا تارتقان تالاي سورۇقچىلىقىمىز ۋە دۇنيا تارىخىدىكى كۆز يېشى ۋە قان بىلەن يۇيۇلغان سەھىپىلەردىن بۇنى ئىسپاتلاش تەس ئەمەس.

بىزدىكى پەلسەپە ئۈزۈكچىلىكى ئۇنىڭ ئىچىنى دائىم ئۆرتەيتتى. ئۇ، پەلسەپە ھەققىدە ئويلاۋېتىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى يادىغا ئالدى. پۈتكۈل مىللىي ئىدېئولوگىيىدە يادرولۇق ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان، ھەممىمىز تازا ياخشى ئويلىنىپ باقمىدىغان مۇنداق بىر ئىستراتېگىيىلىك سوئالنى قويدى: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن سىستېمىغا كەلتۈرۈلگەن دۆلەت ۋە بەخت-سائادەت قاراشلىرى كېيىنچە نەگە كەتكەن بولغىيدى؟ ئەڭ بالدۇر باشلانغان ئەنئەنە كېيىن نېمە ئۈچۈن يىگىلەپ قالدى؟ (قاراڭ: «ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999-يىل 5-، 6-(قوشما) سان؛ «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل ئۆكتەبىر نەشرى، 252-بەت). ئاپتور بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ جاۋابىنى بىللە تېپىشىمىزغا قالدۇرىدۇ.

شېئىرىيەتتىكى لىرىك مەستخۇشلۇق، ئەدەبىياتتىكى ھەسرەت، پەلسەپىدىكى پىكىر يالقۇنى ۋە دەرس مۇنبىرىدىكى غەشلىكلەردىن تەركىب تاپقان تاقىم ئارالاردا ئۆزۈمنى تىڭشاۋاتقان 1999-يىلى ئۇنىڭغا بىر قانچە پارچە خەت يازدىم. كېيىن ئۇ بىر پارچە خېتىدە: «پەلسەپە قۇرۇلۇشى ـ ئالىملار، ئەدىبلەر، تىلشۇناسلار، دىنىي ئۆلىمالار، مائارىپشۇناسلار.. نىڭ ھەمجەھەتلىكىدە روياپقا چىقىدىغان بىر ئۇلۇغ دەۋردىكى كۆچ-كۆچ» دەپ يازغانىكەن. بۇ خىل چۇقانلارنىڭ ئەۋجىنى ئۇنىڭ يازمىلىرىدىن كۆرۈۋاتىمىز.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىزدە ھېچ بولمىغاندا سەئدىيە خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن

---

① يۇقىرىقى كىتاب، 400-، 392-بەتكە قاراڭ.
② يۇقىرىقى كىتاب، 400-، 392-بەتكە قاراڭ.

پەلسەپىدىكى قەھەتچىلىك باشلاندى. ئارانلا 164 يىل سەلتەنەت سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقى (1514 – 1678) شۇ دەۋرگىچە داۋام قىلىۋاتقان، ئۆزىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن لايىھىلەنگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ قانۇن قۇرۇلمىسى» (قاراڭ: «تېلبۆزۇر ۋە پىكىر قىلىش كېسىلى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996-يىل 5-سان؛ «ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۆكتەبىر نەشرى، 146-بەت) ياكى مۇستەھكەم قانۇن ۋە ھاكىمىيەت پەلسەپىسىنى خوجىلارنىڭ ئاساسسىز پەتىۋالىرىغا ئوڭايلا تېگىشىۋەتتى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنى شەرھلەش ئۈچۈن يەنە ئايرىم توختىلىش زۆرۈر.

خوجىلارنىڭ مەشئۇم ئاياغلىرى پاك تۇپرىقىمىزغا تەگكەندىن بېرى باشلانغان دىشۋارچىلىقلارنىڭ يىلتىزىنى پەلسەپىدىكى ئۇزۇقچىلىققا باغلاش ئەلۋەتتە مۇمكىن.

گېرمان مىللىتى «پەلسەپە مىللىتى» دەپ نام قازانغان. ئۇلار 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ، تارىخنىڭ ئەخلەتخانىسىغا قامالغان. بۇ ئەلۋەتتە جىسمانىي زەربە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار نىتزىي، شوپىنخاۋېر، ياسپىرس، ھادىگېرلارنىڭ پەلسەپە مىراسلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان. ئۇنىڭ چوغى گېرمانلارنىڭ روھىدا ھامان يېلىنجاپ تۇرغان. بۇ چوغ ئۇرۇشتىن كېيىنكى يېڭى گېرمانىيىنى قايتا تارىخ سەھنىسىگە چىقارغان. سۆزلەپ كەلسەك، ياپونلار، يەھۇدىيلارنىڭ قىسمەتلىرىمۇ شۇغۇ؟!

ئەگەر ئاشلىق قەھەتچىلىكى يۈز بەرسە، ئاش بىلەن بىر دەمدىلا ئامال قىلىش مۇمكىن. ناۋادا پەلسەپە قەھەتچىلىكى يۈز بېرىدىكەن، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاش بىلەن ئەمەس، يۈرەكتىن سىرغىپ چىققان ھەسرەتلىك قان ۋە ياش بىلەن بەسى مۈشكۈلدە تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇنداق قەھەتچىلىكنىڭ دەردىنى بىرقانچە ئەۋلادتارتىدىغان ئىش چىقىدۇ. بۇنداق قەھەتچىلىك ئۇزۇن داۋاملاشسا، باشقا ئەگەشمە پاجىئەلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇ ئۇنىۋان، مەرتىۋىدىن تەمەسىز ھالدا توختاۋسىز يازدى، ئوقۇدى، ئوقۇتتى، تەتقىق قىلدى. زۆرۈر بولغاندا، خەقلەردىن ئېرىنمەي ئەكەلدى. ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى ماتارىپ، ئەدەبىيات، پەلسەپە دېگەنلەرنىڭ چېگرىلىرىنى بۇزۇپ، بىر-بىرىگە يۇغۇرۇۋەتتى.

ھاياتنىڭ قىسقىلىقى ئۇنى دائىم تەشۋىشكە سالىدۇ، شۇڭا ئۇ توختاۋسىز پىكىر قىلىدۇ. تەپەككۇرنىڭ تىمتاس، سۈرلۈك جاڭگاللىرىدا بىر ئادەم سالماق قەدەم بىلەن كېتىۋاتىدۇ. چاتقال ۋە تىكەنلەر ئۇنىڭ يۈزىنى جىجاپ، يۆگىمەچلەر پۇتلىرىغا پۇتلاشسىمۇ سەپىرىنى داۋام قىلىۋاتىدۇ.

بىر چاغدا دانكو يۈرىكىنى قولىغا ئېلىپ، قاراڭغۇ ئورماننى يورۇتقاندا ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر بوپتىكەن. بىزنىڭ دانكو ئارقىسىغا ئۈمىد بىلەن پات-پات قاراپ قويۇپ، كېتىپ بارىدۇ. كېتىۋېتىپ ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق شىۋىرلايدۇ: «قەلەم ۋە پىكىر قىلىش مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەقىقەت ۋە خەلق ئالدىدا ھېساب بېرىشتۇر. تەقدىر راۋاكۆرسە ياشايمىز. ياشاش ھەربىر نەپەس ئۈچۈن ھېساب بېرىشتۇر. مەن ھەر بىر نەپەس بەدىلىگە پىكىر قىلىمەن ھەم ئىزدىنىمەن.» («ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل ئۆكتەبىر نەشرى، 178-بەت ۋە كىرىش قىسمىغا قاراڭ).

بۇ شىۋىرلاشلار گەرچە ئاستا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياڭراق ئەكس ساداسىنى سىز چوقۇم ئاڭلايسىز. روھىڭىزغا ئاڭقاۋلىقنىڭ ئېغىر قۇلۇپلىرى سېلىنمىغان بولسىلا، بۇ سادا سىزگىمۇ ئۇرۇلىدۇ.

بىر كۈنلەردە تارىخنىڭ يۈزىدە ئۇ چەككەن نەقىشلەرنى جۇلالاپ تۇرغان ھالەتتە كۆرىسىز. خەير، ئۈمىد بىلەن ياشاپ باقايلى.

2003-يىل 20-نويابىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى (M2)

**ئۇستاز، شائىر، ئەدەبىياتشۇناس، يېتىلىۋاتقان پەيلاسوپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىنىڭ 40 ياشقا تولغانلىقىنى قۇتلۇقلايمىز.**

**— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**

# تەپەككۇر

# مېۋىلىرى



▲ ئېغىز زىيان چىقىدىغان كارخانا.

**ئابدۇللا ئوسمان**

---

ئاپتور :قاغىلىق ناھىيە ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ قەيسەر ئوغۇللارنىڭ ئانىسى مېھرىبان، تەدبىرلىك؛ ھايالىق قىزلارنىڭ دادىسى ئىماندار، سۇرلۇك؛ ئىچى تار، نامەرد پەرزەنتلەرنىڭ نەسەبى شۇبھىلىك.

▲ يېڭىلا نەشردىن چىققان ياخشى كىتاب ـ تاڭ سەھەردە تۇۋلانغان ئەزانغا ئوخشايدۇ.

▲ قىلىچ تەگلىگەن دۈشمىنىگىدىن ھاراق زورلىغان دوستۇڭ خەتەرلىكتۇر. ئالدىنقىسى سېنى جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەندۈرسە، كېيىنكىسى روھىي جەھەتتە زەخىملەندۈرىدۇ.

**قاۋۇلجان مۇھەممەت (يۈزسىز)**

---

ئاپتور : قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى سۇ باشقارمىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ دۇنيانى مېتىر بىلەن ئۆلچىسەڭ چەكلىك، قەلبىڭ بىلەن ئۆلچىسەڭ چەكسىزدۇر.

## تەپەككۇر گۈلى

▲ سازاڭ يىلان بىلەن بىللە ياشىسا چىقىشنى ئۆگىنىدۇ .

▲ ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ «قارىغۇ» بوپقېلىشى ،خەلقنىڭ كۆزىنىڭ تىكىلگەنلىكىدۇر .

▲ قانۇن ئىككى ئاجىزلاشقاندا ، سىياسەت قىلدىن ئىنچىكە ، قىلىچتىن ئىتتىك ،قانۇن «ياغاچ پىچاق» بوپقالىدۇ .

▲ «جەمئىيەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ئۈچۈن ھاكىمىيەت قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىشى كېرەك .

▲سەن باشقىلارغا يىغلاپ دەرد-ئەھۋالىڭنى تۆكۈۋاتقان ۋاقتىڭدا باشقىلار ئىچىدە يىغلىشى مۇمكىن .

▲بىخۇدلاشقان ئادەم چىرايلىق ياساندۇرۇلغان قونچاققا ئوخشايدۇ .

▲جاھاندا چىن-ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشكەنلەر بولمىغاچقا ، مۇھەببەتكە ھەرخىل تەبىرلەر بېرىلىپ ، ھەممىسى توغرا بولۇۋەردى .

▲ (تارىختا) نورغۇن قىسمەت سوئاللىرى يۇرەكلەردىن يېرىلىپ ، قەلبلەردىن پارتلاپ ، قاغجىرىغان ئېغىزلاردىن ئېتىلىپ چىقالماي ، كۆزى ئېتىلىپ قالغان بۇلاققا ئوخشاپ قالدى .

▲ قانۇننىڭ پۇلغا سېتىلىشى ،قانۇننىڭ قولغا ئايلانغانلىقىدۇر .

▲ بىز تۈنۈگۈنگە جاۋابكار ، بۈگۈنگە قەرزدار بولۇپ قېلىۋەرگەچكە ، ئەتىگە ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدىغان بوپقالدۇق .

▲ ئارقىغا چېكىنەلمىسەڭ مەغلۇبىيەتنى كۆتۈۋالىسەن .

▲نادان مىللەت ئۆزلىرىنىڭ بېشىدا ئۆزئارا ياڭاق چېقىشىپ ، مېغىزىنى باشقىلارغا بېرىدۇ .

▲ مۇستەبىت ھۆكۈمدارلار ئاۋۋال دۈشمەنلىرى-نى ، ئاندىن سادىق غالچىلىرىنى يوقىتىدۇ .

▲ بەدەن چىدىغان خورلۇققا روھ چىدىمايدۇ .

▲ قاراڭغۇنى تىللىما ، قاراڭغۇدىمۇ نى-نى ئۇلۇغ ئىشلار يۈز بېرىپ ، يورۇقلۇققا چىقىدۇ ئەمەسمۇ .

▲ مۇھەببەت دۇنياغا تۇغما قارىغۇ بولۇپ تۇغۇلغان .

▲ھايات مۇرەككەپ ھەم ئاددىي نەرسە : چۈشەنمىسەڭ يولدىن ئادىشىپ قالىسەن ، چۈشەنسەڭ يول تاپىسەن .

▲ ياشاش مۇھىتىڭ ئۆزگەرسە ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىڭمۇ ئۆزگىرىدۇ .

▲ ئاياللارنىڭ يىغىسى دۇنيانى گۈزەللەشتۇرسە ، ئەرلەرنىڭ يىغىسى دۇنيانى چۆللەشتۇرىدۇ .

▲ «پەن -تېخنىكا 1-ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» ، شۇنداقلا ئۆزنۆۋىتىدە رەھىمسىزلەرچە ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشنىڭ ۋاستىچىسى .

## كەشپىيات

بىرنەچچە ساۋاقدىشىم ۋە مەن تۈنجى قارنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىر قار بوۋاي ياسىدۇق .

بىر ساۋاقدىشىم قار بوۋايغا تاياق قول ياساپ قويدى . يەنە بىر ساۋاقدىشىم قار بوۋايغا كونىراپ رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن قالپاق ۋە چاپان كىيگۈزۈپ قويدى . مەن كۆمۈردىن قار بوۋايغا قولاق ،كۆز ، قاش ، بۇرۇن ،ئېغىز قاتارلىقلارنى ياساپ قويدۇم . شۇنداق قىلىپ ، بىز ئاخىرى ئۆزگىچە بىر «كلون» ئادەم ياساپ چىقتۇق . مېنىڭچە ، دۇنيادىكى كەشپىياتلار ئەنە شۇنداق ۋۇجۇدقا چىققان بولسا كېرەك .

* * *

▲ ئەخمەق - نادان ئادەم كۈلسە قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلىدۇ ، يىغلىسا ئۈنىڭدىن ئاشۇرۇپ يىغلايدۇ .

▲ ئۆزۈڭنىڭ بەختىنى كۆرۈپ يېتەلمىسەڭ ، باشقىلارنىڭ بەختى سەن ئۈچۈن قەبرە بوپقېلىشى مۇمكىن .

▲ مەلۇم بىر شەيئىينىڭ خاراكتېرىنى يەككە ھالدا چۈشىنەلمىسەڭ ، ئۇنى ئۆز توپى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆزەتسەڭ چۈشىنەلەيسەن .

▲قىز بالا خۇددى خۇشپۇراق چاچىدىغان گۈلگە ئوخشايدۇ . ئەگەر بۇ «گۈل»نى ياخشى پەرۋىش قىلالمىساڭ ، ئەتراپقا بەتبۇي پۇراقلارنى چېچىشى مۇمكىن .

▲ ھازىر بىزگە يېڭى تونۇلغان ئىشلارنىڭ بەزىلىرى بۇرۇنقىلار قىلىپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ئىبارەت . ھازىرقىلار بۇرۇنقىلارنىڭكىنى پەردازلاپ يېڭى بىر شەكىل پەيدا قىلىدۇ ، خالاس .

▲ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر بەزىدە قەھرىمانغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ ياكى بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن .

▲ «گىگانت»لىق دۇنيادىكى ھەم پەخىرلىك ، ھەم خەتەرلىك ئىشتۇر .

▲ يامغۇر تامچىلىرىغا سەل قارىما ، يىغىلىپ كەلكۈن ھاسىل قىلىدۇ ئەمەسمۇ .

▲ تۈنۈگۈن ئاشخانىلار رېستورانغا ئۆزگەرگەن-دى ، بۈگۈن بەزى رېستورانلار پاھىشىخانىغا ئۆزگەرمەكتە .

▲ بىراۋدىن ئۈچ ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى پەسەنت قىلماسلىقتىن ئىبارەت .

▲ تارىخ قانچە يالغانلاشقانسېرى كەلگۈسى شۇنچە غۇۋالىشىپ بارىدۇ .

▲ بىراۋنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن شۇ كىشىنىڭ قانداق كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ .

- ئابلىكىم روزى

---

ئاپتور : يېڭىسار ناھىيە چولپان يېزىسىدا ، دېھقان

## غۇنچە ۋە ھاسلات

▲ گېرمان پەيلاسوپى نېتزىينىڭ «يوقالسۇن

ئاجىزلار» دېگەن خىتابىدىن بىر يوشۇرۇن پەردە ئېچىپ گۇمانلىنىشقا ھەقلىقمەن: ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلمەي ياشاۋاتقان ۋە بىلسىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەپ كۈچلۈكلەردىن بولۇشقا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلمايدىغانلارنى مەنمۇ «يوقالسۇن!» دەپ خىتاب قىلىمەن.

▲ ئۆلۈم سىگنالىنى ئۆلۈمدىن قورققانلار ئەڭ ئاۋۋال ئاڭلايدۇ.

▲ تەپەككۇر نامراتلىقى بارلىق نامراتلىقنىڭ ئانىسى.

▲ ھوقۇق قانۇننىڭ كۆزىنى ئەما قىلىپ قويغان جەمئىيەت چىرىكلىك ئەڭ ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتۇر.

▲ ئىتتىپاقلىق گۈلىنى غازان قىلغانلار تارىخنىڭ جۇدۇن پەسلىنى ئەڭ ئاۋۋال كۈتۈۋالغۇچىلاردۇر.

▲ يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلىكىگە لېكىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىكىگە قاراپ، مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: قەلەم ھەققىنى پۈتۈنلەي توختىتىڭلار، قېنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدىغان، ئۆز بەختىدىن كېچىدىغان ۋىجدانلىق قەلەم ساھىبلىرىدىن قانچىسى قالار؟

▲ ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلمىگەن ئادەم ـ ئادەملىك قىممىتىنىڭ يېرىمىنى يوقاتقان بولىدۇ.

▲ مەنپەئەت ـ ئادەمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى غايەت زور پىشاڭ.

▲ تەرەققىيات داۋامىدا ئەجدادتىن قالغان زۇكام ئۆز ۋاقتىدا ساقايتىلمايدىكەن، ئەۋلادلىرىدا راكقا ئايلىنىدۇ.

▲ مىللەت ئوپېراتسىيىسى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدىن باشلىنىدۇ.

▲ مىللەتنىڭ قىيامىتى قىزلارنىڭ ھالاكىتىدىن باشلىنىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، مەدەنىيەت ئاسسىمىلاتسىيىسى ئەڭ ئاۋۋال تىلنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسىدىن باشلانغان.

ـ ئىمىن تاجى

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ئوغرى ئايغا ئەڭ ئۆچمىش.

▲ نادانىنى قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇش ـ قاراڭغۇدا قاپاق تۇرگەندەكلا بىر ئىش.

▲ شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالغۇچىلار ئالدى بىلەن شەيتانغا ئۇسسۇل ئويناپ كامالەتكە يەتكەنلەر.

▲ ھەرقانداق ئايال بىر قانۇننى چوقۇم بىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ: «ئەر ـ ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر، دېيىلگەن».

▲ ئېسىڭدە بولسۇن، شىر سېنى رەقىبىم دېسە، ئۇ ھالدا سەنمۇ شىر.

▲ سادىدىلىق ـ توز كۆڭۈللۈكنىڭ يەنە بىر مەنىسى دۆتلۈك، دېمەكتۇر.

▲ ھازىرقى دەۋردە مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ گېپىنى پەقەت مەغلۇبىيەتچىلەرلا قىلىدىكەن ھەم ئاڭلايدىكەن.

▲ مىللەتكە كېلىدىغان بالايىئاپەت ئەڭ بىلىمسىزلەردىنمۇ، ئەڭ بىلىملىكلەردىنمۇ كېلىشى مۇمكىن.

▲ دۇنيادا مۇنداق ئۈچ خىل خورلۇق ئەڭ ئېغىر: بىرى، مىللەتنىڭ خورلىنىشى، يەنە بىرى، ئۆگەي بالىنىڭ خورلىنىشى، ئاندىن قالسا ئۆز ھاجىتىدىن چىقالماس قېرىلارنىڭ خورلۇققا قېلىشى.

▲ ئەڭ غەلىتە سوئال سورىغان ئوقۇغۇچى بىر بولسا ئەڭ ئەقىللىق ئوقۇغۇچى، بىر بولسا ئەڭ دۆت ئوقۇغۇچى.

▲ «ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز» دېگەن بۇ گەپ بۇرۇندىن قالغان. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇرۇن ئەرلەر كۆپ، ئاياللار ئازمىكىن دەيمەن. ئەكسىچە، ھازىر ئاياللار ئاۋۇپ ئەرلەر ئاز قېلىۋاتىدۇ.

▲ ئاياللارغۇ مىللەتنىڭ ئانىسى ئىكەن، بىراق ھازىر ئەرلەر مىللەتنىڭ ئاتىسى بولالامدۇ؟

▲ ئادەم تۇغۇلغاندا ئۆزى يىغلايدۇ، ئۆلگەندە بولسا باشقىلار يىغلايدۇ.

▲ پىچاقنىڭ بىر تەرىپىنىڭ كېسىشى ئۆزىگە پايدا، ئىككىلا تەرىپى كەسسە ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۇپراپ تۈگەيتتى.

▲ كۆز يېشى ـ ئاجىزلارنىڭ قانۇنى.

▲ بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قېلىش، پاخالغا ئوت كەتكەندەكلا بىر ئىش.

▲ «سىياسىي ـ قانۇن» دېگەن گەپكە قارىغاندا، سىياسەت ھامان قانۇننىڭ ئالدىدا.

ـ ئالىمجان ياسىن

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزىسىدا، دېھقان

## ئەقىل مېۋىلىرى

▲ گاڭگىراش تۇيغۇسى كۆپ ھاللاردا ئېتىقاد بىلەن ھېسسىياتنىڭ توقۇنۇشىدىن يۈز بېرىدۇ.

▲ ئەر ـ ئاياللارنىڭ مۇتلەق باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىش خۇددى ماگنىتنىڭ ئىككى قۇتۇپىنىڭ يۆنىلىشىنى بىرخىللاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نوقۇل ھالدا شىمالنى ياكى جەنۇبنى كۆرسىتىپ تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلغاندەك بىمەنىلىك.

▲ بۇ جاھاننىڭ تالاشقۇچىلىكى يوق دەيمىزيۇ جاھان مەئىشەتلىرىنى تالىشىپ تويمايمىز. بۇ بەلكىم ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى نىقاب ۋە نەپسانىيەتچىلىك تۇيغۇسىنىڭ روشەن ئىپادىلىنىشىدۇ.

▲ چۈشىنىش كۆپەيگەنسېرى رومانتىكىلىق يوقاپ چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى باش كۆتۈرىدۇ.

▲ بارلىق نەزەرىيە ۋە پەلسەپىلەر ئىنسان خاراكتېرىدىكى قىسمەن خاراكتېرنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغىنى ئۈچۈن، جاھاندا شۇنچە كۆپ ھەقىقەت ۋە پەلسەپىلەر بارلىققا كەلگەن .

▲ ئۆز قەلبىگە يېقىن ئادەم رومانتىك، سۆيۈملۈك بولىدۇ. ئۆز قەلبىدىن يىراق ئادەم ياشىشى ئاسان ئادەم بولىدۇ .

▲ مەھرۇم بولماسلىقنىڭ ئەڭ ئاسان چارىسى – ئېرىشمەسلىك، ئۈمىدسىزلەنمەسلىكنىڭ ئەڭ ئاسان چارىسى – ئۈمىد قىلماسلىق، جاھاندىن بىزار بولماسلىقنىڭ ئەڭ ئاسان چارىسى – ھېچنېمىنى بىلمەسلىك .

▲ پەقەت ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرىدىغان، كەمسىتىدىغان ئادەملا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى شۇنچە ئۈمىد قىلىدۇ .

▲ ساراڭ – ھەقىقەتنىڭ قۇلى،
دانا – ھەقىقەتنىڭ رولى .

▲ ئىقتىدارلىقلارنىڭ ئىقتىدارسىزلار تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىشىدا مەسئۇلىيەت ئىقتىدارلىقلاردا. يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز تالانتىغا زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ، جەمئىيەت ۋە ۋەزىيەتكە سەل قارىغانلىقىدا .

▲ بىر دەۋرگە نىسبەتەن يازغۇچىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ئەپسۇسلىنارلىق ئەمەس، ھەقىقىي ئەپسۇسلىنارلىقى، ياخشى مۇھەررىرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى

ـ ئايگۈل تۇرسۇن

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە بازىرى لەڭگەر باشلانغۇچ مەكتەپتە

## مۇھەببەت ھەققىدە مەردانە خىياللار

▲ مۇھەببەت ئەرلەرنىڭ كىبرى ئاستىغا يوشۇرۇنمىسۇن، قىزلارنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلمىسۇن، گۆدەكلەرنى ۋە بالىلارنى زەھەرلىمىسۇن .

▲ ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش ئاقىلنى ساراڭ، باينى گاداي، شاھنى قۇل قىلىدۇ. مانا بۇ، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەمما ئەڭ خەتەرلىك يېرى .

▲ مېنى ياخشى كۆرسەڭ سەممىيەتنى سۆي، ماڭا قىيالمىساڭ ھەقىقەتكە ياندىش، مەندىن ۋاز كەچسەڭ ئۆزۈڭنى ئۇلۇغلا .

ئەي قەلبى مۇھەببەت نۇرلىرى بىلەن ئويغانغان گۈزەل جانانىم، ھەقىقىي مۇھەببەت دېگەن مانا شۇ .

▲ مۇھەببەت ۋاپاسىزلارغا مۇنداق دەيدۇ: چاچلىرىمنى پۇرىما، چۈنكى ئۇنىڭدا سېنىڭ پۇرىقىڭ يوق؛ مەڭزىمنى سىيلىما، چۈنكى ئۇنىڭدا بارماقلىرىڭدىن قالغان ئۆچمەس ئىزلار يوق؛ لەۋلىرىمگە سۆيمە، چۈنكى ئۇ ۋاپاسىزلارنىڭ سۆيۈشكە يارالمىغان .

ـ ئەھەت ماموت

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار دابوز كەنتىدە، دېھقان

## ئانامغا دېيەلمىگەنلىرىم

▲ دادامدىن يوشۇرۇنچە پۇل تىقىپ قويمىغان بولسىڭىز، مەنمۇ «شەخسىي بانكا» ئاچمىغان بولاتتىم .

▲ تاماكا چەكمە، گۇناھ بولىدۇ، ھاراق ئىچمە يامان بولىدۇ دەپلا قويغاچقا، مەنمۇ ئۇنى ئىسپاتلاپ يۈرمىگەن بولاتتىم .

▲ ئوغۇل بالا دېگەن قولىنى خېمىرغا تىقسا بولمايدۇ، خېمىرغا قولىنى تىقسا خوتۇنى قېچىپ كېتىدۇ، دەپ نەسىھەت قىلمىغان بولسىڭىز، ھازىر سىزگە بىر قاچا ئىسسىق تاماق تەييارلاپ بەرگەن بولاتتىم .

▲ بىر تاپىلىغان گەپنى قايتا-قايتا دەپ يۈرمىگەن بولسىڭىز، مېنىڭمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن بولاتتى .

▲ توخۇلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا دانلىتىپ تۇرغان بولساق، قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدىن تۇخۇم ئىزدەپ يۈرمىگەن بولاتتۇق .

▲ ئانا، بېشىڭىزدىكى ياغلىقنى يېرىم ئارتمىغان بولسىڭىز، قىزىڭىزنىڭ ياغلىقىنى يەردىن ئېلىپ ئاۋارە بولمىغان بولاتتىڭىز .

▲ ئۆينىڭ تېمىغا چىرايلىق سىزىلغان بىرەر پارچە رەسىمنى ئېسىپ قويغان بولسىڭىز، بەلكىم رەسسام بولۇپ چىقىشىم مۇمكىن ئىدى .

▲ پۇلنى بۇزۇپ سېنى ئوقۇتقىچە، باشقا ئوقەت قىلىپ تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپىمىز دېگەچكە، نېمانداق كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى بىزگە كېلىدۇ، دېمىسىڭىز ھەق .

* * *

▲ ھەرقانداق نەرسىنىڭ ياخشى ھەم يامان تەرىپى بولىدۇ: ئادەمنى قۇتقۇزغان دورا ۋاقتى كەلسە، ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. تەرەققىيات ئادەمنى كۈلدۈرىدۇ ھەم يىغلىتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، پەن-تېخنىكا بىلەن گۈللەنگەن زېمىن يەنە پەن-تېخنىكا بىلەن ھالاك بولۇشى مۇمكىن .

ـ ئابدۇجەلىل ئابدۇقادىر

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا چاھارباغ كەنتىدە، دېھقان

## قانلىق قاداقلار

▲ تار يولنىڭ بىر ئۇچى چوڭ يولغا تۇتاشقان بولغىنىدەك، جەمئىيەتتىكى كىچىك جىنايەتلەرنىڭ بىر ئۇچى چوڭ جىنايەتلەرگە تۇتاشقان بولىدۇ .

▲ جەمئىيەتكە ئوبدان نەزەر سالساڭلا ، باشقىلارنىڭ نېمىگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلەلەيسەن . جەمئىيەتكە ئوبدان ئارىلاشساڭلا ئۆزۈڭنىڭ نېمىگە ئېرىشكەنلىكىڭنى بىلەلەيسەن .

▲ جەمئىيەتنىڭ قولى ئارقىلىق ناكا بولغىنىڭدا ، ئۆزۈڭنىڭ قولى ئارقىلىق باشقىلارنى ناكا قىلىسەن . مانا بۇ داۋام قىلىدىغان تراگېدىيىدۇر .

▲ نادانلارغا قول بەرگەنلىك دوزاخنىڭ ئىشىكىنى چەككەن بىلەن باراۋەر .

▲ مۇھەببەتتە كىمنى سۆيۈشنى بىلىپ ، قانداق سۆيۈشنى بىلمىسەڭ بۇنداق مۇھەببەت ئەڭ پاجىئەلىك مۇھەببەت بولىدۇ .

▲ پەند-نەسىھەت قانچىكى تەكىتلەنگەنسېرى شۇنچىكى قىممىتىنى يوقىتىپ بارىدۇ .

▲ ئەگەر كىمىكى ھەقىقەتنى تېڭىشاپلا ئولتۇرۇپ ، سۆزلەشتىن ئەيمەنسە ، ئۇ كىشى ئاقىۋەتتە ئۆز ھەقىقىتىنى يوقىتىپ ، باشقىلارنىڭ سەپسەتىسىنىمۇ ھەقىقەت دەپ قارايدىغان بوپقالىدۇ .

▲ ئىلگىرى ئەرلەر بەگ-غوجاملار تەرىپىدىن ئاختاقىلىناتتى .بىراق ھازىر ئۆزىنى ئۆزى «ئاختا» قىلىدىغان بولدى . بۇنىڭغا قاراپ كونىلارنىڭ : «ئۆرگەلدى پەلەك ، چۆرگەلدى پەلەك» دېگەن سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم .

▲ سۈكۈتنىڭ بىر تەرىپى كەۋسەر ، يەنە بىر تەرىپى زەھەردۇر . شۇڭا سۈكۈت ئىچىدە ئۇلارنىڭ بىرسىگە ئېرىشمەي ئامالىڭ يوق .

▲ ھازىرقى جەمئىيەتتىكى ئەڭ سەمىمىي ساختىپەزلەر ھۆسن تۈزەش ئورنىنىڭ خادىملىرى دېسەك خاتا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ .

▲ قەھرىمانىنىڭ پۇرسىتى ئۆلۈم پەيتىدۇر .

- مەھمۇتجان ياناق

---

ئاپتور : يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا گەمسالڭ كەنتىدە ،دېھقان

* * *

▲ ئىنسانىيەت تارىختىن بۇيان ئۆزلىرى باش ئەگكەن ئىدىيىنى «ھەقىقەت» دەپ تونۇپ كەلدى .

▲ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ «ئۇيالمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل» دېگەن سۆزىنىڭ ماھىيىتىگە يېتەلىگەن بولساق ئىدۇق ، بىزدە ھەقىقىي ھايا تۇيغۇسى شەكىللىنىپ ،نۇرغۇن يامانلىقلاردىن ئاڭلىق رەۋىشتە ساقلىنالايتتۇق .

- روزىتوختى نايىپ

---

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە ئۇرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى

## ھەممە ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى

▲ باشقىلار بىلگەننى ، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىغان ھەقىقەتنى يازالىغانلار يازغۇچى . ھەممە ئادەم تولا ئاڭلاپ زېرىككەننى تەكرارلاپ ، پەقەت نام-ئابروي ، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن قەلەم بىلەن جان باققۇچىلار غالچا .

▲ يازغۇچى - شائىر بولۇش ئۈچۈن نەچچە ئون يىللاپ ئوقۇغاندىن كۆرە ، ساۋاتى بار ئادەمنىڭ خەلقنىڭ كۈلكىسى بىلەن يىغىسىنى سېزەلەيدىغان يۈرىكى بولسىلا كۇپايە .

▲ قىسقىغىنە ئۆمرۈڭدە قاراڭغۇ ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇۋېلىپ ،تەمسى يوق ئۇزۇن-ئۇزۇن داستان (سۆز ئۆلانمىلىرى )نى يازغىچە ، ۋىجدانىڭ بىلەن ئاچچىق-چۈچۈك ئىككى ئېغىز سۆزنى ياز ، ئورتاقلىشايلى .

▲ ئۇنداق ئەسكى خوييمىز بار ، بۇنداق ئەسكى خوييمىز بار دەپ بىچارە ئورنىغا ئۆزۈڭ چۈشۈرۈپ قويغان مىللەتنى سۆكۈپ-يېرتىپ نام - ئاتاققا ئېرىشمەي ، نوچى بولساڭ مىللەتنىڭ ئىچىدىكى پالانى ئەبلەخ دەپ تىللاپ ، ئۇنىڭغا توغرا يولنى دەپ بەرگىنە ، ئەدىبنى ئۆزۈملا بېرەي .

ئەلى روزى (تەركىي)

---

ئاپتور : شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-پولك دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى

* * *

▲ تېخنىكا تەرەققىياتى تۆۋەن دەۋرلەردە ئادەملەر شۇچاغدىكى سايمان - ئۈسكۈنىلەردەكلا ساددا ۋە قوپال لېكىن مېھىر-مۇھەببەتلىك ئىدى . تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرىلىشىغا ئەگىشىپ ،ماشىنا -ئۈسكۈنىلەر ناھايىتى سىپتىلىشىپ ،كۆپ ئىقتىدارلىقلاشتى . ئادەملەرمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا كۆرۈنۈشتە مۇلايىم ،ئەمما ھىيلە-مىكىرلەشتى .

- يۈسۈپجان مۇھەممەت تۇغيان

---

ئاپتور : ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خادىمى

▲ ئارمىيە چېرىكلەشسە ياكى جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتسا ، بىر دۆلەت مۇقەررەر بولىدۇ ؛ مائارىپتا چېكىنىش بولسا ، ساختىلىق ئەۋج ئالسا بىر قەۋم ياكى بىر مىللەت گۇمران بولىدۇ . بۇ ، تارىخ ئىسپاتلىغان يەكۈن .

▲ جىسمى كۈچلۈك ، روھى قول ئادەم كۆزى تېڭىلغان جۇۋاز كالىسىغا ئوخشايدۇ . بىلمەي بىر نۇقتىدا چۆرگىلەۋېرىدۇ ياكى بولمىسا پىچىۋېتىلگەن قوش كالىسىغا ئوخشايدۇ .

- ئابلىز تۇرسۇن

---

ئاپتور : كونىشەھەر ناھىيە پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن «گۇمان تەپەككۇرنى ئويغىتىدۇ» دېگەن سۆز ئۈستىدە

دائىم ئۆيلىنىپ قالىمەن.

ـ ئابلاجان ئابلەت

ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيە ۋۇماچاڭ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ھەقىقەت ئىزنالىرى

▲ ئاسماندىن زېمىنغىچە، ھايۋانلاردىن ئادەملەرگىچە ھەرنەرسىدىن مۇھەببەت سادالىرى، ھەقىقەت نىدالىرى، ھىدايەت نۇرلىرى، ھاياتلىق گۆھەرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمما بىزنىڭ تارىخىي قىسمەتلىرىمىز بۇبايلىقلارنى بايقىماسلىق ياكى پۇتلاشساقمۇ تونۇماي كېتىۋېرىشتىن ئەمەس، بىلىپ تۇرۇپ بىپەرۋالىق بىلەن تاشلىۋېتىشتىن كېلىۋاتىدۇ.

▲ بەزى رايون ۋە كىشىلەرنىڭ تەبىئەتتىن ئاچكۆزلۈك بىلەن پايدىلىنىشى، شۇجايدىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ بىلىمسىزلىكىنىڭ دەلىلى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئەنە ئاشۇنداق بىلىمسىزلەرنىڭ قولىدا ۋەيران بولۇدىغانلىقى ھەممىگە ئوچۇق ھەقىقەت.

## ئەقىل مېۋىلىرى

▲ ياخشى پەرزەنت ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن ماڭىغانلار ئەمەس، پەرزەنتىگە يول ئاچقانلاردۇر.

▲ قانداق ياشاشنى، قانداق ئۆلۈشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر تېز ئۆلۈپ، تېز تىرىلىدۇ.

▲ بىر دۆلەتنىڭ دېموكراتىيىسى ۋە مۇستەبىتلىكى شۇ دۆلەت مائارىپىدا ئەڭ روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

▲ راستچىل ۋە بىلىملىك ئادەملا ئالىم بولالايدۇ.

▲ خائىن مەغلۇب بولغان «قوماندان»، ئۇنىڭ ئۆلۈم خېتى تېز بېجىرىلىدۇ.

▲ ئەخلاقىي ھۆكۈملەر قانۇنىي ئادالەتنىڭ تارازىسى، شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ تۇزى.

▲ ئادەملەرنى يوقاتقانلىرى ۋەيران قىلسا، ئېرىشەلمىگەنلىرى بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

▲ ياسىيالمىغانىكەنمىز، ياسىلىمىز.

▲ تراگېدىيە ـ ئۇنتۇلغان تارىخ، قەبرە ئۇنىڭ خاتىرىسى.

▲ دۇئالىرىمىزنىڭ ئىجابەتسىز قېلىشى ئاساسسىز ئەمەس، تەڭرى بىزگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاچان بېرىپ بولغان. مەسىلىنىڭ توپ سەۋەبى، بېرىلگەن نەرسىلەرنى تاپالمىغانلىقىمىزدا.

▲ مۇستەبىتلىك ساختىلىقنىڭ ئۇۋىسى.

▲ تارىختا ئۆگەنگۈچىلەرگە قارىغاندا ئۆگەتكۈچىلەر كۆپ بولغاچقا ئىشلەيدىغانلار ئاز، سۆزلەيدىغانلار كۆپ بولۇپ، «تەرەققىيات» تارىخىغا يۈك بوپقالدى.

▲ ھەرقانداق بۇزۇقچىلىق قانۇن بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتىن پەيدا بولغان.

▲ ھازىرقى زامان ئىقتىسادى كىشىلەرنى يەپ كەتتى، مەدەنىيىتى كىشىلەرنى كېسەل قىلىۋەتتى.

▲ ئېتىقادسىز بىر مىللەت ئالدى بىلەن ئەنئەنىسىدىن، ئاندىن تارىخىدىن، ئارقىدىن تىل-يېزىقىدىن ئاغرىنىدۇ ۋە ۋاز كېچىدۇ.

▲ ئۆزىدىن زادىلا گۇمانلىنىپ باقمىغان ئادەم ئەڭ ئېتىقادسىز ئادەمدۇر.

▲ ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن ئۇلۇغلۇق ماقامىغا يەتكەن پەرزەنت قېنىكىن، مېنىڭ بارلىق مەدھىيەم شۇنىڭغا بولسۇن!

▲ ئايالLAR مۇھەببەتتىن كۆرە كۆيۈنۈشكە بەكرەك موھتاج.

▲ مەۋھۇم ئۇقۇملارنى كۆپ تالاش-تارتىش قىلغۇچىلار دەل ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىلەردۇر.

▲ مىللىي مەتبۇئاتچىلىقىمىزنىڭ رولىنىڭ تولۇق جارى بولماسلىقىنى ئۆزگىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنى تەشۋىق قىلماسلىقتىن كۆرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ.

▲ ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى ھەقىقەتكە، قورقۇق ئەقىدىگىلا تايىنىپ ئەمەس، زۆرۈر بولغان كۈرەشكە قاتنىشىش لازىملىقىنى چۈشەنمەي قىلىۋاتىدۇ.

▲ چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ھەسەل بولۇپ تېتىغان بىلەن زەھەر بولۇپ تامىدۇ.

▲ باللار ئۈچۈن ھەۋەس، ياشلار ئۈچۈن مۇھەببەت، ياشانغانلار ئۈچۈن ئەقلىي خۇلاسە تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

▲ ۋاقىتنىڭ كەينىگە سىر-ھېكمەت، ئۇنىڭ كەينىگە بەخت ـ سائادەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا دانالار ھاياتنى تېپىشماققا ئوخشاتقان.

▲ تەقدىرنىڭ ئىككى قوشنىسى بار: بىرى مۇقەررەرلىك، يەنە بىرى تاسادىپىيلىق، ئۇلار دائىم بىر-بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدۇ.

▲ كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدىغان ئادەم ئەڭ بىلىمسىز ئادەمدۇر.

▲ ئورنىدىن تۇرۇشنى خالايدىغانلار كۈچىگە، ئۇچۇشنى خالايدىغانلار ئەقلىگە تايانسۇن!

▲ ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئادەمدە ئۆزگىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى بولمايدۇ.

▲ ئەرلەر ئەقلىدىن، ئاياللار كۆيۈنۈش ۋە مۇھەببەتتىن ئۆزىنى تېپىۋالالايدۇ.

▲ تارىخ قۇربان بولغۇچىلارغا «خەلق»، بۇنىڭغا قاراپ تۇرغۇچىلارغا «ھۆكۈمران» دەپ نام بەردى.

▲ يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە كىشىلەرلا ئوقۇتقۇچى بولۇشقا مۇناسىپ.

▲ نادانلار ئالىملار ئۈچۈن سىرتماق.

▲ ئەڭ ئەقەللىي تەلەپلىرى قاندۇرۇلمىغان

كىشى ئوڭايلا جىنايەت يولىغا قاراپ ماڭىدۇ .

▲ تارىخنى شەخسلەرگە توغرا ، تولۇق باھا بەرمەسلىك ئەۋلادلار ئۈچۈن يول بەلگىسىدىن بىرنى كەم ئورناتقانغا باراۋەر .

▲ ئىلگىرى دۇنيانىڭ تىنچلىقنى ئايالاردىن ، گۈللىنىشنى ئەرلەردىن كۈتكەنىكەن . ئەمدىلىكتە تىنچلىقنى ئەرلەردىن ، گۈللىنىشنى ئايالاردىن كۈتۈۋاتىمىز .

▲ ئېگىزگە چىقالىغان ، يىراقنى كۆرەلىگەن ئاشۇ كىشىلەر پەسكە قاراشنىمۇ ئۇنتۇمىغان بولسا ، ئۇنچىلىك ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولمايتتى .

▲ شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى ، ھازىر كىشىلەر زاماننىڭ تارازىسىدا ئۆلچەيدۇ ، كەلگۈسىدە تارىخنىڭ تارازىسىدا ئۆلچەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئېنىقكى ، قۇسۇرچى .شۇڭا ، يېتۈكلۈك بىزنىڭ نىشانىمىز بولۇشى كېرەك .

▲ ئىككى خىل ئوتنىڭ دەردى ھەممىدىن يامان : بىرى ، جۇدالىق ، يەنە بىرى ھەسەت . بۇ ئوت ئادەمنى بىر بولسائەڭ ئەقىللىق كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ ، بىر بولسا ئەڭ پەس ،سەۋدايى (ساراڭ ) كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ .

▲ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر دوزاختا سۈپەتلىك «ئوتۇن»بولالايدۇ .

▲ دورامچىلار كۆپ جايدا ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولىدۇ .

▲ نېمە قىلىش لازىملىقىنى ، نېمە قىلماسلىق لازىملىقىنى بىلمەيدىغان ۋاقىت ئادەمدە دەل ۋىجدان ئۆلگەن ۋاقىت .

▲ ئىتنىڭ دوستى بولمىغىنىدەك ۋاپاسىز ئادەمنىڭمۇ دوستى بولمايدۇ .

▲ قىلغان ئىشىدىن خىيالى كۆپ كىشىلەر بىرىنچى ئەخمەق ، دورامچىلار ئىككىنچى ئەخمەق ، باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئىشەنگەنلەر ئۈچىنچى ئەخمەق .

▲ بىز مۇھەببەتنى تەڭرىدىن ، ياشاشنى تەبىئەتتىن ئۆگىنىمىز .

▲ ئادەمنى تەكەببۇرلۇق بىلەن تەمە ۋەيران قىلىۋېتىدۇ .

▲ ئادەملەر باشقىلاردىن ئالدى بىلەن تاشقى قىياپەتتىن ئۈلگە ئالىدۇ .

▲ زىددىيەت كىچىكلىتىلسە تەرەققىيات ، چوڭايتىۋېتىلسە ۋەيرانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ .

▲ ئىنساننىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى ، دۇنيا ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلۇپ ، ئادالەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغان تۇرۇقلۇق رەزىل كۈچلەرنى دادىللىق بىلەن جازالىمايۋاتقانلىقى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ .

▲ تەجرىبە (مەشىق )ئادەمدە رەھىمسىز خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ .

▲ ئاياللار نامەردلىك قىلسا «چىدىغانغا چىقارغان» ،ئەرلەر نامەردلىك قىلسا «جانغا جان ، قانغا قان» .

▲ ئەسەبىي ئايال قورقۇنچلۇق ،نازاكەتلىك ئايال گۈزەل ، مىشچان ئايال خەتەرلىك .

▲ تارىختىن بۇيان چېكىملىك بىلەن ئىچىملىك مىللەتنى چۈشكۈنلەشتۈرۈشنىڭ ، گۈزەللەر (ئاياللار )بىخۇدلاشتۇرۇشنىڭ قورالى بوپكەلدى .

▲ قىساسخورنىڭ ئۆمرى ھەممىدىن قىسقا .

▲ ئىنسان ئۆز-ئۆزىنى ئالداشتىن مەڭگۈ توختىمىغاچقا ھاياتنى ئېچىنىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ .

▲ ئىلىمنىڭ جەۋھىرى قەلبتە ، شەكلى ھەرىكەتتە ئۆزئىپادىسىنى تاپقاندىلا ئاندىن ھەقىقەتەن بىلىمگە ئايلانغان بولىدۇ .

▲ تارىخنى ئىنسانىيەتنى يېتەكلەۋاتقان پويىزغا ئوخشاتقىنىمىزدا رېلىس بىلىمدىن ، رول ھېسسىياتتىن ،تورموز ئەقىلدىن ،ماي تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت بولىدۇ .

▲ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى توم-توم كىتابلار ،ئىلمىي شەرھلەر ،تەسىرلىك ۋەز-تەبلىغلەر بىلەن باھالاش شۇ جەمئىيەت زاتلىرى (ئۇلۇغ ) لىرىنىڭ كەمتۈكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ . ئالىملارغا ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسىغا قاراپ باھا بېرىش كېرەك .

▲ پاكلىقنى ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرگە قارىغاندا ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلىگۈچىلەردىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز .

▲ بىلىم ۋە ھېسسىيات ئوخشاشلا قىممەتلىك ۋە ۋەيران قىلىش خاراكتېرى زور ، تېز ئىسراپ بوپكېتىدىغان ئەمما ئورنىنى مەڭگۈ تولدۇرغىلى بولمايدىغان بايلىق .

▲ بىلىمنى ئۇلۇغلاۋاتقىنىمىزدا ئۇنىڭ پەقەت جەننەتنىڭ ئاچقۇچى بولۇپلا قالماستىن ، ئۇنىڭ يەنە دوزاخنىڭمۇ ئاچقۇچى بولالايدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك .

▲ پەقەت ھۆر ئادەملا ئەركىن پىكىر قىلالايدۇ .

▲ بىر دۆلەتتىكى ئىلىم ھەققىدىكى قانۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئادالىتى شۇجەمئىيەتنىڭ كامالىتىنى بەلگىلەيدۇ .

▲ جەمئىيىتىمىزدە ئىلىم تەشۋىقات ئوبيېكتى ئەمەس ، ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالغان . شۇڭا كۆپلىگەن بىلىملەر (تېخنىكىلار )ئەمەلىي قىممەت يارىتالمايۋاتىدۇ .

- ئابدۇرېھىم قادىر

---

ئاپتور : لوپ ناھىيە ناۋا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## جۇدالىق قۇرلار

▲ بىز يەرشارىدا پىنھان قاۋاقلارنى

ئىزدەۋاتقىنىمىزدا، ئەقلى گويغاقلار مارىستا ھاياتلىق ئىزلىرىنى ئىزدىمەكتە.

▲ ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسى بولغان دېھقانلىرىنى ھىمايە قىلالمىغان ھاكىمىيەت، خۇددى قىش كۈنلىرىدىكى ئايغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئاي يورۇقلۇق تارقىتالىغان بىلەن، ئىسسىقلىق تارقىتالمايدۇ ئەمەسمۇ؟!

▲ پەلسەپە روھى ئاجىزلاشقان مىللەت خۇددى جىنچىراغقا ئوخشايدۇ، چۈنكى كىچىككىنە تەۋرىنىش، ئازغىنە شامالمۇ بۇچىراغنى ئۆچۈرۈپ تاشلىيالايدۇ.

▲ ئەجدادلىرىمىز باتۇرلۇقى، ئەقىل-پاراسەت-لىكلىكى بىلەن «مەڭگۈ تاش»لارنى تىكلەشكە قادىر بولغانىدى، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىزگە ھاراق، پىۋا بوتۇلكىلىرىدىن «قەبرە تېشى»تىكلەش نېسىپ بولۇدىغان ئوخشايدۇ.

▲ ئېتىقادى كۆپخىللاشقان مىللەتنى روھى جەھەتتىن جەم قىلىش تولىمۇ مۈشكۈل.

**— راخمانجان مۆمىن**

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## قەلب سۆزلەشمىلىرى

▲ قانۇننىڭ نوپۇزى ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ چىرىكلىكىدىن كۆرە بويسۇنغۇچىلارنىڭ رايىشلىقىدىن يوقىلىدۇ.

▲ ئىلگىرى بويىغا يەتكەن قىزلىرى يوقىلىپ كەتكەن ئاتا-ئانىلار يىغلاپ تۇرۇپ دەريا - كۆللەردىن ئىزدەيمىشكەن، ھازىر قىز-ئاياللىرىنى يوقىتىپ قويغانلار ھېجىيىپ تۇرۇپ ئالىي دەرىجىلىك مېھمانسارايلاردىن ئىزدەيدىغان بوپقالدى.

▲ تەشۋىقاتتا دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى چىن بولسا، ئەمەلدار تىككەن سۆگەتمۇ مېۋىلىشى مۇمكىن.

▲ يولۋاسنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان توشقاننىڭ تەڭرىگىلا ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

▲ ئاجىزلار ئۇچۇن جىنايەت ھېسابلانغان ئىش كۈچلۈكلەر ئۇچۇن سەۋەنلىك، دەپ قارىلىدۇ.

▲ ئۆزگىلەرگە چوقۇنۇش باش كۆتۈرگەن قەۋمدە ئۆزىنىڭكىدىن قەدىرسىز نەرسە بولمايدۇ.

**— توختى مامۇت ئىزچى**

ئاپتور: يەكەن ناھىيە كاچۇڭ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ «نامراتلىق — جىنايەت». نوپۇزلۇق ئەربابنىڭ بۇ گېپى بويىچە بولغاندا كەمبەغەللەر جاۋابكار، شۇڭا ئۇلارنى جەمئىيەتنىڭ سوراقلىشىغا تاپشۇرۇش كېرەكمۇ؟

▲ قولۇڭ قىسقا بوپقالسا، بۆشۈكتىكى بالاڭنىڭمۇ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيسەن.

▲ ھاياتلىقنىڭ تۇنجى دەرسى سەن مۆدۈرگەن جايدىن باشلىنىدۇ.

**— تۇرسۇنجان ئەكرەم**

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھازىر توي ئاخشىمى نورغۇن يىگىتلەر ئازابلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى (ئوغۇللار) ئۆزىمىزدىن بەكرەك ئىزدەيلى. چۈنكى بۇ «ئۆتنە جاھان» ئەمەسمۇ؟...

**— ئالىمجان سىراجىددىن**

ئاپتور: «شىنجاڭ مېھمانخانىسى»نىڭ قوغداش خادىمى

## تارىخ ۋە زامان ھېسلىرى

▲ ئىزنىڭ ئوچۇق ياكى خۇنۇكلىكىنى ئۇنى باسقانلارنىڭ قەدەملىرىدىن ئەمەس، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇدىغانلارنىڭ غورۇر-جاسارىتىدىن كۆر.

▲ قۇللۇق — تەڭرىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن مۇقەددەس ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بىلمىگۈچىلەرگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى مۇكاپاتتۇر.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، چوڭ-كىچىك قاۋاقخاناۋە پاھىشىخانىلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران گورۇھلارنىڭ ئەلنى بىخۇدلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشتا ساقچى-ژاندارمە-لاردىنمۇ كۈچلۈك بولغان باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى بوپكەلگەن.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، جەمئىيەتتە خائىن، مۇتتەھەملەرنىڭ ئەزىزلىنىپ، ئېتىقادلىق، مەرد ئادەملەرنىڭ خارلىقتاقالغان ۋاقتى دەل زاماننىڭ ئەڭ چىرىكلەشكەن، زۇلمەت باسقان ۋاقتى بولغان.

▲ بىزدىكى «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن تەمسىل دەل ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلىشنى خالىمايدىغان قورقۇنچاقلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلاشتىكى ئەڭ ياخشى دەسمايىسىدۇر.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئەكسىيەتچى - مۇستەبىت زاماننىڭ زۇلمىنى مۇنداق ئىككى خىل تائىپە ھېس قىلالماي كەلگەن: بىرى، زۇلۇم-خور-لۇقلارنى تولا تارتىپ كۆنۈپ كەتكەنلەر. يەنە بىرى، قورقۇنچاقلار.

▲ ئەگەر مەغلۇبىيەت غەلىبىنىڭ ئانىسى بولۇدىغان بولسا، دۇنيادىكى مەغلۇبىيەتچىلەر ئۇنداق يامان كۈنگە قالمىغان بولاتتى.

▲ ئاتالمىش زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ تاشقى جەلپكارلىقىغا مەپتۇن بولۇپ، ھەممە جەھەتتە ئېچىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئاقىۋەتتە

ئۆزىنىڭ ھەممە يېرى ئېچىلىپ ،قىپيالىڭاچ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ .

▲ ھازىرقى زامان دىپلوماتىيىسى شەرەنداز خوتۇننىڭ ئەرلەرگە بەرگەن ۋەدىسىگىلا ئوخشايدۇ .

▲ ئەخلاق ۋە شەرمي-ھايانىڭ ئېغىزدا سۆزلىنىپ ، ئەمەل قىلىنمايدىغان ھالغا قالغان ۋاقتى - كىشىلەرنىڭ ھالاكەت گىردابىغا يېقىنلىشىۋاتقان ۋاقتىدۇر .

▲ ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەرخىل شەيتانلىقلار - قىيامەتنى يېقىنلاشتۇرۇدىغان مۇھىم ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچتۇر .

▲ دۇنيانى ۋاپاسىز دېگۈچىلەر - دۇنياغا ئەڭ بۇرۇن ۋاپاسىزلىق قىلغۇچىلاردۇر .

▲ بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي ھالىتىدىن ئۆملۈك تۇيغۇسى يوقىلىشقا باشلىغاندا ، بۇ مىللەتتە تار مەھەللىۋى يۇرتۋازلىق ئومۇمىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ .

▲ تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈكلەرگە ئەكېلىدىغىنى ئادەتتە غەلىبە-نۇسرەت تۇغى بولسا ، ئاجىزلارغا ئەكېلىدىغىنى بىچارىلىك ، ناچىنىسلىقتىن ئىبارەت بولىدۇ .

▲ ئەمەلدارلار قانچە چىرىكلەشكەنسېرى ھەرخىل شوئارۋە دەبدەبىلىك سۆزلەر شۇنچە كۆپىيىپ بارىدۇ .

▲ نامەرد ئادەمدىن ياردەم تەلەپ قىلغىنىڭ - ئۆز قىممىتىڭنى ئۆزۈڭ يەرگە ئۇرغىنىڭدۇر .

▲ زاماننىڭ تەرەققىياتىنى كۆنسېرى ئېگىزلەۋاتقان بىنالاردىن ئەمەس ، كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن كۆر .

▲ كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقىغا باھا بەرمەكچى بولساڭ ، ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا ئەمەس ، كۆزىگە قارا . چۈنكى تالاي كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا كۈلكە بولغان بىلەن كۆزىدە ياش لىغىرلاپ تۇرغان بولىدۇ .

▲ ئۆزۈڭنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنغانلىقىڭنى ھېس قىلغان ۋاقتىڭ - سەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئەڭ ياخشى ساۋاق دەرسىدۇر .

▲ جەمئىيەتتە ھەقىقىي تالانتلىقلار قالمىغانسېرى «تالانتلىق» سۆزى شۇنچە ئاۋۇپ بارىدۇ .

---

ئاپتور : كونىشەھەر ناھىيە تاشمىلىق يېزا چوڭباغ كەنتىدە ، دېھقان . (ئەپسۇس ، ئاپتور مەزكۇر ئەسىرگە ئادرېسىنى يېزىپ ، ئىسىم-فامىلىسىنى يازمىغان .بۇنىڭدىن كېيىن ئەسەر ئەۋەتكەندە دىققەت قىلىشىنى سورايمىز . - باش مۇھەررىردىن )

## تۈن تۆشلىرى

▲ باشقىلارغا قىلىنغان سەمىمىي ياردىمىڭ داۋاملىشىۋەرسە ، مەجبۇرىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ .

▲ تويدا كىيگەن دوپپاڭنى ساقلاپ قوي ، ھازا كۈنى كىيىشكىمۇ لازىم بولىدۇ .

▲ چۈشۈڭ رېئاللىققا ئايلىنىشتىن ئىلگىرى كۆزۈڭنى ئاچمىساڭ ، غەپلەتتە قالىسەن .

▲ باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قارا .

▲ تولا مەغلۇب بولۇشىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ، ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان تەرەپلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ ، پايدىسىز دەپ قارىغان تەرەپلەرگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقىمىزدىندۇر .

▲ ھوقۇقدارلار ھوقۇقىدىن چۈشكەندىن كېيىن مۇنداق ئىككى ئىشتىن بىرسىگە پۇشايمان قىلىدۇ : بىرى ، پۇقرالار ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ،يەنە بىرى ،پۇقرالاردىن كۆپرەك نەرسە ئۇندۇرۇۋالالمىغانلىقىدىن .

▲ مۇھەببەتتە چوقۇندۇرمەن دەيدىكەنسەن پۇشايماندا قالىسەن . چوقۇنىمەن دەيدىكەنسەن ئەخمەق بولىسەن .ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ تاللا .

▲ باشقىلارنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇلى ، ئۇلارنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى سەزدۇرمەستىن بايقاش ۋە ئاجىزلىقىدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىشتا .

- قاسىمجان ئەمەت

---

- ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسلاتلىرى

▲ ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى ئۆزھالىنىڭ نېچۈكلىكى توغرىسىدىكى ھەقىقىي شوئارلارنى ئۆز قەلبىدىن ئاڭلىيالماسلىق .

▲ ھازىرقى ۋاقىتتا نەپ ئېلىش بىرخىل ماھارەت ، نەپ يەتكۈزۈش بولسا بىرخىل مەجبۇرىيەت .

▲ ھازىر ھەممە ئادەم ئىشنىك ئېچىشتا ئاچقۇچىنى ئىزدەپ ئاۋارە بولىدۇ (ئاچقۇچقا بەكرەك موھتاج بولىدۇ ) ،لېكىن قۇلۇپنىڭ ساختىلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ .

▲ ئەڭ كۈلكىلىك ئىش قىلىپ قويغان ۋاقتىمىز - بىزنىڭ ئەڭ ھاياجانلانغان ۋاقتىمىز .

▲ ئاتا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كىرنى تازىلىماي يۇشۇرۇدىكەن ، بالىسى ئۇنى بېيىتقان ھالدا جەمئىيەتكە ئاچىقىدۇ .

▲ دۇنيادا ھەممە ئادەمدە بولۇدىغان بىردىنبىر گۈزەل ۋە قىممەتلىك نەرسە بولىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ بۈگۈن ۋە ھازىردىن ئىبارەت .

▲ ئۆتكەن ھاياتتىن خۇشاللىق ئىزدەش بۇلتۇر يېگەن تاماقتىن قۇۋۋەت ئىزدەش بىلەن ئوخشاش .

▲ دوست ئۈچۈن ھەممىنى كۆرستىش ھاجەتسىز ، ھەقىقىي دوست سۆكۈت ئىچىدە ھەممىنى بىلىشكە قادىردۇر .

▲ ئاياللاردىن نەپرەتلىنىشكە ھېرىسمەن ئەرلەر

ئالدى بىلەن ئۆزىدىن نەپرەتلەنسۇن .

▲ ئىجاد قىلىش مەقسىتى بولمىغان ئۆگىنىش ، بەربىر شالىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتىدۇ .

▲ مەن ئەرزىگۇدەك دۈشمىنىمنى ساقلاپ قېلىشنى ياخشى كۆرىمەن ، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىم .

▲ ئۆزىنى كۆچەيتمەي يېغىلىغانلارغا ھېسداشلىق قىلغانلارنىڭ ئۆزىمۇ يېرىم قولدۇر .

▲ زورلاپ قىلىنغان ئىشنىڭ ئاخىرى ساختىلىق بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشى مەڭگۈ يېڭىلىشمەيدۇ .

▲ ئادەم مەڭگۈ بىرنەرسىنى ئىزدەيدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى ئېسىگە كەلمەيدۇ .

▲ ئۆزۈڭ ئېرىشەلەيدىغان ھوقۇقنى باشقىلارنىڭ ئىلتىپاتى دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلىش ئۈچىغا چىققان قۇلچىلىقتۇر .

▲ مەن شۇنداق بىر سۆزدىن شۇنداق قورقىمەن . بۇ دەل «ئەتە» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى .

▲ «مەن سىزگە ئاشىق» دەپ يىلىنغۇچىلار- ئۆزىگە ئاشىق بولۇشنى بىلمىگۈچىلەردۇر .

▲ بىزدىكى ئىس-تۈتەكسىز بومبا ھاراقكەشلىك .

▲ بۈگۈنكى زىيادە شادلىق ، ئەتىكى قايغۇغا ھامىلىدار .

▲ ئادەم باشقىلارنىڭ چۈشەنمەسلىكىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنمەسلىكتىن ئەنسىرىسە بولىدۇ .

▲ باشقىلارنىڭ سېنى بوزەك قىلغانلىقىدىن ئاغرىنماي ، ئۆزۈڭنىڭ باشقىلاردىن قابىلىيەتسىزلە- كىڭدىن ئاغرىن .

▲ ئۆزىگە سوئال قويالمىغان ئادەمدىن تەقدىر ھەردەقىقىدە ھېساب ئېلىۋېرىدۇ .

▲ بىزنىڭ تراگېدىيىمىزنىڭ باشلىنىشى ئەقلىمىز بىلەن ھېسسىياتىمىزنىڭ توقۇنۇشقان ۋاقتىدۇر .

▲ سەمىمىيلىكنىڭ ئالدىدا دۇنيا ھېچنېمە !

▲ ئىرادىسىزلارلا ئىشەنچىسىنى يوقاتقاندا ، بۇ تەقدىر دېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ .

**- نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى**

---

ئاپتور : يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ دىلكەش ، مەسلەكداش ئادىمى بولماسلىق ۋەتەن ، خەلق ھەققىدە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككەنلەرنىڭ دائىم يولۇقىدىغان بەختسىزلىكى ، تۇرلۇك توسالغۇ ، تەقىپ تۈپەيلى قىلماقچى بولغان ئىشلارنى قىلالماسلىق ، شۇنداقلا يەنە جاندىن ئەزىز بىلىدىغان ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ دەپسەندە

قىلىنىشنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ھەسرىتى . بۇ رەزىللىكنىڭ ئىجراچىلىرى دەل ئەكسىيەتچى - مۇستەبىت ھۆكۈمەت ۋە نادان ئامما .

▲ ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈمىدا سۇ ، يېمەكلىك توشۇغان بولسا ، بۈگۈنكى ئىنسانلار ئۈچۈن سۇ ، قورۇقلۇق ، ھاۋانىڭ ھەممىسىدە توشۇش قوراللىرى بار بولدى . توشۇش ۋاستىلىرىنىڭ ھەجمى ۋە سۈرئىتىدە بورۇنقىغا قارىغاندا مىسلىسىز ئېشىش مەيدانغا كەلدى . ياغاچ قولۋاق بىلەن يۈزمىڭلاپ توننىلىق پاراخوتنىڭ پەرقىنى بىلىدىغان جەمئىيەتشۇناسلار بۇ خىل ئېشىشنى «تەرەققىيات» دەپ مەدھىيىلەۋاتىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ ، ئىنسانلار نەپسىنىڭ بارغانچە زورىيىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ، خالاس .

**- ياقۇپ مەھمۇت مەجىدىي**

---

ئاپتور : ۋۇخەن سۇ-ئېلېكتر ئىنستىتۇتى سۇچىلىق كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ پەقەت تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇۋاتقاندا مىللىي غۇرۇرى كۆچىيىپ كېتىدىغانلار كۆنىنىڭ قىزىقىدا تەرلەپ ، كۆن پاتقاندا مۇزلايدىغان ئىنسانلاردۇر .

**- مۇساجان ئىسرائىل**

---

ئاپتور : بورتالا ناھىيە ئوچاستىكىدا ئىشلەيدۇ

▲ پاشىنىڭ غىڭىلدىشى ئۆزىدىن چوڭ ، بىراق ھەيۋەت مەخلۇق پىلنىڭ تولا ھاللاردا سۈكۈتتە يۈرۈشى ھەقىقەتەن كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ !

▲ «ئىشتىن بوشىتىۋېتىمەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ، كىممۇ جان-دىلى بىلەن خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلىسۇن !؟

**- ئابدۇلئەھەد ئابدۇسوپۇر (ئارمان) ، تۇرانىياز ياسىن**

---

ئاپتورلار : ئوقۇتقۇچى

▲ بۇ دۇنيادا ئەسكى ئادەم يوق ، ئىشەنمىسىڭىز ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭ .

**- ياسىن چورۇق**

---

ئاپتور : باي ناھىيە مىچىغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ گۆھەر قىزىلغۇچە ياكى بايقالغۇچە بىزگە موھتاج بولىدۇ . بايقالغاندىن كېيىن بىز ئۇنىڭغا موھتاج بولىمىز .

▲ سۇ ھەرقانچە ئۇلۇغ ئاقسىمۇ ، ئۈستىدىكى ئاجىز چۆپنى يۇتۇپ كېتەلمەيدۇ .

▲ بۈگۈن ئەڭ ئېسىل تاماق يېگەن بولساق ،

ئۇ ئىستىمال . ئەمما ئەڭ قاتتىق تاياق يېگەن بولساق ،ئۇ تارىخ .

ـ پاتىگۇل قاسىم تۆرىبەگ

ئاپتور : ئونسۇ ناھىيە توخۇلا يېزا خالۋاپ كەنتىدە ، دېھقان

* * *

▲ بەختىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ ـ ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى پەقەت بەختسىزلىك قىسمەتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن يۈرەكلا ھەقىقىي ئاڭلىيالايدۇ .

▲ قەلبىڭنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇق پۈتكۈل جاھاننى زۇلمەتكە چۆمدۈرىدۇ .

▲ كىشىلەرگە دەرد تۆكۈپ يۈرمە ، ھەممە ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭكىنىلا كۆتۈرەلەيدۇ ،ساڭىلا مەنسۇپ بولغان قايغۇلارنى باشقىلار قانداقسىگە ئۆزىنىڭ قىلىۋالىسۇن ؟

▲ قانائەتسىزلىنىش تۇيغۇسى بەزىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ ، بەزىلەرنى مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىدۇ .بۇ ھەركىمنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا باغلىق .

▲ ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ، بىر ئۆمۈر ئۆزى ياسىغان نىقابتا ياشايدۇ .

▲ سەن ئېرىشكەن نەرسە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان نەرسەڭنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن .

ـ ئايىمنىسا نىياز

ئاپتور :قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تەرمىلەر

▲ ئادەملەر ئەزەلدىن مۇتلەق چىقىشالمايدىغان ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كەلگەن . بىر تۈركۈمى ھەقىقەتنى مەنپەئەتكە ئۆلچەم قىلغان ؛ يەنە بىر تۈركۈمى مەنپەئەتنى ھەقىقەتكە ئۆلچەم قىلغان .

▲ زىيالىيلار نادانلاردىن ئۈمىدسىزلەنسە ،بۇ ئەڭ چوڭ نادانلىق بولىدۇ .

▲ نومۇسسىزلارنىڭ ئارىسىغا بىر نومۇسچان كىشى كىرىپ قالسا ،نومۇسسىزلار ئۇنىڭدىن قاتتىق نومۇس قىلىدۇ .

▲ ئېتىقادسىز ئالىم ماگىزىندىكى قورالغا ئوخشايدۇ .بۇ قورال ئارقىلىق خالىساڭ «قورال ياسىغۇچى »نىمۇ ئۇجۇقتۇرالايسەن .

▲ پۈتى سېپىلغان كۆۋرۈككە قەدەم باسماسلىق ـ ئېشەكنىڭ ئىشى ؛ قايتا سىناپ كۆرۈش ـ ئادەمنىڭ ئىشى .

▲ ھەقىقىي ئەركىنلىك ـ باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى قىلمىغان ئەركىنلىكتۇر .

▲ سەپسەتىگە قورالنىڭ سايىسى چۈشسە ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ .

▲ كىشىلەر نەچچە مىليارد يورۇقلۇق يىلى يىراقلىقتىكى ماكاننى ئەمەس ،نەچچە ئون كۆنلۈك كېيىنكى زاماننى كۆرەلىگەن بولسا ،بۇدۇنيادا پاجىئە يۈز بەرمىگەن ۋە ياكى ئازراق يۈز بەرگەن بولاتتى .

▲ يۈزنەچچە يىل بۇرۇن غەربلىكلەر يىراق شەرقتە ئۇخلاپ ياتقان غايەت زور ئەجدىھانى ئويغىتىپ قويغانىدى .ئەمدىلىكتە ئۇلار ئوتتۇرا شەرقتە ئۇخلاپ ياتقان غايەت زور بۇغرا تۈگىنى ئويغاتماقتا .

ـ ئوبۇلقاسىم نۇرئەخمەت سەۋدائىي

ئاپتور :قاراقاش ناھىيە جاھانباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سىياسەت ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ چېكىدىن ئاشقان سەزگۈرلۈك ،ئادەمنى گۇمانخور قىلىپ قويىدۇ .

ـ كەرىمە ئەخمەتجان

ئاپتور : ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## ئۆزۈك تىنىقلار

▲ ئىشەنچ تۈگىگەن يەردە ئەڭ رەزىل ئالدامچىلىق باشلىنىدۇ .

▲ بىز «زامانىۋى مەدەنىيەت» دەپ بەزمىخانىلار-دا ئالىتاغىل تولۇپ ،ھەرياڭزا تولغاپ ئويناۋاتىمىز ؛ بۇنىڭ بىز خوراپاتلىق دەپ قامچىلىغان پىر ئويۇنىدىن نېمە پەرقى؟ . . .

ـ توختىنىياز ئالىم

ئاپتور : بۈگۈر ناھىيە چۆمباغ بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر كۆزى

▲ ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن ئارتۇق پۇرسەت يوق .

▲ ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم ،ئۆزگىنىمۇ چۈشىنەلمىگەن ئادەمدۇر .

▲ سۆيۈشنىڭ سۆيۈملۈكلىكى سۆيۈلگەنلىكىدە-مىزدە .

▲ ئاجىز دۈشمەن بىلەن كۈچ سىنىشىش ، سىنىڭ ئەسلىدىكى كۈچۈڭنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋې-تىدۇ .

▲ شەكىللىنىپ بولغان يول ئايىغىمىزنىڭ ئاستىدا ، شەكىللىنىش ئالدىدىكى يول مېڭىمىزدىكى

ئىنكاسىنى .

— نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن

ئاپتور : يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق بېزىسىدا

## پارچە تەسىراتلار

▲ «پۇلغا ھەممە نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ ،بىراق مۇھەببەتنى ،ھېسسىياتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ» دېيىشنىڭ دەۋرى ئۆتتى . چۈنكى ئامبىركىلىقلار پۇل ئارقىلىق سادداملىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ۋەتەنگە ،سادداملىغا بولغان مۇھەببىتىنى ،سادىقلىق ھېسسىياتىنى پۇلغا بولغان مۇھەببەتكە ،ۋەتىنىگە ،سادداملىغا بولغان خائىنلىق ھېسسىياتىغا ئالماشتۇردى .نەتىجىدە سادداملىم ناھايىتى تېزلا مەغلۇب بولدى .

▲ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» ، «خىزمەتتە ئۈچۈق-ئاشكارا بولايلى» دەپ جېنىمىزنىڭ بارىچە ۋارقىرايمىز ، تەشۋىق قىلىمىز-يۇ ، نېمە ئۈچۈن «بۇيىل دېھقانچىلىقتا مول ھوسۇل ئېلىنىپ ، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى بۇلتۇرقىدىن مۇنچىلىك ئاشتى . . .» دېيىشنىڭ ئورنىغا «دېھقانلارنىڭ باج-سېلىقى كىشى بېشىغا مۇنچىلىك . . .» دېگەننى بىرەر قېتىم بولسىمۇ دېيەلمەيمىز ؟ . . .

— مۇختار مۇسا

ئاپتور : «مايتاغ نېفىت — خىمىيە گېزىتى» دە ئىشلەيدۇ

▲ تۇۋا ! ھازىرقى زاماندا ئىچمەيدىغان ، چەكمەيدىغان ئوغۇل بالىنى «ئوغۇلبالا — ئەركەك !» دېمەسمىش . ئۇنداقتا ئىچىدىغان ،چېكىدىغان بەزى قىزلىرىمىزنى «ئوغۇلبالا» دېسەك بولىدىكەن-دە ؟ !

— گۈلى رەنا

ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى

## نومۇس بىخلىرى

▲ ئىنسان مەلۇم بىر ئاڭنىڭ كونتروللۇقىدىن ئۆزۈل-كېسىل قۇتۇلغاندىلا ئاندىن يېڭى بىر ھەقىقەتنىڭ يولىنى تاپالايدۇ .

▲ مۇشكۈللۈك ئاسانلىققا يول ئاچىدۇ .

▲ ھايات ۋە قىسمەتنى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن چۈشەنسەڭ گۈزەلدۇر ، رەزىللىك نۇقتىسىدىن چۈشەنسەڭ رەزىلدۇر .

▲ گاھىدا سەن ئۇلۇغ ۋە دانا دەپ بىلگەن ئىلىم ۋە ھەقىقەت ھامىيلىرى نادان ۋە بىۋاپا ،بىۋاپا ۋە نادان دەپ چۈشەنگەن ئاددىي كىشىلەر بولسا ، دانا ۋە ۋاپادار بولۇپ چىقىدۇ .

▲ ئىنسان شۇنداق ئاجايىپ بىر مەخلۇقكى ، ئۇ ئۆزى تەرغىب قىلىۋاتقان ئىدىيە — نەزەرىيىلەرگە ئۆزى ئەمەل قىلمايدۇ .

▲ تونۇگۇن دانا ۋە پىداكار ئاتالغان ئادەم بۈگۈن نادان ،ئەرزىمەس ،ئەخمەققە ئايلىنىدۇ .

▲ دانالىق ۋە قەھرىمانلىق نىسبىيدۇر .

▲ نادان ۋە تەكەببۇرلار بىلەن بىرگە بولساڭ زېرەك ۋە كەمسۆز بول .

▲ ھەقىقەت توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاندا داجىمايدۇ ، بەلكى ئارام ئالىدۇ .

▲ تونۇگۇن ئىنكار قىلىنغان پىكىر ۋە ھەقىقەتلەر بۈگۈن ياكى ئەتە مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ .

▲ رېئاللىقتىن چەتنەپ كېتىش — سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرغا زىيادە بېرىلىپ كېتىشنىڭ نەتىجىسىدۇر .

▲ ئۆزۈڭ ياقتۇرمايدىغان ھەتتا چۈشەنمەيدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر قىلىپ باق . ئۇ ساڭا ئويلىمىغان مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشى مۇمكىن .

▲ نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تارىخنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەيدۇ . تارىخ ئەسلىگە كېلىشىمۇ مۇمكىن . ئەمما ئۇ كىشىلەرنىڭ خىيالىدىكىدەك ئەمەس ، بەلكى شەكلى ،مەزمۇنى ئۆزگەرگەن ھالەتتە ئەسلىگە كېلىدۇ .

▲ ئۆلۈمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ مىدىرلىساڭ ، مۇۋەپپەقىيەت شوتىلىرىدا ئۆرلەيسەن .

▲ ھەقىقەتنى ئىزدەش — خۇدانى ئىزدىمەكلىكتۇر .

▲ نادانلار قول بوپكېتىشكە رازىكى ، ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارنى تۈزىتىپ ھەقىقىي ئادەم بولۇشقا رازى ئەمەس .

▲ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ، كىشىنى سەپرا-تېرىككەك ۋە ئۇششاق سۆز قىلىۋېتىدۇ .

▲ ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر قوپاللاشسا ،تىلمۇ قوپاللىشىدۇ .

▲ تىلنىڭ ئېلمىيلىشىشى — پىكىرنىڭ گۈزەللىشىشىدۇر .

▲ ئۆزگە بولغان ئىشەنچ تۈيغۇسى كۈچلۈك كىشىلەرلا ئۆز-ئۆزىنى ئىنكار قىلالايدۇ ۋە ئۆزىنى تاپالايدۇ .

▲ تىلنىڭ ئېلمىيلىشىشى ۋە گۈزەللىشىشى پىكىرگە گۈزەللىك ئاتا قىلىپلا قالماي ، بەلكى ئىنسانغىمۇ ھۆرمەت ۋە سالاپەت بېغىشلايدۇ .

▲ دانالارمۇ گاھىدا گۈزەللەشتۈرىمەن دەپ پۈچەكلەشتۈرۈۋالىدۇ .

▲ دەسلەپتە ساددا ھەۋەس ، ئىشتىياق تەرىقىسىدە تاشلانغان قەدەملەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر خىل بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت بوپقالىدۇ .

▲ ئوقۇمۇشلۇقلاردىكى ئىچى تارلىق كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ

قويۇدىغان سەۋەبلەردىن بىرىدۇر .

▲ يولۇڭنى توسۇغانلار ئاداققى رەۋىشتە ئەقىدە ، تالانتىڭنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ .

▲ سېنىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرىڭنى باشقىلارنىڭ چۈشىنەلمەسلىكى ، چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ ئوي-پىكىرلىرىڭنى راۋان ، چۈشىنىشلىك ، ئاددىي تىل بىلەن شەرھلەپ بېرەلمىگەنلىكىڭدە .

## ئاياللار مەڭزىدىكى داغ ۋە زىناقلار

▲ ئاياللار ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىقلىرى قانۇنلۇق ، ئەرلەرنىڭ زوراۋانلىقلىرى قانۇنسىز .

▲ ئايال كىشى ئېھتىياتسىزلىقتىن تېگىپ كەتسە تۇيۇقسىز پارتلايدىغان بومبىدۇر .

▲ ئەرلەر تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمىغان ئىشلارنى ئاياللار ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . ئەرلەر چېكىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىشىكلەرنى ئاياللار مۇشتۇمى بىلەن ئۇرالايدۇ .

▲ ئاياللارنى تولۇق چۈشىنەلىسەڭ ، دۇنيانىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلەلەيسەن .

▲ ئاياللار قەدىر - قىممىتى يەرگە ئۇرۇلغان ياكى ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتى نامايان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا پەۋقۇلئاددە ئۇسۇللار بىلەن ئۆز ئادەملىكىنى نامايان قىلىدۇ .

▲ ئاياللارنىڭ زىيادە ئەركىنلىشىشى تۈپەيلىدىن غەربلىشىشى مۇسۇلمان ئاياللىرى دۇچ كەلگەن ئېغىر كرىزىستۇر .

▲ ئاياللارنىڭ ئەركىنلىشىشى ئەرلەرنى ئۆيگە بەنت قىلماقتا .

**- زەپەر ئابدۇلھەي**

---

ئاپتور : نىلقا ناھىيە سۇ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

* * *

▲ خۇدا ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلغۇچىلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىشتىن ئاۋۋال تارىخىمىزغا نەزەر سېلىپ باققىن .

▲ يانفون : سودىگەرلەر ئۈچۈن ئۈچۈر ، شوپۇرلار ئۈچۈن يولۇچى ، ساقچى ئۈچۈن بۇيرۇق ، نامراتلار ئۈچۈن تەقەززا ، سۆلەتۋازلار ئۈچۈن ئابروي ، پاھىشىلەر ئۈچۈن خېرىدار ، ساتقۇچىلار ئۈچۈن پايدا ، ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن چىقىم ، ئىشقىۋازلىق قىلىپ پۇل يەتمىگەندە گۆرۈ ، ئەمەلدارلار ئۈچۈن مەخپىيەتلىك ، ئاياللار ئۈچۈن ئالتۇن جابدۇق ، ئەرلەر ئۈچۈن بويۇنتۇرۇق .

▲ ئۆمرۈمدە بىر قېتىم نامايىش قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلىگەن بولسام ئىدىم ، ئۇ چاغدا مەن : « ئالىم بولۇش قولۇڭدىن كەلسۇن ، ئۇ قولۇڭدىن كەلمىسە ، ئالىم بولغان ۋە بولۇۋاتقانلارغا ياردەم بېرىش قولۇڭدىن كەلسۇن ، ئۇمۇ قولۇڭدىن كەلمىسە ، ئۇلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىش قولۇڭدىن كەلسۇن ، ئۇ قولۇڭدىن كەلمىسە ، ئۇلارغا پۇتلىكاشاڭ بولماسلىق ، ۋاقتىنى ئوغرىلىماسلىق قولۇڭدىن كەلسۇن ، ئۇمۇ يەنە قولۇڭدىن كەلمىسە دەرھال گۆرۈڭگە كىرىپ كەت ! » دېگەن سۆزنى شوئار قىلىپ يېزىپ ، سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان بولار ئىدىم .

**- ھەبىبۇللا لېتىپ**

---

ئاپتور : پىچان ناھىيە پىچان يېزا كېچىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ يېرىم يالىڭاچ كىيىنگەن قىزنى مەھەللىگىدە كۆرۈپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرگىنىڭ ، ئۆز سىڭلىڭغىمۇ «مۇشۇنداق يۈر» دېگىنىڭ .

▲ ھەر يىلى «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى» ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ . بايرام كۈنى ئوقۇغۇچىلار دەم ئالىدۇ . چۈشتىن بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى توغرىلىق خاتىرىلەش ، تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ ئوقۇتقۇچىنى مەدھىيىلەيدىغان ماقالە ، شېئىر ، ناخشىلار ئوقۇلىدۇ . چۈشتىن كېيىن ھەممە ئۆزى پۇل چىقىرىپ رېستورانىدا كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىش قىلىدۇ . ھەيرانمەن : دۇنيادا ئۆزىنىڭ بايرىمىنى ئۆزى تەبرىكلەيدىغان بىزگە ئوخشاشلار يەنە بارمىدۇ ؟ ئەسلى ئوقۇتقۇچىنى ئوقۇتقۇچى مەدھىيىلەمدۇ ياكى ئوقۇغۇچىمۇ ؟ بايرىمىنى ئۆزى ئۆتكۈزەمدۇ ياكى ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ؟ ئۇلار نېمىشقا بايرامغا كەلمەيدۇ ؟ . . .

**- ئابدۇنىياز توختى**

---

ئاپتور : شىنجاڭ ماائارىپ ئىنستىتۇتى سەنئەت فاكۇلتېتى گۈزەل سەنئەت كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ مېنىڭچە ، ئىنسانلاردىن ھامان بىر كۈنى ئۆزى ئاغرىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل كۈنلەر ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز .

**- ئابدۇروسۇل تۇرسۇن**

---

ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى تۆۋرۈكى ، كۇلكە-چاقچاق مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى ، مەي-شاراب مىللىتىمىزنىڭ كۆڭۈل خۇشى ، مانا بۇ ئۈچ ئالاھىدىلىك مىللىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋر مەنتىقىسى .

▲ دوستۇم ، ئەمەل-مەنسەپ خۇددى ئۈجمە كۆڭۈل قىزلارغىلا ئوخشايدۇ . شۇنداق قىزلارغا ھەممە كۆز ھەۋەسلىنىپ قارىشىدۇ . ئەمەل-مەنسەپكە نادان ئادەملا ھەۋەس قىلىدۇ . لېكىن ئەمەل-مەنسەپ بۈگۈن ماڭا نېسىپ بولۇپ ، مېنى خۇشھال قىلسا ، ئەتە ساڭا نېسىپ بولىدۇ-دە ، سېنى خۇشھال قىلىدۇ . ئەمما ئۆگۈنلۈككە كىمگە نېسىپ بولۇشىنى سىز - بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز .

**- توختى مۇھەممەت ئارىش**

---

ئاپتور : يەكەن ناھىيە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى

▲ ئەقىللىق سودىگەرلەر بىرلىشىپ تاۋار باھاسىنى ئۆستۈرسە ، ئەقىلسىز سودىگەرلەر بازا تالىشىپ باھانى چۈشۈرىدۇ .

▲ ئۆز سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان غەيرىي كىيىملەرنى دەرسخانىغا كىيىپ كىرىدىغان ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا يامان ئادەتنى ئۆگىتىدىغان مودېلغا ئايلىنىپ قالىدۇ .

▲ دادىسىدىن كىچىك قالغان بالىلىرىنى دەپ ياتلىق بولماي ئەخلاق - غورۇر بىلەن ياشىغان ئايالغا «قەھرىمان» دەپ نام بەرسە ، مۇناسىپ كېلىدىغان ئايالدۇر .

▲ ئەرنىڭ تۇغقانلىرىنى ئۈچ كۈن ئۆيىدە قوندۇرۇپ مېھمان قىلغان ئايال ۋاقتىنىڭ تولىمۇ ئۇزۇنلۇقىنى ھېس قىلىدۇ .

- جۇرئەت نىزام

---

ئاپتور : شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 5 - دېۋىزىيە مىللىي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تىنىقلىرىدا

▲ ئاقىللار يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى كۆزدىن كۆرەلەيدۇ .

▲ ئاياللار ئازاب چەكسە كۆزى يىغلايدۇ .

ئەرلەر ئازاب چەكسە يۈرىكى يىغلايدۇ .

▲ دىپلوم تەڭپۇڭسىز تارازىدا ئۆلچەنگەن تاج .

▲ ئېتىقادتىن ئايرىلىپ ئىزدەنگەن ئىلىم كوندۇزى ئوخلاپ ، كېچىسى يۈرگەن يولۇچىغا ئوخشايدۇ .

- مەھمۇت روزى

---

ئاپتور : شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى كېرىيە شۆبىسىدە

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ پۇشايمانغا ئادەتلەنگەنلەر ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ .

▲ بىراۋنى ئالدىراپ كەمسىتمە ، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن .

▲ ئەرنىڭ ئىپپىتى - مەخپىيەت ( سىر ساقلاش ) .

▲ سەۋر - تاقەت - ئۈمىدسىزلىكنىڭ دورىسى .

▲ غەيۋەت - ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىش .

▲ ھەسەت - شەخسىيەتچىلىكنىڭ پىلتىسى .

▲ پىتنە - قان چىقارماي ئادەم ئۆلتۈرۈش .

▲ دورامچىلىق - ئەقىلنىڭ نابۇت بولۇشى .

▲ ماختاش - چىقىم كەتمەيدىغان پارا .

- ئابلىكىم ئابلىز

---

ئاپتور : باي ناھىيە سايرام بازىرىدا

## خىيال دېڭىزىمدىن پارچە - پۇراتلار

▲ تارىخ ، تارىخ بىلىمگەنلەرنى ناھايىتى تېزلا تارىخقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ .

▲ دۇنيا ، مىللەت ئۈستىدە باش قاتۇرغىچە ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ توغرىلىق باش قاتۇر !

▲ مىللەتنىڭ قوتۇلدۇرىمەن دېگۈچە ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى قوتۇلدۇر !

▲ مىللەتنىڭ ئىللىتىنى تۈزەيمەن دېگۈچە ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدىكى ئىللەتنى تۈزە !

▲ ھەقىقەتنى تونۇش پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويدۇڭ ، ئۇ ئەمدى سېنى تاشلايدۇ ، دەپ ئەپسۇسلانما ! «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى سېنى ھەقىقەت يوللىرىغا باشلاۋاتىدۇ .

- ئوسمانجان ياقۇپ

---

ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## بوۋام شۇنداق دېگەن...

▲ زۇلۇم بىر رېزىنكىگە ئوخشايدۇ . سەن ئۇنى تارتمىساڭ ئۇ جىم تۇرىدۇ . ئەگەر سەن ئۇنى باشقىلارغا قارىتىپ سوزۇپ قويۇپ بەرسەڭ ، ئۇ باشقىلارغا تېگىپ ئارقىدىنلا ئۆزۈڭگە ياندۇ .

▲ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە - ھەممە نادانلارغا ، بىخۇدلاشقان مەلئۇنلارغا ئورتاق «تەسىس» قىلىنغان دەرستۇر .

- نۇرئەلجان مۇھەممەت

---

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئىت غالجىرلاشسا قويۇرۇقىنى تالايدۇ ، ئادەم نادانلاشسا ئۆز قەۋمىنى غاجايدۇ .

- نەسۇھا قاسىم (جۇرئەتسىز)

---

ئاپتور : غۇلجا ناھىيە ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى 2 - ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## غېرىب تۇيغۇلار

▲ خەلقىنىڭ قەلبىدىكىنى ناخشا قىلىپ تۆكۈلگىنى ھەقىقىي سەنئەتكاردۇر .

▲ مۇھەببەت ئازابى تارتمىغان ئادەمنى روھىي كېسەل دەيدىكەن ، مۇھەببەت ئازابىنى ھەممىدىن

ئارتۇق تارتىپ كەتكەننىمۇ روھىي كېسەللىكمىكىن، دەيمەن.

▲ باشقىلارنى قانداق قىسمەتكە دۇچار قىلغان بولساڭ، بىر كۈنى سەنمۇ شۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولىسەن.

▲ دۈشمەن ئالدىدا باش ئەگمىگەن قەھرىمان مۇھەببەتنىڭ تەلۋە كۈچى ئالدىدا باش ئېگىشى مۇمكىن.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئادەمدىن ياش تامسا قول بولغان، قان ئاقسا ھۆرلۈككە ئېرىشكەن.

▲ گۈزەللىكنى جىمى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ مەنبەسىمىكىن، دەيمەن.

▲ ھەق-ناھەق تەڭ مەۋجۇد بولمىغان بولسا، ئادەم دۇنياغا ئاپىرىدە بولمىغان بولاتتى.

▲ ھەرقانداق نەرسىنىڭ داۋاسى بار لېكىن... پۇشايماننىڭ، ھەسەتنىڭ، كۆيۈكنىڭ داۋاسى يوق.

▲ ئادەم دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىدۇ، بىراق نەچچە قېتىم ئۆلىدۇ.

▲ شارائىت ھازىرلانغاندا ئەمەس، بەلكى شارائىتنى ئۆزى يارىتىپ چىققان ھەقىقىي قەھرىماندۇر.

▲ ھەقىقەت قانچە ئۇزاق ئېگىلىپ تۇرسا، شۇنچىلىك ئۇزاق ۋاقىتتا ئاندىن رۇسلىنىدۇ، قاچانكى تېزلا رۇسلىنىمەن دېسە، شۇيەرنىڭ ئۆزىدىلا سۇنىدۇ.

▲ ھەقىقەت خار بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ ھەقىقەت، پەقەت خار بولمىغان ئۇ ھەقىقەت ئەمەس، بەلكى قۇرۇق سەپسەتە.

▲ ھاياتتىن رەنجىسەڭ، تەقدىرمۇ ساڭا قاپاق تۈرىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرگىنىنى ھەم نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈلگىنىنى بىلمىگەندىن ئارتۇق ھاماقەتلىك بولمىسا كېرەك.

▲ تارىخ قان بىلەن پۈتۈلىدۇ، ئازاب ئىچىدە يېزىلىدۇ، كۆز ياش بىلەن ئوقۇلىدۇ، ھەسرەت بىلەن سۆزلىنىدۇ.

▲ بۇدۇنيانىڭ جەننىتىنى تاپالمىغان ئادەم ئۇ دۇنيانىڭ جەننىتىنىمۇ تاپالمايدۇ.

▲ ئىككى يۈرەكتىن تەڭ چىققان ھەقىقىي مۇھەببەتتۇر.

بىر يۈرەكتىن چىققىنى ھىجراندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىدىن كېچەلىگەن ئادەم ئەيمىنىشكە، ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك ئادەمدۇر.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم ئادەمنى يا ئۆرە بولالماس قىلىۋېتىدۇ، يا ھېچنېمىدىن قورقماس قىلىۋېتىدۇ.

▲ بىزنىڭ ئەرلىرىمىز خوتۇنغا تويغاندا، ئاياللىرىمىز مال-دۇنيا، كىيىم-كېچەككە تويىدۇ.

▲ مۇناپىقتىن باشقا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدا ئەمەس، بەلكى چىن يۈرەكتىن سۆيگەن بىردىن ۋەتىنى بولىدۇ

## ئاياللار ئاجايىپ دۇنيا

▲ بەلكىم ئاياللار ئەرلىرىنى ئازابلاش ئۈچۈن يارالغان بولسا كېرەك.

▲ ئاياللارنى ئۇلۇغ قىلغان «ئانا» دېگەن بىر جۈملە سۆز.

▲ شۇنچە داۋراڭ سېلىنغان «ئاياللار ئازادلىقى» نېمە بولدى؟ يالىڭاچلىق ۋە ئۇچۇق پاھىشە.

▲ ئەرنىڭ ئەر بولغان ۋاقتى، ئايالنىڭ ئايال بولغان ۋاقتى بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئۆزىنى تونۇغان (تاپقان) ۋاقتى.

▲ ئايالنىڭ ئىپپەت سارىيى دېگەنلىك — مىللەتنىڭ ئار-نومۇسى دېگەنلىك، ۋەتەننىڭ ئار-نومۇسى دېگەنلىك — ئەرنىڭ ئىپپىتى دېگەنلىك.

▲ ئاتا دۇنيادىن كۆز يۇمغاندا بالىلىرىغا ئاتىلىق ئورنىنى باسالايدىغان ئاياللار ھەقىقىي ئانىدۇر.

▲ بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنى بىرى خوتۇن، يەنە بىرى پۇل بۇزىدۇ.

▲ قاچانكى نومۇسىنى ساتقان ئايالغىلا جازا بەرمەستىن، پاھىشىۋاز ئەرگىمۇ جازا بەرگەن چاغدا ئاندىن ئەر-ئاياللار باپباراۋەر، دېيىش كېرەك.

▲ ئايالنىڭ ئىپپىتى قانداق بولسا، ئەرنىڭ ئىپپىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

▲ ئۆزى سۆيگەن ھەم باغرىغا باسقان ئادەمنى خارلىغاندىن ئارتۇق پەسكەشلىك ھەم رەزىللىك بولمىسا كېرەك.

— ئابدۇلېتىپ ئابدۇۋارىس ئۇيغۇر ماكانىي

---

ئاپتور: شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تىببابەت قۇرۇلۇشى تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى

## مەنسەپ مۇنداق ئېزىقىدۇ

▲ بىر ئىدارىدە ئىشلەۋاتقان تۆت بويتاق بىر ياتاقتا ياتىدىكەن. بۇلاردىن ئۈچى بىر-بىرىدىن قېلىشمىغىدەك يۇقىرى مەلۇماتقا، ئەمەلىي بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، كۆپچىلىك بۇ ئۈچەيلەننى قالتىس ھۆرمەتلەيدىكەن. يەنە بىرى بولسا ھۇرۇن، ئالاكۆڭۈل، تەخسىكەش، قورسىقىدا ئۇمچىنىڭ تايىنى يوقلۇقىغا باقماي سورۇن تاپسا لاپ ئۇرۇپ يۈرۈيدىغانلاردىن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىدارىدە باشلىق سايلاشقا توغرا كېلىپ، ئاممىنىڭ ئەقىل-ۋىجدان تارازىسىدا توغرا ئۆلچىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىنىپ، ھېلىقى بىر ياتاقتىكى تۆتەيلەن نامزاتلىققا كۆرسىتىلىپتۇ. ئاممىنىڭ كۆزى ئاللىبۇرۇن بىلىم-قابىلىيەتتە يېتىشكەن ھېلىقى

ئۇچەيلەنگە چۈشكەن بولۇپ، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنى تاللاپتۇ، بىراق قالغان ئىككەيلەن بۇنىڭغا قايىل بولماپتۇ. قايىل بولمىغان ئىككەيلەندىن بىرسىنى تاللىغانىكەن، يەنە قالغان ئىككىسى قايىل بولماپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچ دانىشمەن: «سەن بىلىدىغاننى مەنمۇ بىلىدىغان تۇرسام، سەندىن مەن قالامتىم» دەپ بىر-بىرىگە يول قويماي، نەتىجىدە ھېلىقى قارا قورساق، بىلىمسىز بەندە باشلىق سايلىنىپ قاپتۇ...

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۇچراپ تۇرۇدىغان بىلىملىكلەرنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىپ، ئىقتىدارسىز-بىلىمسىز ئەمەلدارلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش تارىخى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

**ئەنۋەرجان قادىر**

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە ئۆرۈق باشقۇرۇش پونكىتى قورۇسىدا

* * *

▲ بىز «كىتابخانىلار چۆلدەرەپ قالدى» دەپ قاقشاپ، كىشىلەردىن ئاغرىنغان ۋاقىتىمىزدا، مەدەنىيەتچىلىكنى مىزان قىلىپ، ئامىمىنىڭ دەرد-ئەھۋالىنى ئۇنتۇپ قالغان مەتبۇئاتلارنى ۋە كىشىلەرنى كىتاب ئوقۇشتىن بەزدۈرۈۋاتقان خۇشامەتچى ئاپتورلارنى ئويلاپ باقتۇقمۇ؟

**— تاھىرجان يۈسۈپ**

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە زەمىن يېزا خەلق ھۆكۈمىتى خادىمى

## ھېكمەت ئۈنچىلىرى

▲ ئاياللارنىڭ ئاۋازىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندا، ئەرلەرنىڭ ئاۋازىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ھاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەندە كۆرگىلى بولىدۇ.

▲ ساختا شوئارۋازلىق — ھاكىمىيەتنى ھاڭغا باشلاپ ماڭىدىغان يول باشلىغۇچى.

▲ تېلېۋىزور كۆرسەتكەن دۇنيا ھەقىقىي دۇنيا بولماستىن، بەلكى رېژىسسورنىڭ ئېڭىغا بېقىنغان ساختا دۇنيادۇر.

**— تۇردىبەگ مۇھەممەتبەگ**

ئاپتور: تاجىك، ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزا ئاتلىق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ پەرۋانىنىڭ ھەرقانچە قىلىپمۇ چىراغقا ئېرىشەلمەسلىكى ئادەم تەبىئىيتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگۈچىلەرگە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

▲ بىزدە نېمە ئۈچۈن داۋالاش ئېلانلىرى كۆپ؟ چۈنكى بىزدە «كېسەللىك» كۆپ.

▲ 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھىتلېرنىڭ ستالىنغا ئوق ئۆتمەس پىكاپ سوۋغا قىلىشى — دوستلارچە قىلىنغان دۈشمەنلىكنىڭ تولىمۇ قەبىھلە-كىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

▲ ھەقىقىي ئەركەكلەر ئۈچۈن توي ئاخشىمى تەقدىر.

▲ قەھرىماننىڭ نېمىگە ئۆكۈنىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ قەھرىمان باشقا نەرسىگە ئەمەس، ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقىغا ئۆكۈنىدۇ.

▲ دوستلۇق زەنجىرىنى ئۈزۈۋېتەلەيدىغان كۈچ — دوستلار ئارىسىدىكى قەرز سۈرەشتۇر.

▲ كىچىكىدە تولا يىغلايدىغان بالا چوڭ بولسا، يا ئۆزىنى يىغلىتىدىغان، يا باشقىلارنى يىغلىتىدىغان ئادەم بولىدۇ.

▲ ياپونىيە ئاياللىرىنىڭ ئۆز ئەرلىرىگە ساداقەتمەن بولۇشى — ياپونىيىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. مانا بۇ «ساداقەت»نىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرۈپ بەردى (بېرىدۇ).

▲ ئايالىڭغا قۇل بولساڭ ئالۋاستى بولىدۇ، «قۇلدار» بولساڭ پەرىشتە بولىدۇ.

▲ مۇخبىر تەنقىدلەپ يازسا ئەمەلدارلار تەرىپىدىن، ماختاپ يازسا پۇقرالار تەرىپىدىن كاچاتلىنىدىغان ئادەمدۇر.

▲ سېنىڭ تۇرمۇشىڭنى بۇزغۇچىلار ياساڭا ئېرىشەلمىگەنلەر، يائايالىڭغا ئېرىشەلمىگەنلەردۇر.

▲ ئىلگىرى چوڭلارنىڭ چاچ قويماڭلار، باش كىيىمنى تاشلىماڭلار دېيىشى ئەسلىدە ئەنئەنىنى ئۇنتۇپ كېتىشنىڭ ئاۋۋال باشتىن باشلىنىدىغانلى-قىدىنمىدۇ؟

▲ تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشى ھورۇنلارنى يېتىشتۈرىدۇ.

▲ مەنسەپ ئۈچۈن سوققان يۈرەك يا مەنسەپكە ئېرىشىپ خورايدۇ (توگەيدۇ)، يا مەنسەپكە ئېرىشەلمەي خورايدۇ.

▲ ئىت يا قاۋاپ بېرىپ، يا چىشلەپ بېرىپ ئېتىبارغا (ياشاش ئىمكانىيىتىگە) ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭغا ئوخشاش ئادەممۇ يا كولۇپ بېرىپ، يايىغلىتىپ بېرىپ ياشاۋاتىدۇ.

**— غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)**

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزىسىدا

## زەھەرلىك يىلان

مەن تەجرىبىلىك بىر ئوۋچىدىن سورىدۇم:

— يىلاننى ئۇچراتقىنىمىزدا ئۇنىڭ زەھەرلىك ياكى زەھەرسىز يىلان ئىكەنلىكىنى قانداق پەرقلەندۈرىمىز؟

- ناھايىتى ئاسان . سىنىڭ شەپەڭنى سىزىپ دەرھال ئارقىغا بۇرۇلۇپلا قاچقان يىلان زەھەرسىز يىلان . بېشىنى چاتقالنىڭ ئىچىگە تىقىپ قۇيرۇقىنى چىقىرىپ ،يوشۇرۇنۇۋالغان يىلان سۆزسىز زەھەرلىك يىلان . ئەڭ ياخشىسى سەن دەرھال ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال ، - دېدى ئوۋچى .

مەن يەنە ئوۋچىدىن سورىدۇم :

- مىسال ئۈچۈن بىرقانچەيلەن چاتقاللىقتا ماڭدۇق دەيلى ، زەھەرلىك يىلاننىڭ چېقىۋېلىشىدىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى ئالدىدا ماڭغان يولباشچى بولغاندىكىن ، ئارقىدا ئەگىشىپ ماڭغانلار ئەنسىرىمىسىمۇ بولغىدەك-ھە ؟

- ياق . زەھەرلىك يىلان چاتقاللىقتا يول باشلاپ ماڭغۇچىنىڭ شەپىسىنى سەزگەن ھامان ئالدىراپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلمايدۇ . ئەكسىچە ، دەرھال باش قىسمىنى يوشۇرۇپ ،ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەپلىك پۇرسىتىنى كۈتۈپ ، يولباشچىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ، - دېدى ئوۋچى كۈلۈپ تۇرۇپ . ئۇ يەنە چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا مۇنداق دېدى :

- زەھەرلىك يىلانمۇ خۇددى دۈشمەنگە ئوخشايدۇ . دۈشمەننىڭ ساڭا ئالدىراپ ھۇجۇم قىلمايدۇ . سەن دۈشمىنىڭنىڭ بىپەرۋالىقىنى كۆرۈپلا :«ماڭا ۋاقىتنچە خىيىمخەتەر بولمايدىكەن» دەپ ھوشيارلىقىڭنى سۇسلاشتۇرۇپ ، مۇداپىئەسىز قالما . كونىلار ئېيتقاندەك ، ئىت ھامان ئىتلىقىنى قىلىدۇ . كۆپ ھاللاردا ئالدىنقىلارنىڭ كەم ئەقىللىقى ، سەۋەنلىكلىرىدىن كېيىنكىلەر تولدۇرۇۋالغۇسىز پۇشايمان ۋە ئاۋارىچىلىقلارغا يولۇقىدۇ . بۇ خۇددى بىزدىكى «ئەجدادى ئوق يېگەن ، ئەۋلادى پوق يېگەن»دېگەن ماقالنىڭ نەق ئۆزى شۇ .

**- ئابدۇرېشىت ئوسمان**

---

ئاپتور : غۇلجا شەھەر 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ھەقىقەت ھامان تالاي نەرسىلەرنىڭ سەپسەتە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن ئايان بولىدۇ .

**- ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا**

---

ئاپتور : كۇچا ناھىيە 5-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ۋىجدان - ئەخلاقنىڭ قاراۋۇلىدۇر .

**- مەتسەيدى مەتقۇربان**

---

ئاپتور : كېرىيە ناھىيە سىيەك يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھاياتلىقتا بىرگە كۈلگەن دوستۇڭنى ئۇنتۇساڭمۇ ، بىرگە يىغلىغان دوستۇڭنى ھەرگىز ئۇنتۇما .

**- مۇھەممەتئابدۇللا قۇربان (شەجەري)**

---

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزا دوختۇرخانىسىدا

▲ ساختا مۇھەببەت كۆزدە كۆكلەپ ،نەپسىدە يېتىلىپ ، پۇشايماندا ئاخىرلىشىدۇ ،ھەقىقىي مۇھەببەت ھەرىكەتتە كۆكلەپ ، قەلبكە ئورناپ ، ۋاپادارلىقتا ئاخىرلىشىدۇ .

▲ ئەگەر رەھبىري كادىرلار ئۆيەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرىمىز ،بۇيەردە ئەھۋال ئىگىلەيمىز دەپ بىرمۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلغاننىڭ ئورنىغا ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن بىر بەت بولسىمۇ ئوقۇپ قويغان بولسا ئىدى ، ئەقىل كۆزى روشەنلىشىپ ،پۇقرا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان سىياسىي ئالدامچى - بيۇروكراتلار تەرىپىدىن پەردازلانغان ساختا رېئاللىقنى ئاز-تولا چۈشەنگەن بولاتتى .

**- سابىتجان**

---

ئاپتور : شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك 2002-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M1)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

پوچتىخانىلار پۇل يېرىۋۇت قىلغانداخەنزۇ يېزىقىدا بېجىرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ، ئاپتورلارغا قەلەم ھەققى ئەۋەتىشتە قولايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىمىز :

1 .ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزئىسىم-فامىلىسىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەنزۇچىسىنىمۇ كىملىكتىكى خەنزۇچە يېزىلىشى بويىچە ئەينەن-توغرا يېزىشى كېرەك .

2 . ئاپتورلار ئەۋەتىلگەن ئەسەرلىرىگە ئۆز ئادرېسلىرىنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇيېزىقلىرىداتولۇق ، تەپسىلي ،بىرلىككە كەلتۈرۈلگىنى بويىچەيېزىشى كېرەك .

3 .يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار ،بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت ، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان-سىپىر بىلەن ئالماي ، شۇيەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر-جاي ناملىرى تاختىسىدايېزىلغىنى بويىچە ئۆزئەسەرلىرىگەئۇيغۇر ۋە خەنزۇيېزىقلىرىدا ئەينەن- توغرا يېزىشى كېرەك .

**- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلي تەھرىراتي**



# كۆڭۈل خاتىرىسىدىكى قۇرلار

ئۆتكۈر هاشىموف

### ھەقىقەت

ئۇ شۇقەدەر شېرىنكى ،تېتىپ كۆرگۈڭ كېلىدۇ .

ئۇ شۇقەدەر ئاچچىقكى ،تىلىڭنى كۆيدۈرىدۇ .

### ئاشكارىلىق

ئاشكارىلىق شۇنداق بىر دەرەخكى ،ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئەڭ بۇرۇن چېپىلغاق مايمۇنلار يەيدۇ .

### ئىنسان ۋە شەيتان

بەزىلەرگە ھەيران قالىسىز .قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويىدۇ– دە ، «بىلمەي قالدىم ،شەيتان ئازدۇرۇپتۇ» دەيدۇ . . .

توغرا ،ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا شەيتان ۋەسۋەسىسىنىڭ بارلىقى تۇرغانلا گەپ .

ئەمما . . . شۇنداق ئەرلەرمۇ باركى ، قىرىقتىن ئارتۇق چىشى شەيتاننى باللىق قىلىپ قويۇپ تاشلايدۇ .شۇنداق ئاياللارمۇ باركى ،قىرىقتىن ئارتۇق ئەركەك شەيتاننى ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ . . .

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىشنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا دۆڭگەپ قويۇۋەرمەڭ .

### ئايال قەلبى

ئايالنىڭ قەلبى تەنۇر ـ ماگنىتقا ئوخشايدۇ : يېقىنلاشساڭ يىراقلىشىدۇ ،يىراقلاشساڭ يېقىنلىشىدۇ .

### ھوشيار بولۇڭ

ئايال سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرسە ،ھوشيار بولۇڭ . ئاشۇ يالقۇنلۇق مۇھەببەت ـ كۈندەشلىككە ، كۈندەشلىك ـ شۈبھىگە ،شۈبھە ـ خۇدۇكسىرەشكە ، خۇدۇكسىرەش ـ دۈشمەنلىككە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن .

### ئازغۇن بەندىلەر

ئادەملەرگە ھەيرانمەن . ئاتا-ئانىسى ھايات چېغىدا ئۇلاردىن ئىككى ئېغىز تاتلىق گېپىنى ئايايدۇ .ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن نەچچە مىڭلاپ پۇل خەجلەپ ،ئاشۇ سۆزلىرىنى قەبرە تېشىغا يازدۇرىدۇ .

### دەۋا

دانالىق بىلەن نادانلىقنىڭ ئارىلىقى شۇقەدەر يېقىنكى ،ئادەم ئۆزىنىڭ دانالىقى توغرىسىدا قانچە كۆپ دەۋا قىلغانسېرى ،شۇنچە نادانلىشىدۇ .

### بىلەرمەن

سىز ئايال كىشىنىڭ قەلبىنى ھەقىقىي چۈشىنىمەن دەمسىز ؟ !ئوھۇي . . ي ، سىز تولىمۇ نادان ئىكەنسىز .

ئېيتىڭچۇ ؟ شەرقتىن ئاستاغىنا چىقىۋاتقان شامال ئون مىنۇتلاردىن كېيىن شىمالغا بۇرۇلامدۇ ، جەنۇبقىمۇ ؟ يېرىم سائەتتىن كېيىن ئىزغىرىنغا ئايلىنامدۇ ،بورانغىمۇ ؟ !

### بەلگە

ماختانچاقلىق قېرىلىقنىڭ بىرىنچى بەلگىسىدۇر .

### كۈچسىزنىڭكى ـ كۈچلۈك

كۈچلۈك ئادەمنىڭ غەزىپىدىن قورقماڭ ، ئاجىزنىڭكىدىن قورقۇڭ ! كۈچلۈك تۆكسە ئۆز غەزىپىنى تۆكىدۇ .ئاجىز بولسا ئۆز غەزىپى بىلەن

بىرگە ئۆزگىلەردىن كۆرگەن خورلۇق ئوتلىرىنى قوشۇپ چاچىدۇ.

### ئىنسان

ئىنسان شۇقەدەر بۈيۈككى، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئۆلچەش - دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا ئۆملەپ چىققانغا ئوخشاش. ئىنسان شۇقەدەر ئېپلاسكى، ئۇنىڭ ئىللەتلىرىنى ئۆلچەش - دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدىن ئۆملەپ چۈشكەنگە ئوخشاش.

### پەرىشتىلەر

مەھەللىڭىزدە ياشىغان ئادەم بارمۇ؟ بەختلىك ئىكەنسىز! ھايات تەشۋىشلىرىدىن تويۇپ كەتسىڭىز، شۇلارنى زىيارەت قىلىڭ. ھاياتنىڭ ئەبەدىي ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، تەسكىن تاپىسىز.

مەھەللىڭىزدە گۆدەك بالىلار بارمۇ؟! سىزمۇ بەختلىك ئىكەنسىز. دۇنيا تەشۋىشلىرىدىن تويۇپ كەتسىڭىز گۆدەكنى باغرىڭىزغا بېسىڭ. ھاياتنىڭ ئەبەدىي ئىكەنلىكىنى ئويلاپ تەسكىن تاپىسىز...

### ئەڭ ئالىي تۇيغۇ

ئەڭ تازا تۇيغۇ نېمە؟

تۇنجى قېتىملىق ئىش ھەققىڭىزنى ئەكېلىپ بېرىپ، ئاتىڭىزنىڭ دۇئاسىنى ئالغىنىڭىزمۇ؟

تۇنجى قېتىم سوۋغا كۆتۈرۈپ كەلگىنىڭىزدە، ئانىڭىزنىڭ كۆزىدە ئەگىگەن ياشمۇ؟

تۇنجى سۆيگۈمۇ؟

توي كېچىسىدىكى ھاياجانلارمۇ؟

ۋاقىتسىز كۆزيۇمغان ئانىڭىزنىڭ قەبرىسىنى سىلاپ يىغلىغىنىڭىزمۇ؟

تۇنجى پەرزەنتىڭىزنى ھاياجان ئىلكىدە مەكتەپكە يېتىلەپ ئاپارغىنىڭىزمۇ؟

ھەممىسى... ھەممىسى پاكىز تۇيغۇلار...

ئەمما...

بالا ئېمىتىپ ئولتۇرغان ئايالغا دىققەت قىلىڭ. . بوۋىقىغا تەلمۈرۈپ بالا ئېمىتىۋاتقان ئانىنىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قاراڭ. ئەڭ ئالىي تۇيغۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شۇچاغدا كۆرۈسىز.

### راست، يالغان

ھەقىقەتتىن قورققان ئادەم يالغاننىڭ پەرەنجىسىگە ئورۇنۇۋالىدۇ.

### گۇناھ

دوستىنى خورلاش - گۇناھ، قەدىناسىنى خورلاش - يۈز ھەسسە گۇناھ. ئاتا-ئانىسىنى خورلاش - مىڭ ھەسسە گۇناھ. گۆدەك بالىنى خورلاش - چەكسىز گۇناھ.

### باھا

ئادەم بالىسى ئېلېكتر سىمى ئەمەس، بىرىنى مەنپىي، بىرىنى مۇسبەت دەيدىغان...

### مۆتىۋەر زات

ئايال كىشىگە ئالدى بىلەن ئانا دەپ قارىساق، ھەممىسى ئۆز ئورنىغا چۈشىدۇ.

### تاش ۋە قوم

تاشنى يانجىپ قومغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر دەقىقە بولسىلا كۇپايە. ئەمما قومنىڭ تاشقا ئايلىنىشى ئۈچۈن مىڭ يىل ئازلىق قىلىدۇ. دوستلۇقمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

### باش ئەيىبدار

تۇرمۇش سىناقلىرىغا بىز چوڭلار بەرداشلىق بېرەلمىسەك، بالىلاردا نىمە گۇناھ؟ نېمىشقا بىزنىڭ ئەيىبىمىز ئۈچۈن گۆدەكلەر يېتىم قېلىپ، خورلۇق تارتىشى كېرەك ئىكەن؟

### مۇناپىق

ئانىسىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان ئادەم قوشنا موماينى ھۆرمەتلەيمەن دېسە ئىشەنمەيمەن. ئۆز خەلقىنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخىنى ھۆرمەتلىمىگەن ئادەم باشقا خەلقلەرنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخىنى ھۆرمەتلەيمەن دېسە ئىشەنمەيمەن.

### ئانا تىل

قانچە كۆپ تىلنى بىلسىڭىز شۇنچە ياخشى. بىراق ئىنسان ئانا تىلىدا پىكىر قىلىدۇ، ئانا تىلىدا چۈش كۆرىدۇ، ئانا تىلىدا يىغلايدۇ... ئۆلۈم ئالدىدا ئانىسىنى ئانا تىلىدا يادلايدۇ.

### ئازچىلىق ۋە كۆپچىلىك

«ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنىدۇ!» يېقىملىق شوئار! ئاممىباپ شوئار!

پەقەت... خۇدا ھەققى، بىرنەرسىنى ھېچ چۈشىنەلمەيمەن. دۇنيادا دانالارغا قارىغاندا نادانلار، قابىلىيەتلىكلەرگە قارىغاندا قابىلىيەتسىزلەر ھەمىشە كۆپرەك بولغان. دېمەك... كەچۈرۈڭ... ئۇنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقا ئەقلىم يەتمىدى.

### ياخشىغا كۈن يوق

خەلقىمىز: «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دەيدۇ. ھەق گەپ! يامانلار ياخشىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۆزلىرىنىڭكىگە قوشۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇزۇن ياشايدۇ.

### قائىدە

بېلىق بېشىدىن سېسىيدۇ، ئەمما ئۇنى قۇيرۇقىدىن تازىلايدۇ.

### ئالىم ۋە شائىر

ھېچنەرسىگە ھەيران قالمايدىغان ئادەمدىن ئالىم چىقىدۇ.

ھەممە نەرسىگە ھەيران قالىدىغان ئادەمدىن شائىر چىقىدۇ.

### خام سۈت ئەمگەن

ئادەم ئۈچ نەرسىنىڭ قەدرىنى دائىم كېچىكىپ بىلىدۇ: ياشلىق، ساقلىق، تىنچلىق.

### كېپىنەك ۋە تاشپاقا

تاشپاقا گۈلدىن گۈلگە قونۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلدى:

«بىر كۈنلۈك ئۆمرۈڭگە ئۇچۇشلىرىڭنى قارا»

كېيىنەك تاشپاقىنى كۆرۈپ كۈلدى:
«يۈز يىللىق ئۆمرۈڭگە سۆرۈلۈپ يۈرۈشلىرىڭگە قارا»

## تۇنجى مۇھەببەت

تۇنجى مۇھەببەت باھار ئاسمىنىدىكى بۇلۇتقا ئوخشايدۇ. ئۇ شۇقەدەر ئاپئاق، شۇقەدەر پاكىز، شۇقەدەر يېقىملىق... ئۇنى قول بىلەنمۇ تۇتالمايسىز، ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپمۇ يېتەلمەيسىز... ئۇنى شامال قايسى تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيسىز. تۇنجى مۇھەببەتنىڭ كۆپ ھاللاردا نەتىجىسىز ئاخىرلىشىشى بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈندۇ.

## قىرىق جان

ئايال كىشىنىڭ جېنى قىرىق بولىدۇ، دېسە ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى بىرىنى ئۆزىگە ئېلىپ قېلىپ، ئوتتۇز توققۇزىنى بالىلىرىغا بېرىدۇ ئەمەسمۇ...

## ساددا ۋە بۈيۈك

قەدىمكى رەسساملارنىڭ پەرىشتىلەرنى گۆدەك قىياپىتىدە تەسۋىرلىگەنلىكى سەۋەبسىز ئەمەس. گۆدەك شۇقەدەر پاكىكى، بىز ئۇنىڭ پاكلىق دەرىجىسىنى بىلەلمەيمىز. گۆدەك شۇقەدەر بۈيۈككى، بىز ئۇنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمەيمىز.

## ئەقىل ۋە مەنسەپ

ئەقىل بىلەن مەنسەپكە ئېرىشىش مۇمكىن. مەنسەپ بىلەن ئەقىلگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس.

## ئوتتۇرىدىكى ئادەم

ئوتتۇرىدىكى ئادەمگە ھەۋەس قىلماڭ. ھەم بازغاندىن زەربە يەيدۇ ھەم سەندەلدىن.

## تەتۈر ھەقىقەت

ئادەم قانچە كۆپ قىزىقسا، شۇنچە كۆپ ئوقۇيدۇ. قانچە كۆپ ئوقۇسا، شۇنچە كۆپ بىلىدۇ. قانچە كۆپ بىلسە، ياشىشى شۇنچە قىيىنلىشىدۇ.

## ئالداش

بىز ھەممىمىز يالغانچىلارمىز. قېنى ئېيتىڭ، قايسى بىرىمىز ئەقەللىيسى بىرەر قېتىم گۆدەككە — بالىغا بىرەر قېتىممۇ يالغان گەپ قىلىپ باقمىغان دەپ ئېيتالايسىز؟ ھالبۇكى، گۆدەكنى ئالداش ئەڭ چوڭ يالغانچىلىقتۇر.

## بالىلىق ۋە قېرىلىق

بالىلىقتا دۇنيا كەڭرى، كىيىم تار.
قېرىلىقتا كىيىم كەڭرى، دۇنيا تار.

## ئەدەب

پەرزەنتكە سىرلىق بولۇۋالماڭ، ئاتىسىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىيالمايدۇ.
ئاتىغا سىرلىق بولۇۋالماڭ، پەرزەنتكە دەردىنى ئېيتالمايدۇ.

## يۇرتۋازلىق

يۇرتۋازلىق — مىللەتچىلىكنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىسى.

## ئۇستاز

ئۇستاز ئاتىدىن ئۇلۇغ، دېگەنلەر ئاساسسىز ئەمەس. ئاتا ھايات بەرسە، ئۇستاز ياشاشنى ئۆگىتىدۇ. تۇغۇلۇش ئاسان، ياشاش قىيىن.

## ئىلغار تەجرىبە

ئادەملەر «بازار ئىگىلىكى»نى بېلىقتىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك — چوڭى كىچىكىنى يەۋېرىدۇ.

## خەزىنە

دۇنيادا ئەڭ بىباھا، ئەمما ئاز — ئازدىن تارقىلىدىغان بىر خەزىنە بار. بۇ — ئانا مېھرى.

## دوست

دوست دېگەن دەرەخ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ: باھار پەسلىدە — ھېسابسىز، كۈز كەلگەندە — ساناقلىق، ياشلىق پەيتىدە — بىھېساب، ياشانغاندا — ساناقلىق.

## دانا ۋە نادان

دانا ناداندىن ئۆزىنى بىر پەللە تۆۋەن تۇتسا ھەيران بولماڭ. تارازىنىڭ يۈكلۈك پەللىسى بوش پەللىسىدىن پەسراق تۇرىدۇ.

## پەرزەنتىمگە مىراسلار

ئۇچرىشىشلاردا بىر سوئالنى كۆپ سورىشىدۇ:
«ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ئەسەر قايسى؟»
كۆپىنچە يېرىم ھەزىل ئاساسىدا جاۋاب بېرىمەن:
«مېنىڭ ئىككى پارچە ئەڭ قىممەتلىك ئەسىرىم بار: بىرى ئوغلۇم، بىرى — قىزىم!»
ئىككىڭلار ماڭا خۇدا بەرگەن ئەڭ قىممەتلىك بايلىقلار. شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار.

* * *

ھېچقاچان ئاسمانغا تۈكۈرمە، ئاسمان قەھرىلىك، تۈكۈرۈكۈڭ يۈزۈڭگە قايتىپ چۈشىدۇ!
ھېچقاچان يەرگە تۈكۈرمە، يەر مېھرىلىك، تۈكۈرۈكۈڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ. ئەمما شۇ يەر سېنى كۆكسىدە كۆتۈرۈپ يۈرۈيدۇ!

* * *

دۈشمىنىڭدىن قورقما، دۈشمەنگە ئايلانغان دوستۇڭدىن قورق. دۈشمەن بولسا پەقەت بىرەر تۆرلۈك ئاجىزلىق تەرىپىڭنى بىلىدۇ. دۈشمەنگە ئايلانغان دوست بولسا مىڭ تۆرلۈكىنى بىلىدۇ.

* * *

قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقىمۇ ھەم قولۇڭدىن كېلىدىغان ئىشقىمۇ ۋەدە بەرمە. قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ۋەدە بەرسەڭ، ئۇياتتا قالىسەن. قولۇڭدىن كېلىدىغان ئىشنى بولسا ۋەدە بەرمەستىن بېجىرسەڭ بولۇۋېرىدۇ.

* * *

مۇبادا قاچاندۇر مەنسەپدار بوپقالساڭ، بىلىپ قوي، مەنسەپ كۇرسىسىدا ئولتۇرغىنىڭدا كىم ئەڭ كۆپ تاپىنىڭنى يالىسا، مەنسەپتىن چۈشكىنىڭدە ئاشۇ

بىرىنچى بولۇپ سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ .

* * *

ئايال - گۈل ،ئەر - باغۋەن . سەن گۈلنى خار قىلساڭ ، ئۇنى باشقا باغۋەن ئەزىزلەيدۇ .ئەر - باغۋەن ، ئايال - گۈل . سەن باغۋەنگە تىكەن سانجىساڭ ،ئۇ ،ئۆزگە گۈلنى ئەزىزلەيدۇ .ئىككى ئارىدا سىنىڭ مىۋەڭ يېتىم قالىدۇ .خۇدا شۇنىڭدىن ساقلىسۇن .

* * *

بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسىنىڭ جاۋابى بار دېيىشىدۇ .توغرا گەپ : ئەمما بۇ دۇنيادا جاۋاب قىلىنمايدىغان نەرسىلەرمۇ بولىدۇ .

سەن بىراۋغا ياخشىلىق قىلساڭ ، جاۋابىنى كۈتمە ، ئۇنىڭدىن قايتمىسا باشقىسىدىن قايتىدۇ . بىراۋ ساڭا يامانلىق قىلسا جاۋاب بەرمە ، سەندىن قايتمىسا باشقىسىدىن قايتىدۇ .

## ئۇرۇشلار ھەققىدە

ئىنسانىيەت تارىخى - ئۇرۇشلار تارىخىدىن ئىبارەت . چۆچەكلەردە - ئۇرۇش ،داستانلاردا - ئۇرۇش ؛ كىتابلاردا - ئۇرۇش ، كىنولاردا - ئۇرۇش ، تەبىقىلەر ئۇرۇشى ،پۇقرالار ئۇرۇشى ،جاھان ئۇرۇشى . . .

ئالىملارنىڭ ھېساب - كىتابىغا قارىغاندا ، يېقىنقى ئالتە مىڭ يىل ئىچىدە يەر شارىدا5700قېتىم ئۇرۇش بولغانىكەن . (قەبىلىلەر ئۇرۇشى بۇ ھېسابقا كىرمەيدۇ )

يەنە شۇ ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە ،ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاتمىش يىل ئۆمۈر كۆرۈدىكەن . بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى :ئىنسان بالىسى ھاياتى جەريانىدا ئەللىك يەتتە يىل ئۇرۇش قىلىپ ، ئۈچ يىل «ئارام ئالار »ئىكەن . ئەستاغپۇرۇللا ،بىز كىم - ھە ئۆزىمىز ؟ !

* * *

ئۇرۇشتا غالىب ۋە بەختلىك پادىشاھ ،غالىب ۋە بەختلىك قوشۇن ،غالىب ۋە بەختلىك دۆلەت ، غالىب ۋە بەختلىك تۇزۇم بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما غالىب ۋە بەختلىك ئادەم بولمايدۇ .چۈنكى ئۇرۇش ئادەمنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ . ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم ھېچقاچان بەختلىك بولالمايدۇ .

* * *

ئۇرۇش دېگەن پالاكەتنى كۆپىنچە كالتاپەم سىياسەتۋازلار ئويلاپ تاپىدۇ ،تۇلكە مىجەز گېنېراللار باشلايدۇ ،ئازابىنى بولسا بىگۇناھلار تارتىدۇ . بىگۇناھ ئەسكەر ،بىگۇناھ ئاتا ،بىگۇناھ ئانا ،بىگۇناھ كېلىن ، بىگۇناھ گۆدەك . . .

### سەككىزىنچى مۆجىزە

قەلەمكەشكە سەھرانىڭ قەلبى ،شەھەرنىڭ ئەقلى كېرەك .

* * *

تەنقىدچىلەر ئۇستاز ئازاد شەرەپىددىنوفنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى كۆڭۈل خاتىرىسىگە قالدۇرسا ئەرزىيدۇ : «تەنقىدچى ئىجاد بېغىغا پالتا ئەمەس ،قايچا كۆتۈرۈپ كىرىشى كېرەك ! »

* * *

قابىلىيەتلىكلەر ھە دېگەندە ئۇيۇشالمايدۇ ،ئۇلار يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ ،ھەربىر يۇلتۇزنىڭ ئۆز يولى بولىدۇ .يۇلتۇزلار بىر-بىرىنى سوقۇۋەتمەيدۇ ۋە بىر-بىرىنىڭ يولىغا كىرمەيدۇ .

قابىلىيەتسىزلەر بولسا بىر زەمبىل شېغىلدەك گەپ ،دەررۇ توپلىشالايدۇ ،توپلىشىپ جىم تۇرۇشنىمىغۇ مەيلى ،بېشىنى يەيدىغانلارنىڭ قابىلىيەتلىكلەرگە تاش ئېتىۋېرىپ بىزار قىلىدىغىنى چاتاق .

* * *

پالتا بىلەن قەلەم بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان بويۇملار ئەمەس ،ئەمما رولى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر-بىرىگە يېقىنلىشىدۇ .

پالتا - قاتىل قولىدا ئۆلۈم قورالى ،ئوتۇنچى قولىدا مېھنەت قورالى ،ھۈنەرۋەن قولىدا سەنئەت قورالىدۇر .

قەلەم - ھەسەتخور قولىدا ئۆلۈم قورالى ،ئەقلي ئەمگەك قىلغۇچى قولىدا مېھنەت قورالى ،قابىلىيەت ئىگىسىنىڭ قولىدا سەنئەت قورالىدۇر .

* * *

تەنقىدتىن بىزار بولغان شائىر ئېيتىپتۇ :

- سىز باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى نوقۇل ھالدا تەنقىد قىلىسىز ،ئۆزىڭىز بىرەر پارچە شېئىر يېزىپ باققانمۇ ؟

- مەن كۈندە دېگۈدەك تۇخۇم يەيمەن ،ئەمما تۇخۇمنىڭ مەزىسىنى بىلىش ئۈچۈن تۇخۇم تۇغۇشۇم شەرت ئەمەسقۇ ؟دەپتۇ تەنقىدچى .

شائىر ئېيتىپتۇ :

- مەنمۇ كۈندە دېگۈدەك ئادەملەر ھەققىدە شېئىر يازىمەن ،ئەمما ئادەمنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گۆشىنى يەۋاتقىنىم يوققۇ ؟ !

* * *

ھەسەت ئۆلگىيىپ - ئۆلگىيىپ غەرەزگە ،غەرەز ئۆلگىيىپ - پىتنىگە ئايلىنىدۇ .پىتنە بولسا ھەرقانداق رەزىللىكنىڭ ئانىسىدۇر .

* * *

- تەنقىدكە قانداق مۇئامىلە قىلىسىز ؟

- ئىلگىرى ئاغرىنىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلاتتىم ، ھازىر تەنقىدنى شىمشىكا (گازىر )چېقىشقا ئوخشىتىمەن ،مېغىزىنى ئېپقېلىپ ، شۆپۈكىنى تۆكۈرۈۋېتىمەن .

---

ئەدىبنىڭ ئۆزبېكچە : «كۆڭۈل خاتىرىسىدىكى قۇرلار »ناملىق كىتابىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى :قۇربان توختى (M1)

ئەدەبىيات گۈللىرى



# بۇلاڭچى

(ھېكايە)

ياسىنجان سادىق چوغلان

## 1

ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاللىقاچان تەگسىز خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرۇشاتتى. ئايروپىلانىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمچىسىنىڭ ئارقا رېتىدە ـ ئايروپىلانىنىڭ قۇيرۇقى تەرىپىدە ئولتۇرغان 50ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ ئۈچ نەپەر يولۇچىنىڭ چىرايىدىكى دەسلەپكى ھەيرانلىق ،قورقۇمسىراش ،قىزىقىش ئارىلاش روھىي ھالەتلىرى خېلىلا پەسكويغا چۈشكەن بولۇپ ، ئۇلار ھازىر ھەر بەش مىنۇتتا دېرىزە تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ئالمىشىپ كۆك قەرىدىكى بۇلۇتلارنى ،چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىنى تاماشا قىلىش ،ھەممىدىن مۇھىمى ئايروپىلان دېرىزىسىدىن پەسكە ھەم قىزىقىپ ، ھەم قورقۇمسىراپ قاراشلاردىن زېرىككەندەك قىلاتتى. بېشىغا كۆرپە تۇماق ، ئۈچىسىغا دۇراپ چاپان ،يۇڭ ئىشتان ،پۇتىغا ئۆتۈك كىيىۋالغان بۇ يولۇچىلارنىڭ تۇرقىدىن ۋە ئايروپىلانىنىڭ ئىچى-سىرتىغا بالىلارچە قىزىقىش بىلەن نەزەر تاشلاشلىرىدىن دېھقانلارغا خاس ساددىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان شاپ بۇرۇتلۇقىنىڭ تاماكا خۇمارى بەك تۇتۇپ كەتكەن بولسا كېرەك ، توختىماي گېلىنى قىرىپ كالتە يۆتىلەتتى.

ـ ئايروپىلانىنىڭ ئىچىدە تاماكا چەككىلى قويمايدىغىنى چاتاقكەن كاساپەتنىڭ ، ـ دېدى ئۇ غۇدۇراپ ، ـ بىرەر تال تاماكا چەككەنگە بىرنېمىسى بىرنېمە بولۇپكېتىدىغاندەك .

ـ خۇدايا توۋا دەپ ھە ، مابىنەسىنىڭ يەرگە تىنچ-ئامان دەسسىشىنى تىلىسىلە ، ـ دېدى چەتتە ئولتۇرغان ياغاق يۈز تىرىكىپ ، ـ گۈرۈلدەپ تۇرغان ماتورنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ يەرگە پوككىدە چۈشۈپ كەتمىسىدى دەپ ئەنسىرەپ تۇرغاندا تاماكىنىڭ

غەلۋىسىنى قىلىدىكەنلا. ئاغزىلىرى مانداق «كەلىمەتەيۋە»گە كەلمەمدۇ، سىلىنىڭ.

تاماكا خۇماردا جىلى بولۇپ تۇرغان شاپ بۇرۇتلۇقنىڭ قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىرى بىردىنلا چەكچەيدى:

- ھە، يوغان يەردە سىلىنىڭ ئاغزىلىرى كەلىمەتەيۋىگە كېلىدۇ. بىتەرەت پوق قوڭلىرى بىلەن ئوقۇغان سۈرە - ئايەتلىرى نېمىگە دالدا بولىتتىكى. يۇرتتا ھەدېسە ياش باللىنى مەسچىتكە چىقتىڭ، ناماز ئوقۇدۇڭ، ساقال قويدۇڭ، دەپ جەرىمانە قوياپ ھالى قالمىغان كاتتامنىڭ ئەمدى خۇدا بىلەن روسۇل بولاپكەتكىنىنى كۆرەڭ.

شاپ بۇرۇتنىڭ دەشنىمى ياغاق يۈزگە خېلىلا ئېغىر كەلگەنىدى. شۇھامان ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى:

- ھە، نېمىلىكام بولمىسۇن سىلىگە ئوخشاش گۇناھنى سېغىنغاندىن بىتەرەت بولسىمۇ، خۇدانى سېغىنغان ياخشىراق.

- بولدى قىلىشىلا، - دېدى دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغان خام سېمىز ئىككى ھەمراھىنى جىمىلەپ، - ئۆزۋاقتىدا ياقسام پىشامدىكى، كۆمسەم پىشامدىكى دەپ ئولتۇرماي، بۇرۇنراق قوڭىمىزنى كۆتۈرگەن بولساق، بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ تۇرۇپمۇ خالىغانچە ھەرىكەت قىلالماي سىقىلىپ، زەردىگوش بولاپ، دەردىمىزنى ئالمىغان ئادەم تاپالماي بىر-بىرىمىز بىلەن ئىت-مۈشۈكتەك تالىشىپ ئولتۇرماي، ئاپتوبۇستا خاتىرجەم ئېغىناپ يېتىپ، خالىغىنىمىزنى قىلىپ ماڭغان بولاتتۇق. ھەممىسى ئۆزىمىزدىن كەتتى. ئەمدى تولا تاپا-تەنە قىلىشماي خۇدايىمدىن تىنچ-ئامانلىق تىلەيلى.

خام سېمىزنىڭ سۆزى تەسىر قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر شاپ بۇرۇت بىلەن ياغاق يۈز جىم بولدى. شۇتاپتا ئۇلار جىم ئولتۇرغىنى بىلەن خىياللىرى تىنچسىز ئىدى. يۈرەكلىرىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر پۇشايمان قۇرتتەك غاجىلايتتى، ئازابلايتتى. شۇنداق، كىم ئۇلارنى بۇرۇنراق ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تەرەددۇتلەنمەسۇن دەپتۇ. بۇ مەسىلىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر-بىرىگە تاپا قىلىشمايتتى. شۇتاپتا ئۇلارنىڭ ئوي-خىياللىرى ئاشۇ پۇشايمانلىق ئەسلىمىلەر قوينىغا شۇڭغىغانىدى.

بۇيىل كىرگەندىن بېرى يېزىدىكى 1-نومۇرلۇق ئەرباب تولا ئاغرىپ قالىدىغان بوپقالغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئاغرىپ قالغاندا ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كېسەلخانىسىدا بىرەر ھەپتە يېتىپ داۋالىنىپ چىقاتتى. ئاشۇ بىرھەپتە ئىچىدە پۈتكۈل يېزا تەۋرەپ كېتەتتى-دە، يوقلاشقا كىرگەنلەرنىڭ ئايىغى ياتاقتىن ئۈزۈلمەيتتى. ئەلۋەتتە ئاشۇ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كېسەل يوقلىغۇچىلار قاتارىدا يۇقىرىدا بىز تونۇشۇپ چىققان ئۈچ پېرسوناژىمىزمۇ بار ئىدى. ئۇلار باشقىلاردىن بۇرۇنراق تۇتۇش قىلىپ نەق پۇل ۋە توخۇ سۈتىدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن يوقلاپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەربابنىڭ كېسىلىنى يوقلاش قېتىم سانىمۇ يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقانداق «كالتا ئاقساقال»لارنىڭكىدىن جىق ئىدى.

كۈزگە يېقىن ئەرباب ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئۇزۇنراق يېتىپ قالدى. ئۇنى دوختۇرخانىدا ھەپتىدىن ئارتۇق ياتمايدۇ، دەپ بىر قېتىمدىلا چوڭراق يوقلىۋەتكەنلەر لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ يەنە يوقلاشقا مەجبۇر بولدى (ئەرباپتەك كاتتا ئادەمنىڭ كېسىلىنى پارچە-پۇرات نەرسىلەر بىلەن يوقلاپ كىرىشكە بولمايدۇ-دە، ئەلۋەتتە). شاپ بۇرۇت، خام سېمىز ۋە ياغاق يۈز ئۈچى ئەربابنىڭ كېسىلىنى 4-قېتىم يوقلاپ كىرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز يېزىغا بىر شۇم خەۋەر تارقالدى:

- ئەربابنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىپتىمىش...

- ئۈرۈمچىگە بېرىپ داۋالىنارمىش...

- ئەربابنىڭ كېسىلى ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرخانىدىمۇ شىپالىق تېپىشى ناتايىنمىش...

- ياق، ناھىيىدىكى دوختۇرلار ئۈرۈمچىدە داۋالانسا چاتاق يوق ساقىيىپ كېتىدۇ، دەپتىمىش...

- ياق، ئەربابنىڭ كېسىلى ئانچە ئېغىر ئەمەسكەن، داۋالانغاچ ئۈرۈمچىدە بىرنەچچە ۋاق تاماشا قىلىپ كېلەرمىش...

ئەربابنىڭ داۋالانغىلى ئۈرۈمچىگە بېرىشى بۇ ئۈچەيلەنگىلا ئەمەس، يېزىدىكى خېلى كۆپ ئادەملەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن شۇم خەۋەر ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئەمدى يانچۇقىنىڭ تېگىنى تېخىمۇ بەك كولاپ، سىقىمغا تولغىدەك پۇل يوللۇق تۇتۇپ، ئەربابنىڭ كېسىلىگە شىپالىق، سەپىرىگە ئاق يول تىلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ ئۈچەيلەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قىسقىلا مەسلىھەت قىلىشتى-دە، ھەربىرسى ئىككى مىڭ يۈەندىن پۇل كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئەربابقا يوللۇق تۇتتى ۋە چىن يۈرىكىدىن ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئەربابنىڭ يۇمشاق، گۆشلۈك ئالقىنىنى قىيمىغان ھالدا چىڭ-چىڭ سىقىشتى.

ھەربىرسى بىردىن كەنتنىڭ بېشى بولغان بۇ ئۈچ كىشى جانجىگەر دوستلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى كەنتلەرنىڭ ئېرىق-ئۆستەڭلىرى شېرىك، تېرىلغۇ يەر - جاڭگاللىرى تۇتاش، قول ئاستىدىكى نوپۇس - دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى قوشنا ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى بۇ ئۈچى يېزىدىكى ئاشۇ 1-نومۇرلۇق ئەربابنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى

لەبەيچىلىرىدىن سانىلاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئەرباب يېزا تەۋەسىدىكى باشقا «كالتە ئاقساقال»لارغا قارىغاندا، ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتاتتى.

ئەرباب ئۈرۈمچىگە داۋالانغىلى كېتىپ ھەپتە ئۆتكەندە بۇ ئۈچ ئاغىنە يېزىدىكى باشقا «كالتا ئاقساقال»لاردىن بۇرۇنراق ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئەربابنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كېلىشنى مەسلىھەتلەشتى-دە، جىددىي سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى. «ھامىنى يوقلاپ بارىدىغان بولغاندىكىن باش بۇرۇندا بىز بېرىپ ساداقىتىمىزنى بىلدۈرۈپ كېلەيلى» دېيىشتى ئۇلار. ئەپسۇس، ئەنە شۇ پەيتتە ئۈرۈمچىدىن ھېچكىم كۈتمىگەن بىر شۇم خەۋەر كەپقالدى. خەۋەر ئادەمنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئەربابنىڭ كېسىلىگە ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردىنمۇ داۋا چىقماپتىمىش، ئۈرۈمچىدىكى كاتتا دوختۇر: بۇرۇنراق كەلمەي كېسەلگىنى پىشۇرۇپ قويۇپسەن، دەپ ئەربابقا كايىپتىمىش. ئەربابنىڭ جىق بولسا يەنە ئىككى-ئۈچ ئايلىقىلا ئۆمرى قاپتۇمىش...

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاۋۋال شاپ بۇرۇت ئۈرۈمچى سەپىرىنى كېچىكتۈرۈدىغانلىقى ھەققىدە سەۋەب كۆرسەتتى:

— ھازىر كۈزلۈك يىغىم-تېرىمنىڭ ئالدىراش مەزگىلى. مەن بىر يەرگە كېتىپ قالسام، كەنتتىكى باشقا كادىرلار ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئىش ئاقساپ قالسا، جەرىمانە تۆلىگەننىڭ سىرتىدا بىرپاتمان دەشنام ئىشىتىدىغان گەپ. بىرنەچچە ۋاق تۇرۇپ تۇراي.

— بىزنىڭ كەنتتىمۇ ياساۋاتقان پارنىكلار تېخى پۈتمىدى. دېھقانلار: ھەممىمىز بىرمۇدىن پارنىك قىلىۋالساق، پارنىكتىن چىققان ئوتياشنى قىشنىچە كىم ئالىدۇ، دەپ بىر ئامال قىلىپ پارنىكتىن قېچىۋاتىدۇ. مەن بېشىدا قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ پارنىكلارنى پۈتكۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ بېشىغا مەجبۇرىي كىيدۈرمىسەم، باشقىلار بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. سەل ئالدىرىمايراق بارايلىمىكىن دەيمەن، — دېدى ياغاق يۈزمۇ سەۋەب كۆرسىتىپ.

خام سېمىز ئارتۇقچە بىرنېمە دېمىدى. ئۇمۇ ئالىلبۇرۇن شۇنداق قارارغا كېلىپ، ئۈرۈمچى سەپىرىدىن يالتىيىپ بولغانىدى.

ئەمما ئاشۇ شۇم خەۋەر تارقاپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە يېزا تەۋەسىدىن ئەربابنىڭ كېسىلىنى يوقلاشقا كەتكەن 1-تۈركۈمدىكى ئۆمەك قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، تارقالغان ھېلىقى شۇم خەۋەر يالغانمىش. ئەرباب خېلىلا ساقىيىپ قالغانمىش. ھەتتا ئەربابنىڭ داۋالىنىش جەريانىدا تېخىمۇ سەمىرىپ، ئاقىرىپ، تېتىكلىشىپ قالغانلىقى، تولىمۇ خۇشچاقچاق بوپقالغانلىقى

ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ قۇلاقتىن قۇلاققا يەتتى. ئەرباب كېسەلىي توغرىلىق تارقالغان بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەنمىش. دوست-يارەنلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئەنسىرىمەسلىكىنى ئېيتىپ سالام يوللىغانمىش.

بۇ خەۋەر بۇ ئۈچ ئاغىنىنى خېلىلا ئويلاندۇرۇپ قويدى. خام سېمىزنىڭ ئۈرۈمچىگە تېزراق يولغا چىقىش تەكلىپىنى شاپ بۇرۇت بىلەن ياغاق يۈز تۇترۇقسىز سەۋەبلەر بىلەن يەنە رەت قىلدى. ئەلۋەتتە ئۈچىلىسىنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. ناۋادا ئەربابنىڭ كېسەلى شىپا تاپقانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر يالغان چىقسىچۇ؟ ئۇلار ھېلىمۇ ئۇنى ئۈرۈمچىگە خېلىلا جىق پۇل يوللۇق تۇتۇپ يولغا سالغانىدى. بۇ نۆۋەت ئۈرۈمچىگە يوقلاپ بارسىمۇ بىرمۇنچە سەپەر چىقىمى تارتقاننىڭ سىرتىدا ئاز پۇل كۆتۈرۈپ بارغىلى بولمايتتى. ھېلىقى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ھەربىرسى ئەربابقا تۆت-بەش مىڭ يۈەندىن ئادىمگەرچىلىك قىلغانلىقى ھەققىدە مىش-مىش پاراڭلار قۇلاقتىن قۇلاققا پىچىرلاپ يۈرەتتى. يېزا بويىچە ھەممە ئىشتا «ئەڭ»نى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان بۇ ئۈچ نەپەر «كالتا ئاقساقال» ئۇلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىمايتتى. ناۋادا شۇنچە ھەشەم-دەرەم بىلەن بېرىپ بىر ساقايماس كېسەلنى يوقلاپ قالسا، ئۇلار ئۈچۈن بۇ بەكمۇ ئەلەملىك ئىش بولاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئىشەنچلىك ئۇچۇر ۋە پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. ھەئە، ئەقىلنىمۇ، پۇلنىمۇ جايىغا ئىشلىتىش كېرەكتە!

شۇ ئارىلىقتا يەنە ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئەرباب ئۇلارنىڭ چۈشىگە بىرنەچچە قېتىم ئايان بولدى. قىزىق يېرى، ئۈچىلىسىنىڭ كۆرگەن چۈشى ئوخشاش ئىدى. چۈشلىرىدە ئەرباب ئۇلارغا غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىغانمىش، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقانمىش. ئەربابنىڭ كېچە-كۈندۈز يېنىدىن ئايرىلمايدىغان پىستە كۈچىكى بىردىنلا غايەت زور ۋەھشىي مەخلۇققا ئايلىنىپ ئۇلارنى تالىغانمىش. يامان چۈشتىن ئويغىنىپ ئۈچىلىسىنىڭ ئاغزى-بۇرنىغا ئۇششاق قوقاق چىقىپ كەتتى، يۈرىكى ئېغىپ بىرنەچچە كۈن ۋەھىمىدە يۈردى. شۇنداق قىلىپ، يەنە بىرھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا يېزا تەۋەسىدىكى پونكىت-مەكتەپلەرنىڭ، تارماق-كەنتلەرنىڭ «كالتا ئاقساقال»لىرى ئۈرۈمچىگە بىر قېتىمدىن بېرىپ كېلىشتى ۋە ئەربابنىڭ بۇ ئۈچەيلەنگە يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزۈشتى. ئەرباب ئۇلارغا: «بۇ ئۈچىنى بەكمۇ سېغىندىم. قابىل ياردەمچىلىرىم، يېقىن قول-قاناتلىرىم ئىدى. يۇرتقا بارغاندا ئۇ ئۈچى بىلەن پۇخادىن چىققۇدەك بىر مۇڭدىشىۋالمىسام بولمايدۇ» دېگەنمىش. ئەربابنىڭ پۇخادىن چىققۇدەك مۇڭدىشىۋېلىشىنى كۈز ئالدىغا

كەلتۈرۈۋېدى ،ئۈچىلىسىنى قورقۇنچلۇق تىترەك باستى .ئۇلار يېزىدىكى چوڭ-كىچىك كالتا ئاقساقاللارنىڭ ئەربابىنىڭ ئاشۇ «پوخادىن چىققۇدەك مۆجىزىشۇبىلىشى» دىن ئەنسىرەپ ، خالىمىسىمۇ ئۈرۈمچىگە بىر قېتىم بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئۇبدان بىلىشىدۇ .«ئەرباب سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتىمىش ، يەنە ئىككى-ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن يۇرتقا قايتىپ كېلەرمىش . . .»

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇلار پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كېتىشتى ، چاقماق تېزلىكىدە ئۈرۈمچى سەپىرىگە جابدۇنۇشتى . خېلى ئۇزاق باش قاتۇرۇپ ، ئەربابنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ۋاقتىنى ھېسابلاپ ،ئۈرۈمچىگە ئاپتوبۇس بىلەن بارسا ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى پەملەشتى-دە ، دەرھال ئايروپىلان بىلەن بېرىشنى قارار قىلىشتى . شەھەرگە كىرىپ ئايروپىلان بېلىتىگە پۇل تاپشۇرۇدىغان چاغدا يۈرەكلىرى پىژىلداپ ئېچىشتى . چۈنكى ئايروپىلان بېلىتى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىنمۇ خېلىلا قىممەت ئىدى . ئامالسىز غودۇراپ -غودۇراپ تۇرۇپ پۇل تاپشۇرۇشتى .

ئايروپىلان ماتورىنىڭ گۈرۈلدىشى باشقا يولۇچىلار ئۈچۈن يېقىمسىز تۇيۇلسىمۇ ،بۇ ئۈچ نەپەر يولۇچىغا خۇددى يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى . چۈنكى ئۇلار مۇشۇ يېقىمسىز گۈرۈلدەشتىن ۋۇزلىرىنى بەختىيار ھېس قىلىشاتتى .

## 2

ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانى ھەرخىل رەڭ ، ھەرخىل تىپتىكى كىرا ماشىنىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . يولۇچى كۈتۈپ نۆۋەت ساقلاپ تۇرغان شوپۇر يىگىت بايا سېتىۋېلىپ تېخى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بىرنەچچە پارچە گېزىتنىڭ ئېلان بەتلىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلايتتى . گېزىتتىكى بىرنەچچە پارچە خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانى ئۇنى قىزىقتۇرالمىدى . چۈنكى مېھمانساراي ،سودا ساراي ۋە رېستورانلارغا مۇلازىمەتچى ياللاش توغرىلىق چىقىرىلغان بۇ ئېلانلار ئىچكىرىدىكى نوقتىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن بۇ يىگىتنى جەلپ قىلالمىدى . ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىمىگە ئىشەنچ قىلغان بۇ يىگىت ،ئۆگەنگەن كەسپىگە ماس كېلىدىغان ئورۇنلاردىن ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن ئىش ئىزدەشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى . گېزىتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېلان بەتلىرىنى تولۇق كۆرۈپ بولغان يىگىت بارلىق دەرد-ئەلەمىنى چىقارماقچى بولغاندەك گېزىتنى پاققىدە تاشلىدى-دە ، لېۋىگە بىر تال تاماكا قىستۇرۇپ چاقماق ياقتى .

يىگىتنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغىنىغا مانا ئىككى يىل بولاي دەپ قالدى . بۇ جەرياندا ئۇ ئىش ئىزدەپ توختىماي قاتىرىدى . كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خېلى ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ ،ئەمما مەسئۇل كىشىلەر ھەرخىل تۇترۇقسىز سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنى قوبۇل قىلمىدى . ئۇ ئاشۇ ئىش ئورنىغا ئاشۇ كەسىپ بىلەن مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىنغىنىنى بىلگىنىدە قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئازابلاندى . ھېلىمۇ ياخشى ئۇ يامان ئەمەس قول ئىلكىدە بار ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىدى ، ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا بۇ پىكاپنى ئەپبېرىپ ،يولغا چىقىرىپ قويدى . مانا ئۇنىڭ تاكسى ھەيدەۋاتقىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشتى . ئەمما « بورىچى ھالۋىچى بولسا ، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ » دېگەندەك ، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىمۇ تازا يۈرۈشمەيۋاتاتتى . ئۇ پات-پات ئۆزىگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، مۇۋاپىق خىزمەت تاپالمايۋاتقان دوستلىرىدىن بىرنەچچىسى بىلەن بىرىيەرگە كېلىپ قانغىدەك ھاراق ئىچىپ ، پوغاننى چىقىراتتى .ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى ناھەقچىلىقلار ھەققىدە دەرد تۆكۈشەتتى .ئۆگەنگەن كەسپى دائىرىسىدە ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى . . . ئەمما مەبلەغدىن ئىبارەت خەتەرلىك داۋان بۇ ياشلارنى گاڭگىرىتاتتى .

ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ كۈتۈش زالىدىن يولۇچىلار چىقىشقا باشلىدى . شۇھامان تاكسى شوپۇرلىرى جانلىنىپ كېتىشتى . ھەرخىل تىپتىكى كىرا ماشىنىلىرى بىرقەدەم-بىرقەدەمدىن ئالدىغا سىلجىشقا باشلىدى . يىگىتنىڭ پىكاپى خېلىلا ئارقىدا ئىدى . ئۇ تىت-تىت بولغان ھالدا پات-پات ئالدىدىكى ماشىنىلارغا ۋە يولۇچىلارغا قارايتتى ، تېزراق كىرا تېپىپ قايتىشقا ئالدىرايتتى .

تۇيۇقسىز ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان دېھقان سۈپەت ئۈچ يولۇچىنى كۆرۈپ يىگىت بىردىنلا ئۈمىدلەندى . ئۈچ يولۇچى بىردىن يوغان ماش رەڭلىك بېرزىنت سومكىلارنى كۆتۈرۈۋېلىشقان بولۇپ ، ئەتراپقا ھەم قىزىقىپ ،ھەم ياتسىراپ قاراشقىنىچە ،كالامپاي دەسسەپ كېلىشىۋاتاتتى . ئارقىدىراق سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان شاپ بۇرۇتلۇق گېزىت قەغىزىگە ئورۇۋالغان مۇشۇكىنىڭ قۇيرۇقىدەك تومۇلۇقتىكى تاماكىسىنى ئىشتىھا بىلەن شورايتتى . شۇ تاپتا ئۇ تاماكا چېكىشتىن باشقا ھەممە ئىشنى ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى .

يىگىت پىكاپىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ، ئۇلارغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى :

ـ مېنىڭ ماشىنامغا ئولتۇرۇۋېلىشاملا ،

ئاكىلار ؟

ئۇلار يىگىتكە بىرنەچچە دەقىقە تەئەججۇپ بىلەن قاراشتى .

- بولاپتۇ ، چىقساق چىقايلى ، - دېدى خام سېمىز پىكاپقا يېقىنلىشىپ .

شۇھامان ياغاق يۈز خام سېمىزنى پېشىدىن تارتىپ توختاتتى-دە ، شوپۇر يىگىتتىن سورىدى :

- ئۈرۈمچىگە نەچچە پۇلغا ئەچىرىپ قويالا ، ئۇكام ؟

يىگىت ساددىلىق بىلەن سورالغان سوئالغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەردى :

- بىر ھېسابتا ئۆزلىرىنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولدۇم دەپ ھېسابلىسىلىمۇ بولىدۇ ،ئاكا . ئەمما ئۈرۈمچىنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ . ھەرقايسىلىرى نەگە بېرىشلىكىن ؟

- دوختۇرخانىغا بارىمىز ، - دەپ ئالدىراش جاۋاب بەردى ياغاق يۈز .

- ئۈرۈمچىدە دوختۇرخانا بەك جىق ، قايسى دوختۇرخانىغا بېرىشلىكىن ؟

- بىزنىڭ يېزىنىڭ شۇجىسى قا شۇجى داۋالىنىۋاتقان دوختۇرخانىغا ، - دېدى شاپ بۇرۇت تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە .

يىگىت قىستاپ كەلگەن كۈلكىسىنى بوغۇزىدىلا توختىتىۋالدى .ئۇنىڭغىچە شاپ بۇرۇتلۇقنىڭ ھاماقەتلەرچە بەرگەن جاۋابىنى خام سېمىز تۈزەتتى :

- ئاپتونوم رايونلۇق 2-دوختۇرخانىغا بارىمىز ، كىرانى ئەرزانراق ئالالا ،ئۇكام . بىز دېگەن دېھقان خەق .

يىگىت بىر نەچچە دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى :

- مەن سىلەرگە مانچە پۇل بېرىڭلا دېسەم بەلكىم سىلەر باھانى قىممەت كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن . مۇنداق قىلايلى .ماشىنامنىڭ ھەق ھېسابلاش ئۈسكۈنىسىدىكى باھا بويىچە ھەق ھېسابلايلى . 2-دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىن ئەمەلىي ھېسابلانغان باھادىن 20كوي كەم بېرىڭلار ،بولامدۇ ؟

ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن تەڭلا پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىغا يۈگرۈشتى-دە ، بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ ، قىستىشىپ ، كۈلكىلىك بىر ھەرىكەتلەرنى قىلىشتى . ئاخىرىدا غالىب كەلگەن شاپ بۇرۇت ئالدى ئىشىكنى ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى .

- خاپا بولمىسىلا ،ئاكا ، - دېدى شوپۇر يىگىت ئەدەب بىلەن ، - ئۈرۈمچىنىڭ قاتناش بەلگىلىمىسىدە كەچ تەرەپتە كىرا ماشىنىسىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئەر كىشى ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ . شۇڭا كەينىدە ئولتۇرغان بولسىلا .

شاپ بۇرۇت نارازىلىق بىلەن ئىشىكنى جالاقىدە ياپتى-دە ، ئارقا ئىشىكنى ئېچىپ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا قىستالغىنىچە غودۇرىدى :

- پىكاپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇدىغان خوتۇن كىشىگە ساقلاپ نىۋاققىچە ئولتۇرارمىز ئەمدى .

شوپۇر يىگىت پىكاپنى يەڭگىل قوزغىدى .

پىكاپنىڭ ئىچىدىكى شوپۇر بىلەن يولۇچىلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تۆمۈر توساق ئۇلارنى ئالاھىدە قىزىقتۇردى .

- ئۈرۈمچىنىڭ شوپۇرلىرى خۇددى قەپەستە ئولتۇرغاندەك ماشىنا ھەيدەمدۇ-نېمە ؟ - دېدى ياغاق يۈز ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي .

شۇتاپتا ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئايروپىلاندا ئولتۇرغاندىكى ۋەھىمە - جىددىيچىلىكلەر پۈتۈنلەي يوقالغان بولۇپ ، خاتىرجەملىك ئەكس ئەتكەن چىرايلىرىغا ئوبدانلا كۈلكە يۈگرۈپ قالغانىدى .

- ئاڭلىشىمچە ، ئۈرۈمچىدە بۇلاڭچى-ئالدامچىلار بەك جىقمىش ، شۇڭلاشقا شوپۇرلار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن پىكاپنىڭ ئىچىگە ئاشۇنداق قەپەس ئورنىتىۋالغان گەپ ، - دېدى خام سېمىز .

- خۇداغا شۈكرى ، - نېمىلىكام بولمىسۇن ساق-سالامەت يەرگە دەسسىۋالدۇق ، -دېدى ياغاق يۈز ، - يول بويى ئايروپىلان ئاسماندىن يەرگە پوككىدە چۈشۈپ كېتەمدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ بولاپكەتتى ،دەڭلا .

- قورقۇپ كېتىپ ئىشتىنىڭلىنى پوقلىمىغانسىلە رازىقئاخۇن سېكرېتار .

شاپ بۇرۇتنىڭ بۇ چاقچىقىغا ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى . شوپۇر يىگىتمۇ بۇ ساددا - تۈز چاقچاقتىن ھوزۇرلىنىپ كۈلدى .

- خۇدايىم بۇيرۇسا ، قا شۇجى بىلەن بۇگۈنلا كۆرۈشۈپ ئاتىغان ئامانىتىمىزنى قولىغا ساق-سالامەت تەگكۈزۈۋالساق ھەممە غەمدىن خالاس بولاتتۇق ، - دېدى خام سېمىز .

- نېمىگە ئۇنچە ئالدىرايسىلە ، ئەتە يورۇق جاھاندا بىرەر رېستورانغا باشلاپ چىقىپ ، بىرەر رومكىدىن ئىچىشكەچ ئالدىغا چىرايلىقچە قويارمىز ، - دېدى شاپ بۇرۇت .

- ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئەمىتاخۇن سېكرېتار ، ئۈرۈمچى دېگەن بوش شە ئەمەس . يانچۇقتىكى تۆت تەڭگە پۇل تۇگۈل ئىسسىق جاننى ساقلىماقمۇ تەس .ئالىمادىس بىرەر ئوغرى-يانچۇقچىغا ئۇچراپ قالساق . . .

- خۇدايىم ساقلا ، ئاغزىلىرىنى ئۇششۇتمىسىلە ، - دېدى ياغاق يۈز قاپىقىنى تۈرۈپ .

- بىزەر ھەپتە تۇرساق ئىككى-ئۈچ مىڭ كوي پۇل يېتەر-ھە ، ئاغىنىلەر ، - سورىدى شاپ بۇرۇت كۆزنەكتىن سىرتنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ .

- خەجلەشلىرىگە باغلىق ، - دېدى خام سېمىز .

- ئەمدى دەيمىنا ، - دېدى شاپ بۇرۇت ، - ئالەم تۆرۈلۈپ ئۈرۈمچىگە ئاران بىر كەلگەندە راۋۇرۇس تاماشا قىلارمىز .ئېپىدە كەپقالسا ئۈرۈمچىلىك چوكانلارنىڭ تەمىنىمۇ تېتىيامىز مۇنداق بى . . .

- سىلىگىغۇ ئاشۇنداق تاماشا بولىسلام بولىدۇ ،

- دېدى ياغاق يۈز .

- ئەمدى دەيمىنا ، ئۆلەپ كېتىدىغان جانغا ئانچە-مۇنچە راھەتمۇ كۆرگۈلۈك . ئاشۇ نەرسىدىنمۇ ئارتۇق راھەت بارمۇ دەيلا بۇ جاھاندا ، - شاپ بۇرۇت لەۋلىرىنى تامشىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، - شۇڭىمۇ سۆڭەكنىڭ تاتلىقلىقىدىن ئىت بولۇۋالغۇم بار ، . . . تاتلىقلىقىدىن پىت بولۇۋالغۇم بار ،دېگەن گەپ باكاغا چىقمىغان . سىلىمۇ ئاشۇنداق دەپ قويغانلىرى بىلەن بازاردىكى هاراق دۇكىنى ئاچقان پاتەمخاننى تالىشىپ ،ياش باللا بىلەن قاپاق يېرىشقانلىرى ئەسلىرىدىن چىقىپ كەتمىگەندۇ .

- ئەمدى ئۇ دېگەن بىر كەيپلىك ، دېسىلە .

- ھەشۇ ، ئۈرۈمچىدىمۇ ئاۋۋال رېستۇرانغا چىرىپ هاراق ئىچىمىز .ئاندىن سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنۈدىغان بېلىقتەك چوكانلار بىلەن ھى-ھى . . .

ئۇلار پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتى .

پىكاپتىكى بىرپەسلىك جىمجىتلىقنى ياغاق يۈز بۇزدى :

- ھەراست ، بىر گەپنى مەسلىھەتلىشىۋالايلى ،

- دېدى ئۇ ئىككى ھەمراھىغا قاراپ ، - قاشۇجىگە قىلىدىغان ئادىمىگەرچىلىكىمىز ئوخشاش بولسۇن ، بىرسىمىزنىڭ جىق ، بىرسىمىزنىڭ ئاز بولاپقالمىسۇن .

- شۇنداق قىلىلى ، - دېدى خام سېمىز تەستىقلاپ ، - باشتا قوڭىمىزنى كۆتۈرگەندە كەلگەن بولساقمۇ ئادىمىگەرچىلىكىمىز ئازراق بولاپقالسىمۇ بولۇۋېرەتتى . ئاڭلىشىمچە ئۈجمىلىك ، ساي تۈگمەن ، ئاچابېشى ، شالدىراڭ كەنتلىرىنىڭ سېكرېتارلىرى ھەربىرسى سەككىز مىڭ كويدىن ئادىمىگەرچىلىك قىپتىمىش . بىز ئۇلاردىن ئاز قىلساق بولماس .شۇڭا مەن ئون مىڭ كوي ئاتاپ قويغان . . .

- مەنمۇ شۇنچىلىك قىلارمىزدەپ پىلانلىغان ، - دېدى شاپ بۇرۇت .

- مەيلى ئەمىسە ئون مىڭ كويدىن بولسۇن ،

-دېدى ياغاق يۈز ، - بەربىر شەخسىي خەزىنىمىزدىن چىقىرىدىغان پۇل بولمىغاندىكىن .

- سىلىدىن گەپ يوشۇرمايمەن ، سېكرېتار ، - دېدى شاپ بۇرۇت ، - قۇشناچىمنىڭ ساندۇقىدىن مىڭ كوي ئالدىم ، كەنتتىكى مۇئاۋىن سېكرېتار ، مۇدىر ، مۇئاۋىن مۇدىرلارنىڭ ھەربىرسىدىن مىڭ كويدىن ئالدىم ، قالدىسىغا كەنت مالىيىسىدىن بەش مىڭ كوي پۇل ئېلىۋالدىم . بىر ھېسابتا شۇنچە جاپا تارتىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ قاشۇجىنى يوقلىشىمىزمۇ ھۆكۈمەت ئىشى ئۈچۈن دېسىلە . كېيىن يۈرتقا بارغاندا بىر ئامال قىلىپ ئازگالنى تىندۇرۇۋالىمىز .

- ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە ، - دېدى ياغاق يۈز ، - ئوبدان غوس قوپۇراپ ئىككى مەتەم باھالاش ئېلىپ بارساق ئالغان جەرىمانىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ .

- مۇشۇ دېھقان خەقمۇ ئۇششۇق بولاپكەتتى . ھەدېسىلا نامىيگە چىرىپ ئەرز قىلىپ ، ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا يېتىۋالغان .

- ئۇلار ھەرقانچە ئەرز قىلغىنى بىلەن ھاكىم يەنىلا ئەرزنى سوراشقا قاشۇجىنى بۇيرۇيدۇ . قاشۇجى سالامەت ساقىيىپ كېلىۋالسىلا ئۇنچە غەم يېمىسەكمۇ بولىدۇ .

بىرخىل سۇرئەتتە پىكاپنى ھەيدىگەچ ئۇلارنىڭ پاراڭىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان شوپۇر يىگىتنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتكەندى . ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن سوئاللار ئەلەڭگىيتتى . ئۇ دەسلەپتە تېخى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن جاپاكەش دېھقانلارنى پىكاپىمغا سېلىۋالدىم دەپ ئۆزىدىن خېلىلا پەخىرلەنگەن ، ئۇلاردىن يېرىم باھادا كىرا ئېلىپ ، دېھقانلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەندى . شۇتاپتا ئۇنىڭغا پىكاپىدا ئۈچ نەپەر جاپاكەش دېھقان ئەمەس ، ئۈچ تۇياق تىرىكتاپ توڭگۇز ئولتۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ بايامقى پاراڭلاردىن ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىگە نېمە سەۋەبتىن ئايروپىلان بىلەن ئالدىراش كەلگەنلىكىنى ، دوختۇرخانىغا نېمە سەۋەبتىن ھازىرلا بېرىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى تولۇق بىلىپ يەتكەندى .

شۇدەقىقىدە يىگىت كاللىسىدىن يالت قىلىپ كەچكەن بىر خىيالدىن دەسلەپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى . كېيىن بۇ خىيال پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىۋالدى . ئۇ خىيال قىلغانسېرى ئىشەنچكە تولۇپ كېتىۋاتاتتى .ئۇ كۆچلۈك بىر ۋەسۋەسە ئىلكىدە يانچۇقىدىن يانفونىنى ئالدى -دە ، بىر قولىدا رولنى باشقۇرغاچ ، بىر قولىدا بىرنەچچە نومۇرنى بېسىپ تېلېفوننى قۇلىقىغا يېقىن تۇتتى .

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ،-دېدى‌يىگىت ۋە شۇھامان قارشى تەرەپكە خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى .

شوپۇر يىگىتنىڭ تېلېفوندا خەنزۇچە سۆزلىشىشى ياغاق يۈزنىڭ ئىچىنى پۇشۇردىمۇ قانداق ئىككى ھەمراھىغا قاراپ غۇدۇرىدى :

- ئۈرۈمچى دېگەن ئەجەب شەكىنا ، ئۇيغۇرلارمۇ خەنزۇچە گەپ قىلىشىدىغان .ماۋۇ بالىمۇ بىر ئوبدان ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ بولۇپلا ، خەنزۇچە كالدىرلاپ كەتتىيا .

- ئۈرۈمچى دېگەن شۇنداق شە ، - دەپ گەپ قاتتى خام سېمىز ، - ئۇيغۇرلارمۇ خەنزۇچە گەپ قىلىشارمىش ، ئاتا-بالا ئۇيغۇرچە سۆزلىشىپ

بىر-بىرىگە گەپ ئۇقتۇرالماسمىش .

گېزىت قەغىزىگە يەنە تاماكا ئوراشقا تۇتۇنغان شاپ بۇرۇت ئاللىقانداق شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئولتۇراتتى. يىگىت تېلېفوندا خېلى ئۇزاق خەنزۇچە سۆزلىگەندىن كېيىن، گېپىنى ئۇيغۇرچە ئاخىرلاشتۇردى:

— ماقۇل، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، خاتىرجەم بول، قىلچىلىك چاتاق چىقمايدۇ. چاتاق چىقسا ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن.

شەھەرنىڭ ئىچى رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. بۇ شەھەرگە تۇنجى كەلگەن بۇ ئۈچ يولۇچى جاھاندا مۇشۇنداقمۇ نۇرغۇن ئادەملەر جۇغلاشقان، خۇددى ئورمانغا ئوخشاش سانجاق-سانجاق بىنالار بىلەن تولغان، كوچىلىرىدا پىكاپلار خۇددى ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك توختىماي ئۆياقتىن-بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان شەھەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى.

شەھەرنىڭ كېچە مەنزىرىسىنى كۆرۈۋېتىپ زېرىككەن ياغاق يۈز شوپۇر يىگىتتىن تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى:

— ئۇكام، كېلەي دېدۇقمۇ-يا؟

— ئاز قالدۇق، — دېدى يىگىت خاتىرجەملىك بىلەن، — قارىماملا، ئالدىمىزدىكى تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلارنى. ئۇلاردىن يول تالىشىپ ماڭساق، قاتناش ساقچىلىرى جەرىمانە ئالىدۇ. مۇنداق قىلايلى بولمىسا، — دېدى يىگىت كالليسىغا تۇيۇقسىز بىر ئەقىل كەلگەندەك قىياپەتتە، — بۇنداق قەدەمدە بىر توختاپ قاتناش بەلگە چىراغلىرىغا قاراپ ماڭغىچە شەھەر سىرتى بىلەن ئايلىنىپ ماڭامدۇق يە؟

— ئىختىيارلىرى، — دېدى ياغاق يۈز، — ئىشقىلىپ، بىزنى دوختۇرخانىغا تېزراق يەتكۈزۈپ قويسىلا بولدى.

پىكاپ ئاۋات، يورۇق كوچىلاردىن ئاندا-ساندا ماشىنا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان چىراغسىز قاراڭغۇ بىر كوچىغا شۇڭغىدى. شۇ ئەسنادا شوپۇر يىگىتنىڭ يانفونى سايرىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى يىگىت يانفونىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ، — ھە، بىلدىم، بولىدۇ، بىر ئاز ساقلا.

پىكاپ شەھەر سىرتىدىكى قويۇق بىر ئورمانلىققا كەلگەندە يىگىت تۇيۇقسىز رولنى سولغا بۇرىدى-دە، ئورمانلىقنىڭ ئارىسىدىكى تېخىمۇ قاراڭغۇ، تېخىمۇ تىمتاس بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئايروپىلاندا نېرۋىلىرى جىددىيلەشكەن ئۈچ يولۇچى بولسا، بۇ چاغدا مۇگدەشكە باشلىغانىدى.

شوپۇر يىگىت ئالدى تەرەپتىكى ئىككى گەۋدىنى نېرىدىن كۆرۈپ، پىكاپنى ئاستا ئۇلارنىڭ يېنىدا توختاتتى-دە، پىكاپتىن چۈشۈپ ئىككى دوستى بىلەن بىرنەچچە ئېغىز كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن، ئىككەيلەن پىكاپنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىشىككە بىردىن كەلدى. يەنە بىر گەۋدىلىك يىگىت پىكاپ چىرىغىنىڭ يورۇقىدا يوغان قىڭراقنى تۇتۇپ تۇردى.

شوپۇر يىگىت پىكاپنىڭ ئىشىكىنى زەرب بىلەن ئاچتى-دە، سول قولى بىلەن شاپ بۇرۇتنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ، ئوڭ قولىدىكى پىچاقنى گېلىغا تەڭلەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— قوپە ئوغرى، توڭگۇزدەك ئۇخلاۋەرمەي.

بۇ مۇدھىش ئاۋازدىن ئاۋۋال شاپ بۇرۇت، ئاندىن ياغاق يۈز بىلەن خام سېمىز چۆچۈپ ئويغاندى. غەزەپ بىلەن پىچاق تەڭلەپ تۇرغان شوپۇر يىگىتنى، پىكاپنىڭ ئالدىدا ۋە يەنە بىر ئىشىكتە پىچاق تۇتۇپ تۇرغان ئىككى يىگىتنى كۆرۈپ، قورقۇنچتىن ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىدا جان قالمىدى. كالپۇكلىرى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلدىدى، بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى.

— بولە ئوغرى، پارقىراپ تۇرماي. يېنىڭدىكى دېھقانلارنى قاقشىتىپ، باشلىق ئاكاڭغا پورداقچىلىق قىلغىلى ئەپكەلگەن پۇللارنى چىقار.

— جېنىم ئۇكام . . . بۇ . . . بۇ . . .

— ھېلى باكا . . . پۇلنى چىقىرامسەن ياكى ئۆلۈكۈڭ مۇشۇ تاغدا قالسۇن دەمسەن. پۇلنى بېرىپ سېسىق جېنىڭنى ساقلاپ قالغىنىڭ تۈزۈكمىكىن.

شوپۇر يىگىت پىچاقنى شاپ بۇرۇتنىڭ گېلىغا تېخىمۇ بەك نىختىدى.

يۇرتتا دېھقانلارغا بۇقىدەك ھۆركىرەپ كۆنۈپ قالغان شاپ بۇرۇت ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى شۇتاپتا خۇددى ئېرىدىن ناھەق تاياق يېگەن ئايالدەك يىغلاشقا باشلىدى.

— نېمە خوتۇن كىشىدەك پوتلىسىنى ئېقىتىدۇ ماۋۇ نېمىلەر، — دېدى پىكاپنىڭ يەنە بىر ئىشىكىدە تۇرغان يىگىت ياغاق يۈزنىڭ كومشىرىغا زەرب بىلەن بىر مۇشت سېلىپ، — سەنلەر ئۆلمەي تۇرۇپ پۇلنى بېرىشمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟

— بېرىلى ئۇكام، بېرىلى، — دېدى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان خام سېمىز غال-غال تىترىگىنىچە، — بولۇشىلا، پۇلنى چىقىرىشىلا. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. جېنىمىز ھايات قالىدىغانلا ئىش بولسا، نېمىنى دېسە شۇنى بېرەيلى.

— ئالدىرىماي تۇرۇش، — دېدى شوپۇر يىگىت،

— ھە، ئاۋۋال سەن چىقار، قالغان ئىككىڭ مىدىرلىماي جىم تۇرۇش.

— ماقۇل-ماقۇل، — دېدى شاپ بۇرۇت خىتىلداپ يىغلىغىنىچە. ئۇ پىكاپنىڭ ئىچىدە قىستىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن شوپۇر يىگىتكە يېلىندى، — پۇل كالتا ئىشتاننىڭ يانچۇقىدا ئىدى، ئۇكام. بۇيەردە

قىستىلىپ ئالغىلى بولمىغۇدەك .

ـ ئۇنداق بولسا كىيىملىرىڭنى بىردىن ـبىردىن يەش ، ـ دېدى شوپۇر يىگىت .

شاپ بۇرۇت ئىلاجىسىز كىيىملىرىنى يېشىشكە باشلىدى . شوپۇر يىگىت ئۇنىڭ سالغان كىيىملىرىنى يەنە بىر يىگىتكە ئۇزاتتى . ئۇ ، كىيىملەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ ،پۇللارنى پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىغا تاشلىدى . شاپ بۇرۇت بىردەمدىلا قىپيالىڭاچ بولدى . ئۇنىڭدىن كېيىن خام سېمىز ، ئەڭ ئاخىرىدا ياغاق يۈز يالىڭاچلاندى . يىگىتلەر سالدۇرۇۋالغان كىيىملەرنى يولنىڭ بىر چېتىگە دۆۋىلەپ قويغانىدى .

ـ ھە ، ئەمدى پىكاپتىن بىر ـبىرلەپ چۈشە ، ـ دېدى شوپۇر يىگىت .

قىپيالىڭاچ ئۈچ يولۇچى قوللىرىدا ئالدىلىرىنى چاڭگاللىغىنىچە پىكاپتىن ئاستا چۈشتى . سىرتتا سۈس قار يېغىۋاتاتتى ، سوغۇق نەشتەردەك سانجىلاتتى . يالىڭاچلانغان ئۈچ يولۇچى خىتىلداپ يىغلاشقىنىچە دىر ـدىر تىترەيتتى .

شوپۇر يىگىت پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدىكى بىر دۆۋە پۇلنىڭ ئارىسىدىن 600يۈەن پۇلنى ئايرىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى :

ـ ئېلىشە ، بۇ پۇل بىلەن كىرا قىلىپ يۇرتۇڭغا كېتىۋېلىش . بۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلارنى قاقشاتماي ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىشارسەن . ھەممىڭ پىكاپقا كەينىڭنى قىلىپ تۇرۇش .پىكاپنىڭ كەينىدىن قارايدىغان بولساڭ ، پىكاپقا دەسسىتىپ مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتىمەن .

ئۇلار دەرھال كەينىگە ئۆرۈلدى .شۇھامان شوپۇر يىگىت پىكاپنى قوزغاپ ئوقتەك يۈرۈپ كەتتى .تۇن قاراڭغۇسىدا پىكاپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى .

## 3

ئازادە ، يورۇق ،ھەشەمەتلىك كېسەلخانا . چىغ يوللۇق بىمارلار كىيىمى كىيىۋالغان ئەرباب دېرىزە تۈۋىدە ئۆرە تۇرغىنىچە ،كىرىسلودا پۇتىنى ئالماپ ، ئالىي دەرىجىلىك سىگارت چېكىپ ئولتۇرغان يىگىتكە قولىنى شىلتىپ غەزەپ بىلەن سۆزلەۋاتاتتى :

ـ ھە ، دېگىنە ؟ مەكتەپتىن ھەيدىۋەتكەن بولسا ئەمدى يەنە نېمە قىلىپ بېرىمەن ساڭا . ئوقۇيمەن دېگەن مەكتىپىڭگە ئوقۇشقا ئەۋەتتىم .ئۇيچە ياتاقتا ياتمايمەن دېدىڭ ، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەپ مەكتەپ سىرتىدىن بىر يۈرۈش ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ بەردىم . ئايلىق خىراجىتىڭگە مىڭ كويدىن پۇل ئەۋەتتىم ، كومپيۇتېر ،تېلېۋىزور ئېلىپ بەردىم . سېنى ئالتە قېتىم ساقچىخانىدىن ئاچىقىش جەريانىدا ئون مىڭ كويدىن ئارتۇق جەرىمانە تۆلەپ بەردىم . ئېيتە ، يەنە نېمە قىلىپ بەرسەم بولاتتى ،ساڭا . ياخشى ئوقۇپ نېنى پۈتۈن ئادەم بولساڭ ئۆزۈڭگە بولىسەن . مەكتەپتىن ھەيدىۋەتكەن بولسا مېنىڭ بېرىپ سۆزلەشكىنىم بىكار . ئەمدى مەن بىلەن بىللە يۇرتقا قايت . بىر ئامالنى قىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي . مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى مۇشۇ . مەندىن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئۈمىد كۈتمە .

ـ ئۇنداق سەھرايى قىيامەتكە ئۆزۈڭ بار ، ـ دېدى يىگىت قولىنى سىلكىپ ، ـ مەن ئۈرۈمچىدىن ھېچ يەرگە بارمايمەن .

ـ دەپ باقە ، ئۈرۈمچىدە قىلىپ نېمە ئىش قىلماقچىسەن ؟

ئەرباب ئوغلىغا قاراپ دېۋەيلىدى .

يىگىت ئاغزىدىكى تاماكىنى پۈرقىرىتىپ چەككىنىچە خاتىرجەم جاۋاب بەردى :

ـ پۇل بەر ، تىجارەت قىلىمەن .

ـ پۇل بەر ؟ سەن مېنى پۇلنى يولدىن غازاڭ سۈپۈرگەندەك سۈپۈرۈۋالىدۇ ،دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسەن ؟

ـ كارىم يوق . سەن ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ يۈز مىڭ كوي دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس . ئىشقىلىپ ، ماڭا تىجارەتكە دەسمىي قىلغۇدەك پۇل بەرسەڭلا بولدى .

ـ ئوخلاپ چۈشۈڭ !

ئەرباب شۇنداق دەپ قولىنى سىلكىدى-دە تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا كېچە-كۈندۈز يېنىدىن ئايرىلمايدىغان پىستە كۈچۈكمۇ بىللە كىرىپ كەتتى .تويۇقسىز تازىلىق ئۆيىدىن پىستىنىڭ ئېچىنىشلىق غىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئەرباب ئوغلىدىن ئالالمىغان دەردىنى پىستىدىن ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى .

شۇئەسنادا ياتاقا شاپ بۇرۇت ،خام سېمىز ، ياغاق يۈز قاتارلىق ئۈچەيلەن سالپىيىشقىنىچە ، ھودۇقۇپ ـ تەمتىرەپ كىرىپ كېلىشتى-دە ، يىگىتنى كۆرۈپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئېگىلگىنىچە قول تەڭلەپ كەلدى .يىگىت ئولتۇرغان ئورنىدىن مىدىرلىمايلا ئۇلارغا سىڭا قولىنى ئۇزاتتى .

ـ سالامەت تۇردىڭىزمۇ ئالىمجان ئۇكام . قاشۇجى كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ ـ سورىدى ياتاقتا تېزلا نەزەر تاشلاپ چىققان ياغاق يۈز .

ـ ئوبۇرنىدا ، ـ دېدى يىگىت پەرۋاسىزلا ، ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى تاراپ .

— ئوبۇرنىدا؟ — دېدى خام سېمىز يىگىتكە قاراپ، — ئاپلا، ئۇيەردىن قاچان كېلەر ئەمدى؟

— خالادا، — دېدى يىگىت قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئاشۇ گەپنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. پوقلىخانىدا دېسەم بولامتىكى ئەمىسە.

ئۇچەيلەن گۇناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى. ياتاقتا مېھمان كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئەرباب پىستىنى ئەگەشتۈرگىنىچە تازىلىق ئۆيىدىن چىقتى. تېخى ھېلىلا ئازار يەپ غىڭشىپ كەتكەن پىستە ئەربابنىڭ ئايىغى ئاستىدا قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتقىنىچە يۈگرەپ يۈرەتتى.

ئۇلار ئەربابنى كۆرۈپلا ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا ئاتتى-دە، ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا يوقلاپ كەلمىگەنلىكىدىن خېلىلا ئاداۋەت تۇتۇپ قالغان ئەرباب، ئۇلارنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ خېلىلا يۇمشاپ قالدى.

— بولدى، بولدى، ئۆزۈڭلارغا ھاي بېرىڭلار.

ئەرباب خېلى بەزلەپمۇ ئۇلارنى يىغىسىدىن توختىتالمىدى-دە، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— بولدى قىلىش، زوۋانىڭنى ئۈچۈرۈش. ئاناڭ ئۆلدىمۇ ھەرقايسىڭنىڭ.

ئەزەلدىن ئەربابنىڭ بۇيرۇقىنى بىجانىدىل ئورۇنداپ كۆنۈپ قالغان بۇ لەببەيچىلەر شۇ ھامان يىغىدىن شىپپىدە توختاشتى-دە، ئۆپكىدەشكە باشلىدى.

ئۇلارنىڭ يىغىسىنى، كېسىلىم توغرىلىق يۇرتقا تارقالغان يامان خەۋەرلەرنىڭ سەۋەبىدىن دەپ چۈشەنگەن ئەرباب ئۇلارغا تەسەللىي بېرىشكە باشلىدى:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتىم، ئەتە دوختۇردىن چىقىمەن. كېسىلىم توغرىلىق يۇرتقا يالغان-ياۋىداق گەپ تارقاتقان بەتبەختنى تېپىۋالسام ئەدىبىنى بەرمەي قويمايمەن. ھەقاچان دۈشمەنلىرىمنىڭ ئويانلىرى بۇ. ئۇچىگىنى سېغىنىپ تۇراتتىم. ھەنىم بولسا كەپسىلە. ئورۇمچىدە بىر-ئىككى كۈن راسا تاماشا قىلىۋېلىپ، ئاندىن يۇرتقا بىللە قايتارمىز.

ئەربابنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇلار قايتىدىن يىغىسىنى باشلىدى. پوتلا-ماڭقىسىنى ئېقىتىشىپ تۇرۇپ دادلاشتى:

— بىزگە كېلىشمەسلىك كەلدى قاشۇجى... ھۇ...ھۇ...

— ئاخشام ئايروپىلاندىن چۈشۈپ بىر تاكسىغا ئولتۇرغانتۇق...

— يۈزنىڭ قېنى بار يېتىمكەن دېسەك، بىر بولاڭچىكەن ئەمەسما...ھۇ...ھۇ...

— تېلېفوندا خەنزۇچە كالدىرلىسا بىلمەپتىمىز...

— ئاغىنىلىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ...

— مېنىڭ 21مىڭ كوي پۇلامنى...

— مېنىڭ 18مىڭ كويامنى ...

— مېنىڭ 19مىڭ كوي پۇلامنى...

— قاراقچىغا ئۇچرىدۇق قاشۇجى...

—خۇدايا تۇۋا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشلىقلىرى بار مۇشۇنداق شەدىمۇبۇلاڭچى باركەن ئەمەسما... ھۇ...ھۇ...

—ۋاي قايداق قىلامىز ئەمدى...

— زوۋانىڭنى يىغىش پوق زەمبىلى ئوغرىلار! — دېدى قاشۇجى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ. ئۇ شۇ تاپتا ئاخشام نېمە ئىش بولغانلىقىنى، ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ئۇچەيلەننى قانداق پالاكەت باسقانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى بۇلاڭچىغا بېرىپ قويغاندەك يۈرىكى شۇنداق ئېچىشتىكى غەزەپتىن پۈتكۈل ئەزايىدىكى ھەممە قانلار مېڭىسىگە تەپتى.

قاشۇجىنىڭ غەزەپلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ، ئۇلار سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتتەك شۈمشىيىشتى.

— ھۇ زېھنىگە پوق ئولتۇرۇپ قالغانلار. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىركىمنىڭ تېگىدە قېلىشقانىمدىڭ، بۇرۇنراق كېلىشمەي. مېنىڭ ئەتە ياتاقتىن چىقىدىغانلىقىمنى بىلگەندىكىن ساقلاپ تۇرۇشساڭ بولامدۇ، ئورۇمچىدە سوۋۇتۇپ قويغان... باردەك ئايروپىلاندا كېلىشكىنىچە. چىقىش، كۆزۈمدىن يوقىلىش. قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاش: بۇ گەپ مەشەدىلا قالسۇن. ناۋادا ئەل-يۇرتقا يېيىلىپ كېتىپ، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق گەپ ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، يەتمىش پۇشتۇڭنى كۆزەڭگە كۆرسىتىمەن. قالدى گەپنى يۇرتقا بارغاندا دېيىشىۋالىمىز. مېڭىشە، ھازىرلا بېكەتكە بېرىپ يۇرتقا قايتىش. ئورۇمچىدە بىر كۈن تۇرۇپ قالغىنىڭنى بىلىپ قالىدىغان بولسام، ئۆزۈڭگە ھېزى بولۇش، ھۇ پوق قورساق شوۋىچىلار.

ئەربابنىڭ غەزەبلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، پىستە كۈچۈك ئۇلارغا قاراپ قاۋاشقا باشلىدى. قاشۇجى لاغ-لاغ تىترەپ تۇرغان ئۇچ كىشىگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— يوقىلىش دەيمەن، دۆت ئېشەكلەر!

2003-يىل يانۋار، يەكەن

---

ئاپتور: يەكەن دەريا باشقارمىسىنىڭ خادىمى(M1)



# ئىبرەت ئۈچۈن

(ھېكايە)

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

زىچقىنە ئاھالىلەر ئۆيلىرى جايلاشقان كۆجۈم مەھەللىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن تار كوچىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى «يېڭىباغ» ئاھالە كومىتېتىنىڭ كەڭرى قورۇسىدا، تاڭ سۈزۈلگەندىن بېرى ئىشسىزلىق نەپىقىسى ئېلىش ئۈچۈن تىزىملاتقىلى كەلگەن يۈزچە ئەر-ئايال ئۇزۇن ئۆچرەتتە تۇرۇپ، ئۆز نۆۋىتىنى كۈتۈۋاتاتتى. بۇيەرگە كېيىنرەك كەلگەنلەر ۋە سەپتە تۇرۇپ زېرىككەنلەر ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ سايىسىدا ھال-مۇڭ ئېيتىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — سورىدى تىزىملاش ئورنىدىكى ياش ئەر خادىم نۆۋىتى كەلگەن 25 ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭ، كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان، ئىككى زۇلفى ساغرىسىغا چۈشكەن خۇشچىراي خېنىمدىن.

— جەرىمانىخان! دادامنىڭ ئىسمى مەتتىمىن، — دېدى ئايال خىجىل بولغاندەك قىياپەتتە يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— نېمە دېدىڭىز؟ قايتا بىر دەڭە؟ — سورىدى ياش خادىم تەئەججۈپىنى باسالماي.

— جەرىمانىخان دېدىمغۇ شۇ، ئاتام ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمىم، — ئايال سەل رەنجىگەندەك تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى.

تىزىملىغۇچى جەرىمانىخاننىڭ چىرايىغا خېلىغىچە ھەيرانلىق نەزىرىدە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇرىغىنىچە ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى. ئەتراپتىكىلەردىن ئۇنى تونۇمايدىغانلارمۇ بۇ ئىسىمغا بولغان ئەجەبلىنىش، ھەيرانلىقلىرىنى ئىپادىلەپ غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى.

— ئىسمىڭىز تولىمۇ غەلىتىكەن، چىراي-تۇرقىڭىزغا پەقەت ماس كەلمەپتۇ. چىرايلىق ئىسىملار شۇنچە كۆپ تۇرسا ئاتا-ئانىڭىز نېمىشقىمۇ مۇنداق قولاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان ئىسىم قويغان بولغىيتتى؟ — دېدى جەرىمانىخاننىڭ كەينىدە نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان، يۈزىنى ياغلىق بىلەن يۆگىۋالغان غۇنچە بوي سىمىز ئايال.

— غەلىتە بولسىمۇ مەيلىغۇ. لېكىنزە، ھازىرقى كۈندە كىشىلەر جىن-ئالۋاستىنى ئۈچ كۆرگەندەك يىرگىنىدىغان، دېھقان، ئوقەتچىلەرنى ئۆي-جاي روزىغاردىن، خاتىرجەملىكىدىن مەھرۇم قىلغان ئاشۇ جەرىمانە دېگەن ناكەس قىلىقنى ئىسىم قىلىپ قويۇۋالغىنى نېمىسى؟ — دېدى ھېلىقى خېنىمغا سوڭدىشىپلا تۇرغان، ئۆشنىسىگە سومكا ئېسىۋالغان، كىيىملىرى نىمكەش، چېھرىدىن غەم-غۇسسە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان، ئاپئاق يۈزلىرى تاتىراڭغۇ، 40 ياشلاردىكى ئايال بېشىنى چايقاپ.

— بىزدە چىرايلىق نام-ئىسىملار ساماندەك تولا. مۇبادا ئىسمى ئۆزگىچە بولسۇن دېگۈسى كەلسە، يۇلتۇز، ئىپار، كاككۇك، زۆھرە، رىزۋان دېگەندەك

ئىسىملارنى قويسا بولىدىغۇ؟ - دېدى ئايالنىڭ پارتىسىنى ئاتلاپ تۇرغان 30 ياشلاردىكى، كوچا سۈپۈرگۈچىلەرنىڭ تازىلىق كىيىمىنى كىيىۋالغان ئۆتكۈر قارىراق يىگىت قولىدىكى ياغاچ دەستىلىك سۈپۈرگىگە تايىنىپ تۇرۇپ.

- ھۆكۈمەت توساپ تۇرسىمۇ ئوغرىلىقچە تۇغۇپ، ئاندىن جەرىمانىگە چىدىيالماي، ئۇ بالىسىنى بەشمىڭ كويلۇق غوجام، تۆتمىڭ كويلۇق خېنىم دەپ ئاتايدىغانلارمۇ بار تېخى، - دېدى يەنە ناتونۇش بىرەيلەن گەپ قىستۇرۇپ.

جەرىمانىخان ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلىرىنى گويا ئاڭلىمىغاندەك بىر تەرىزدە ئۇدۇلدىكى نېمىدۇر بىرنەرسىگە تىكىلىپ قاراۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ شۇنچە خىرامان، شۇنچە بىنەزەر تۇرغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، كۆڭۈل پازىسىدا بىرچاغلاردا دادىسىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىغا نېمە ئۈچۈن «جەرىمانىخان» دېگەن ئىسىمنى قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ دېگەن ھېكايىسى ئايان بولماقتا ئىدى...

* * *

- بۇ زادى قانداق ئىسىم؟! - سورىغانىدى جەرىمانىخاندىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە تىزىملاتقان كۈنى ئۇنى قوبۇل قىلغان ئوقۇتقۇچىمۇ بۈگۈنكىدەك ئىدىتلاپ.

- ئۆيدىكىلەر شۇنداق قويۇپتىكەن ... ئەمدى ...

ئوقۇتقۇچى ئەستايىدىل - مەسئۇلىيەتچان كىشى بولسا كېرەك، ئۆزى ياقتۇرمىغان بۇ ئىسىمنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ يەنە ئېغىز ئاچتى. ئۇ ئۆزىنى مۇشۇنداق قىلىشقا ھەقلىق دەپ ئويلايتتى، بۇرۇنمۇ بەزى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەلىتە ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتكەنىدى.

- بۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىڭىز چىنارخان ياكى چىمەنگۈل بولسۇن، «جەرىمانىخان» دېگەن ئاتاشقىمۇ شۇنچە سەت، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىسىم ئىكەن.

- ياق، ئۇنداق قىلمىسىلا مۇئەللىم، دادام رەنجىپ قالىدۇ. ئىسىم دېگەن قانداق بولسا مەيلىغۇ، مەن يابىرەركىمدىن جەرىمانە ئالمىغاندىكىن.

ئوقۇتقۇچى قىزنىڭ شىددىتىدىن، قىلغان سۆزلىرىدىن ھەيران قالدى ھەم خاپىمۇ بولدى:

- داداڭ ساراڭ ئەمەستۇ سېنىڭ! قاراپ تۇرۇپ بىر ئۆز قىز بالىغا جەرىمانىخان دەپ ئىسىم قويغىلى؟ ئۇ بۇ ئىسىمنى بەك ياخشى كۆرسە ئۆزىگە قويۇۋالسۇن. ماڭ، بار، ئاشۇ ئەخمەق داداڭنى چاقىرىپ كەل. ئوقۇرمەن بولساڭ بۇ ئىسىمنى ئۆزگەرتمىسەك بولمايدۇ.

جەرىمانىخان دادىسىنى چاقىرىپ كەلگەندە ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقلاردا بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مەمتىمىنئاخۇن ئۇلار بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن قىزىنىڭ ئىسمىنى «جەرىمانىخان» قويغانلىقىنىڭ نېمە ۋەجىدىن بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، مۇنۇلارنى دېگەنىدى:

- جېنىم مۇئەللىم، بىزنى مۇشۇنداق ئىسىمنى ياقتۇرىدۇ دەملا، ياق! ياق! قويىلى دېسەك چىرايلىق نام-ئىسىملار تولا. بىر-بىرىدىن چىرايلىق، دېسىلە. ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئىسىم-سۈپاتىنى قويساقمۇ بولىدۇ. بۇۋىخەلىچە، پاتىمە، زۆھرە دېگەندەك لېكىنزە، بۇ بالا تۇغۇلغان چاغدىكى كېلىشمەسلىك - دىشۋارچىلىقنى دېمەيلا قوياي. راستىنى دېسەم، بۇ ئىشلارنى ئەسلىگۈممۇ يوق. خۇدايىم بۇنداق ئېغىر كۈننى ھەرقانداق بەندىسىنىڭ بېشىغا سالمىسۇن، ئىگەكىم. سىلىمۇ بىلىلا مۇئەللىم، بىز ساۋاتسىز خەق. ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيمىز. ئاڭلىغانىغا ھەممىسى قولاقتا تۇرمايدىكەن شۇ. ئاشۇ ۋاقىتتىمۇ دېھقانلار ئۈچ بالا يۈزى كۆرسە بولىدۇ، دېگەن پەرماننى ئاڭلىغان، تىلخەت بېرىپ قولىمۇ بېسىپ بەرگەن. ئەمما-زە، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئايال قورساق كۆتۈرۈپ قالدى-دە، بەندىدە نېمە ئامال. بولمىسا، جاھان خالىمىغان بالىنى ئارزۇ قىلالاتتۇقمۇ؟ كىمنىڭمۇ بېشىغا بالا تېرىۋالغۇسى بار؟ ئەمدى خۇدا ياراتقان بەندىنىڭ پۈشتىكەن، رىسقىنى خۇدا بېرىدۇ-دە! بىرسى زىيادە بوپقالغانغا جاھان تارلىق قىلامتى؟ ئېغىرنى باشقىلار كۆتۈرۈشۈپ بەرمىگەندىن كېيىن بۇنچە قىلىپ كەتمەس، دەپتىمىز. دېمىسىمۇ خۇدا ياراتقان بىر ئىسسىق جاننى ئۆز قولۇڭ بىلەن نابۇت قىلىش بىر دادا بىلەن ئانا بولغۇچىنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ؟ بىز بىر ئىنسان، يەنە كېلىپ ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان تۇرساق. ئېيتسىلا مۇئەللىم، سىلى شۇنداق قىلالامىلا. ھېچكىمنىڭ گۇناھكار بولغۇسى يوقتە. ئاخىر ئايالنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلاشقاندا ئۇنى جامائەتنىڭ، تەشكىلنىڭ كۆزىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن بالا تۇغۇلغان ھامان باشقا بىر يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئەلكۈن ئالدىدا «بالا ئۆلۈپ كەتتى» دەپ ئىشنىڭ ئاياغ-ئۇچىنى يىتتۇرمەكچى بولدۇق. ئايالنىڭ كۆزى يورىغاندىن كېيىن دېيىشكىنىمىز بويىچە تۇغقانلار بالىنى ئانىسى بىلەن «ئارىكۆل»گە ئەكېتىپ شۇيەردە باقتى. بىز مەھەللىنىڭ ئىمام-مۇئەززىنلىرىگە يالۋۇرۇپ، چاي بېرىپ دېگەندەك ئۇلارنى يالغان دەپنە ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشكە كۆندۈردۇق. يەرلىككە ئەسكى-تۈسكى يۆگەكلەرنى يۆگەپ دەپنە قىلدۇق. كىشىلەر گۇمان قىلمىغاندەك ئىدى. ئەمما كىم بىلسۇن، ھەپتە ئۆتەر-ئۆتمەي قىلغان-ئەتكەنلىرىمىز پاش بولۇپ، كەنت ئۆرە-تۆپە بوپكەتتى. ئۆيدىن كادىر ئۈزۈلمەي نەچچە كۈن تەكشۈرۈلدۇق. ھەي، موللا دېگەنمۇزە، ئاپتاپپەرەستەك بىرنېمىكەن. بىزنىڭ بەرگەن چايىنى ئاز كۆردىمۇ، نېمە ئويلىدى، ئۆزى قول سېلىپ قىلغان ئىشنى ئەنە شۇنداق بۇزدى، دېسىلە. باشتا ماقۇل دېمىگەن بولسا، دەردنى بىراقلا تارتىپ ئۈزۈلۈشمەسمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىزگە «پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەن، ھۆكۈمەتنى ئالدىغان» دەپ قوش جازا بەردى. نەق يەتتە مىڭ كوي جەرىمانە تۆلەيدىغانغا پەرمان چۈشتى. مانا، بالىغا تويە-توي، دېدى-دە ئۇلار. مۇبادا ۋاقتىدا تۆلىمىسەم ئۆيۋاقا، تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئازغىنە يەر دېگەندەك نەرسىلەرنى تارتىۋالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سىلە بىلىلا مۇئەللىم، ھازىر

بىزدەك دېھقاندا يەتتە مىڭ كوي نېمە قىلسۇن؟ ئۆمرۈمدە ئۇنچىۋالا پۇلنى بارماقلاپ ساناپ باققان ئادەم ئەمەسمەن. يا ئۆيدە ئارتۇق-تۆشۈك ساتا-ساتقۇلۇق بولمىغاندىكىن، خۇدايىتائالادىن بۇدىشۋارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلتىجا قىلىپ يىغلىدۇق. ئەسلىدىغۇ ھۆكۈمەتنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ئىشنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەستىم. قارا باستىمۇ نېمە بولدى ماڭا، كۆز ئالدىمىزدا ئۆيەر-بۇيەردىن كەلگەن مۇساپىر كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىنى بوياپ خوتەندە بىر، قەشقەردە بىر، ئاقسۇدا بىر بالا تېپىپ دېگەندەك يۈرگەندىكىن، بىزگىمۇ بىرگەپ بولار دەپتىكەنمىز ئەمدى. ئاخىر بىر ئائىلىلىك ئادەم ئۆي - ماكانسىز - كوچىدا قېلىپ، سەرسان-سەرگەردان بولمايلى دەپ قەرزگە ئالغان موزايلىق كالا بىلەن ئېشەكنى ۋە باشقا پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى سېتىپ مىڭ تەستە ئۈچ مىڭ كوي غەملەپ جەرىمانىگە ئۆتكۈزگەچ تۇردۇق.

ئادەتتىغۇ ئىشەك ئالدىمىزدىن يېرىگىنى سۇغۇرمىدىڭ، كېۋەزنى ۋاقتىدا ئۈتىمىدىڭ، بالاڭنى مەكتەپكە ئەۋەتمىدىڭ، دېگەندەك ئىشلار ئۈچۈن جەرىمانە سۈيلەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. لېكىن بۇندىغىنى بىر ئىلاج قىلىپ ياكى بىكارغا ئىشلەپ بېرىپ قۇتۇلىمىز. ئەمما بۇ جەرىمانىزە، يىلىكىمىزنى قۇرۇتىۋەتتى ئەمەسما! ئۆيىمىز چاشقان يامانلاپ چىقىپ كەتكۈدەك ئەھۋالدا قۇرۇقدىلىپ قالدى. قالغىنىنى يىل ئاخىرىغىچە تۆلەپ بېرىدىغانغا تىلىمدىن ھۆججەت بېرىپ ئاران قۇتۇلدۇم. شۇ كۈنلەردىكى ھال-كۈنۈمنى بىر خۇدا، بىر ئۆزۈم بىلىمەن. بىر بالا ئۈچۈن ئىتنىڭ كۈنىني كۆردۈم دېسەم بولىدۇ. گاھى كۈنلىرى ئايالىم ماڭا دېمەيلا يۈزىگە رومال ئارتىپ ئەڭ ئۇياتلىق بولغان تىلەمچىلىككىمۇ چىقىپتۇ.

دېسەم گەپ جىق، مۇئەللىم. مۇشۇ بالىنى ساقلاپ قالىمىز دەپ جەرىمانە تۆلەشتىن سىرت يەتكۈچە دەككە-دەشنام، ئاھانەت ئاڭلاپ، يوقسۇزچىلىق تارتىپ ھېلىمۇ ئۆلۈپ قالمىدۇق. خۇدايىتائالا بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بۇ قارا قىسمەتنى باشقا بەندىسىنىڭ، بولۇپمۇ مەندەك نامرات دېھقانىنىڭ بېشىغا سالمىسۇن، دەپ تارتقان جاپالىرىمىزنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن، ئۆيدىكى قوشناچىمىنىڭ يەنە مۇشۇنداق جېدەل-ماجرالىق بالا تۇغۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى «جەرىمانىخان» قويغىنىمىز بولاپتىكەنمۇ-بولماپتىكەنمۇ؟ دەپ باقسىلا. «تۈتۈنىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر» دەپتىكەن. بىز ئاشۇ چاغلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز دېسىلە. راستىنى دېسەم، مۇئەللىم، بالىنىڭ ئىسمىنى جەرىمانىخان قويۇشۇمدا ئائىلىمىز ئۈچۈن، ھەم يۇرت-مەھەللە ئۈچۈن ئىبرەت بولسۇن دېگەننى ئويلىغانمەن. بولمىسا، بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ھېلىغىچە كۈنىنىڭ ئۇزىقىدا ئىككىنى، قىسقىسىدا بىرنى تۇغۇۋېرەتتى دېسىلە. شۇڭا جەرىمانىخان دېگەن ئىسمىنى ھەرگىز ئۆزگەرتىۋەتمىسىلە ماقىما (ماقۇلما)! بۇ ئىسىم مەھەللىنىڭ تاملىرىنى «ئاز تۇغۇڭلار» دەپ بويىۋەتكەندىن كۆرە كۆپ ئەھمىيەتلىك. ئاياللىرىمىز جەرىمانىخاننى كۆرسە ياكى ئىسمىنى ئاڭلىسا، پىلاندىن ئارتۇق قورساق كۆتۈرۈپ بىزدەك كۈنگە قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ ئەمەسما؟

مۇئەللىم قىزىنىڭ دادىسىنىڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇن ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بىردەمگىنە جىمىپ قالدى ۋە بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئىشخانىدىكى تىزىملاش جەدۋىلىنى ئاچقىپ، نۆۋەتتىكى گرافىغا «جەرىمانىخان مەمتىمىن» دەپ يازدى-دە، - رەھمەت سىلىگە، ئاۋارە قىلدۇق، - دەپ مەمتىمىنئاخۇننى ئۇزىتىپ قويغانىدى.

* * *

جەرىمانىخاننىڭ خىيال يىپلىرى ئۈزۈلۈپ ئىسىگە كەلگەن چاغدىمۇ ئەتراپىدىكى تىزىملاش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرغانلار غەلىتە ئىسىم توغرىسىدىكى سۆھبەتلىرىنى تېخىچە داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى:

- بالىسىغا غەلىتە ئىسىم قويۇدىغان ئىشلار ئەزەلدىن بار، - دەپ سۆز ئاچتى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆكۈلگەن شېغىل دۆۋىسى ئۈستىدە ئولتۇرغان ئەنجان دوپپا كىيگەن، كەكە ساقال، ياغاق يۈز كەلگەن 50ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان يۈسۈپ دوپپىچى دېگەن ئادەم ئۈچۈمىدىكى شېخىللارنى ئويناپ تۇرۇپ، - بىزنىڭ مەھەللىدە زەرىبىنىساخان دېگەن بىر ئايال بار، ھازىر ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى مەمەتئابلا بەگ ھاجى ئوقۇمۇشلۇق بىر مۆتىۋەر ئىدى. بىرنەرسىلەرنى يېزىپ يۈرۈدىغان ئادەم ئىدى. 1958-يىلى بولسا كېرەك، سوخەنچى - چېقىمچىلاردىن بىرى: «ھۆكۈمەتكە قارشى نەزمە توزدى» دەپ ساقچىغا چاققان چېغى، بىر كۈنى ئۇ كىشىنى ھايال ئۆتمەي تۈرمىگە ئەكىرىپ كەتتى. «ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غىجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك دەل ئاشۇ كۈنى ئايالى يەڭگىپ بىر قىز تۇغۇپتۇ. ئەتىسى تۇغقانلىرى تۈرمىگە كىرىپ ئۇ كىشىدىن بالىغا قانداق ئىسىم قويۇشنى سورىغاندا «زەرىبىنىساخان» بولسۇن، دەپتۇ.

بالىغا بۇنداق ئىسىم قويۇشتا ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى بىلمەيمىز. ھەرھالدا ناھەق تۈرمىگە كىرگەنلىكىگە قورسىقى كۆپۈپ، ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ، دېگەن قىياسقا كەلدۇق. ئىچى كۆچلۈك ئادەملەرنىڭ مىجەزى ئاشۇنداق بولىدۇ. قورساق كۆپۈككىنى چىقىرىۋالمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ. بەگ ھاجى تېخى ئۆزىنى يوقىرىغا چىقىپ ناھەق سولاتقانلارنى سۆكۈپ مۇنداق بىر نەزمىمۇ تۈزۈپتىكەن:

چىقىمچىنى يوقاتقىن خۇدا،
ئۆلتۈرمەستىن ئايلاندۇر تاشقا.
بىزدىن بۇرۇن ئالدىڭغا بارسا،
بالا بولۇر بىزنىڭ بۇ باشقا.

بۇ رەھمەتلىكنى ئون يىللاردىن كېيىن ھۆكۈمەت گۇناھسىز، دەپ ئېلان قىلىپ قويۇۋەتتى. ھەتتا سىياسىي كېڭەشكە ھەيئەتمۇ قىلدى. ئۇ تاكى ۋاپاتىغىچە تارىخ پۈتۈپ، نەزمىچىلىك قىلىپ، ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. خۇدايىم جايىنى جەننەتتە قىلسۇن رەھمەتلىنىڭ، بەك ئۆچلۈق ئادەم ئىدى.

يۈسۈپ دوپپىچىنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خىزمەت ۋاقتى توشۇپ تىزىملاش توختىدى-دە، كىشىلەر بىر-بىرلەپ تاراشقا باشلىدى. غەلىتە ئىسىم توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلدى.

---

ئاپتور: «يېڭى قاشتاش» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى (M1)



# ئىت ھەققىدە رىۋايەت

(ھېكايە)

**داۋۇت مەتنىياز**

شەنبە كۈنىدىكى دەم ئېلىشىم ئانچە كۆڭۈللۈك بولمىدى. تۇرۇپلا كۆز ئالدىمدىن قېچىپ كېتىۋاتقان بىر نەرسەمگە يېتىشەلمەيۋاتقاندەك بىتاقەت بوپكەتتىم . ئەمما نېمىنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، نېمىگە يېتىشەلمەي قېلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيتتىم . كىتاب ئوقۇي دەپ «نازۇكۇم» رومانىنى قولۇمغا ئالدىمىيۇ ،ئۇن نەچچە بەتكە بارا- بارمايلا تاشلىدىم . بىرنەرسە يازاي دېسەم كاللام قۇپقۇرۇق ، ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ بازارغا چىقتىم . بازارنىڭ دوقمۇشىدا سېرىق ساقال بىر كىشى تاشتۇز سېتىپ ئولتۇراتتى . يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا بىردەستە ئۆتكەمە ، غەلۋىرنى ئەكېلىپ تاراقىدە تاشلىدى . ئۇنىڭ قوللىرى قاتتىق توڭۇپ كەتكەن بولسا كېرەك ، ئىككى ئالقىنىنى بىر-بىرىگە شارت-شۇرت سۈركەيتتى . «تۇۋا ، بۇ جاھان نېمە دېگەن غەلىتە-ھە ، سەن كۆرمىگەن ،ئۇخلىساڭ چۈشۈڭگىمۇ كىرمەيدىغان نەرسىلەر تۇرمۇشۇڭغا سەلدەك ئېقىپ كىرىۋاتقان ، بۇرۇن بار نەرسىلەر ئەمدىلىكتە سەندىن يىراقلىشىۋاتقان .بىر چاغلاردا جاپاكەش ئانىلىرىمىز ئاشۇنداق تاشتۇزنى قاپاققا چېلاپ قويۇپ ئىشلىتىدىغان ،ماۋۇ ئۆتكەمە - غەلۋىرلەرمۇ ھەممە ئۆيلەردە دېگۈدەك تېپىلاتتى . بۇلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن ھاياتنىڭ قايسى دوقمۇشلىرىغا كەلگەندە چۈشۈپ قالغاندۇ ؟ ھازىر بۇنداق تەۋەررۇكلەرنى كىملەر ساقلاپ قالغاندۇ . . .»

ئاشۇنداق باش-ئۇچى يوق خىيال قايىنىمىدا لەيلەپ يۈرگىنىمدە دۈمبەمگە بىرسىنىڭ يېنىك شاپىلاقلىقى ئۇرۇلدى . ئارقامغا ئۆرۈلسەم ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ساۋۇتجان قاراپ تۇرۇپتۇ . ئۇ ئەينى چاغدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي ،دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە ئورۇنلاشقانىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى گاھى بازار-رەستىلەردە قوناق سېتىۋېلىپ يۈرگىنىنى كۆرسەم ،گاھى چېكىت ، كۈنجىرە دېگەندەك نەرسىلەرنى تراكتورغا بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم . ئەمما بۇ قېتىم ئۇ يوغان بىر قارا ئىتنى يېتىلىۋاپتۇ . بىز ئامانلىق سورىشىپ بولغىچە ئۇنىڭ ئىتى ھەدەپ سۆرىگىلى تۇردى .

- بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈسەن ؟ - دېدى ئۇ ئىتنىڭ زەنجىرىنى سول قولىغا يۆتكەپ .

- بىكارچىلىق .

- جۈر ، مەن سېنى ناھايىتى قىزىق بىر تاماشىغا باشلاپ باراي .

- قانداق تاماشا ئۇ ؟

- مۇشۇ جانىۋارنىڭ تاماشىسى ، - ساۋۇتجان ئىتتىن زوقلانغاندەك يېنىك ئىسقىرتىپ قويدى .

- ئىتنىڭ ؟

- ھەئە ، «شامالباغ»دا سورۇن بار ، ھەرشەنبە قىزىيدۇ .

- مەن بارمىسام بولار ، ئاداش .

- بۇرۇن خېلى ئوغۇلبالىچىلىقىڭ بار ئىدى ، ئەمدى نېمە بولدىڭا ؟ئىت تالاشتۇرۇش سورۇنى دېگەنگىچۇ قارا ، يىگىتنىڭ يىگىتى بارىدىغان يەرئۇ .

ئىت نېمىگىدۇ ئالدىرىغاندەك ئۇياق-بۇياققا تەلپۈنۈپ ،بىزنى تۈزۈكرەك پاراڭلاشقىلى قويمىدى .

ساۋۇتجان مېنىڭ ئىككى خىيال بوپقالغانلىقىمىنى سەزدىمۇ ياكى ئىتى سۆرەپ يىقىتىۋەتكىلى قوپقاچقىمۇ كاپلا قىلىپ بىلىكىمنى تۇتۇۋالدى . مەندە ئەمدى كېچىكىش پۇرسىتى قالمىغانىدى . ئىت ساۋۇتجاننى ،ساۋۇتجان مېنى سۆرەپ كېتىۋاتىمىز .

- سەندەك ئۇنى-بۇنى يېزىپ قويىدىغانلار ئىت سورۇنىنىمۇ كۆرۈپ قويغىنى ياخشى ،نى-نى قىزىقارلىق گەپلەرنى ئاڭلايسەن دېگىنە .

ساۋۇتجان يول بويى توختىماي سۆزلەپ باراتتى .

دەريا بويىغا كەلگەندە ئىت سورۇنىنىڭ راستتىنلا ئۆزگىچە بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى

چۈشەندىم. ساۋۇتجان زورلىمىغان بولسا، شاۋقۇن-سۈرەنلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان بۇ قەدىناس دەريانىڭ قىرغىقىدا مۇنداق كارامەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. ھەممە كىشى ئۈستىگە تىكەنلىك سىم تارتىلغان قاشا تامنىڭ ئىچىگە قىستىلىشىپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. يېقىنلاپ كەلگەندە دەرۋازىۋەن مېنى توسۇۋېلىپ بېلەت سېتىۋېلىشقا بۇيرۇدى. دەرۋازىۋەن دېگىنىم ئىدارە-ئورگانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كىرگەن-چىققاننى تىزىملايدىغانلار ئەمەس، سورۇنغا كىرىدىغان ھەربىر ئادەمدىن پۇل ئۇندۇرۇۋالىدىغانلار ئىدى.

دەرۋازا ئىچىگە كىرىپلا كۆزۈم چەكچىيىپ كەتتى. تام بويلىتىپ ھەر بەش مېتىردا بىردىن قېقىلغان قوزۇققا ئىتلار قاتار باغلىنىپ بولغانىدى. ساۋۇتجاننىڭ ئىتىنى كۆرۈپ بۇيەردىكى ئىتلار تۇشمۇ تۇشتىن قاۋاپ كېتىشتى.

- ئاۋۋال ماۋۇ ئىتلارنى ساڭا بىر تونۇشتۇرۇۋېتەي، - ساۋۇتجان ئىتلارغا قاراپ ماڭدى.

- ئىتلارنى تونۇشتۇراي دېدىڭما؟

- قارا، ئاۋۇ چاتقال تۈۋىدىكىنى كۆردۈڭمۇ، ئۇنى «پولات چىش» دەيمىز. رەقىبىنىڭ قولىقىنى چىشلەپلا ئالسا «ۋاي ئاكىجانەي» دەپ ناخشا ئېيتقۇزۇۋېتىدۇ. ئەمدى ئاۋۇ تام تۈۋىدە ياتقان ئالا ئىتقا قارا. ئۇنىڭ ئىسمى «ياۋا توڭگۇز»، قارشى تەرەپتىن كەلگەن ئىتنى بىرلا ئۈسسۈپ ھاۋا تاپان قىلىدۇ-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە گېلىدىن بوغىدۇ.

- بۇ يەردىكى ھەممە ئىتنىڭ ئىسمى بارمۇ؟

- داڭلىقلىرىنىڭ ئىسمى بار.

ساۋۇتجان سورۇنغا كەلگەن ئىتلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنى بىر-بىرلەپ تونۇشتۇردى. بەزى ئىتلار تونۇشتۇرۇلۇۋاتقاندا بىزگە كۆز قىرىنىمۇ سالماي يېتىشسا، بەزىلىرى خۇددى كاتتا سورۇنلاردا تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان بەگلەردەك ئەتراپقا كۆرەڭلىك بىلەن قاراپ قوياتتى.

ئىتلارنى كۆرۈپ بولۇپ توپقا قوشۇلدۇق. بىر مۇنچىلىغان ئادەملەر تۆت-بەش مودەك كۆلەمنى چۆرىدەپ تۇرۇشقانىدى. باغلاقتىكى ئىتلار ئادەملەرگە، باققاللارنىڭ ھارۋىغا قوشۇپ كەلگەن ئات-ئېشەكلىرىگە قاۋىمايتتى، پەقەت ئۆز قەۋمىگە -بىرئىت يەنە بىر ئىتقا قاۋايتتى، چايناپ پاك-پاكىز يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا داپشۇناتتى.

- تېخى باشلىماپتۇ، - دېدى ساۋۇتجان سورۇنغا بويۇنداپ قاراپ.

- يا ئاللا، باشلىماستا ئادەم مۇنچە كۆپىيىپ كەتسە، باشلىغاندا بۇيەرگە يېقىن كېلىشمۇ بىر گەپكەن.

- يۈرە، بىزمۇ بىر يەردىن بۆسۈپ كىرىپ ئەپلىكرەك ئورۇندىن بىرنى تاپايلى.

قىستىلىشىپ يۈرۈپ خېلى تەستە ئالدىغىراق ئۆتتۇق. ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمىگەن بولساقمۇ ھەرھالدا سورۇندىكى ئالامەتلەرنى كۆرگىلى بولاتتى.

ۋاقىت ئۆتۈۋەردى. ئادەملەر بارغانچە كۆپەيمەكتە. ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى قوشۇلۇپ تولىمۇ كۆڭۈلسىز بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

- باشلىمامدىكەن؟ - دېدىم ئىچىم تىتىلداپ.

- قاسىم ھاجىم كەلگەندە باشلايدۇ، - دېدى ئەتىدىن بېرى بىزنىڭ ئارقىمىزدا گازىر چېقىپ تۇرغان كۆزەينەكلىك ئادەم ئېغىزىدىكى شۆپەكنى قولىغا تۈكۈرۈپ.

- قاسىم ھاجىم دېگەن كىم ئۇ؟

- شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ - ساۋۇتجان ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىدى، - قاسىم ھاجىم دېگەن سورۇننىڭ بېشى. مۇشۇ قاشادىۋالغان زېمىننىڭ ھەممىسى شۇنىڭ.

- ئۇ كەلمىسىمۇ باشلاۋەرسە بولمامدۇ؟

- بۇ شەھەردە يوقتەك گەپ قىلىدىكەنسىز، - كۆزەينەكلىك ئادەم يەنە گەپكە ئارىلاشتى، - قاسىم ھاجىم كەلمەستە سورۇنغا ئىت يېتىلەپ كىرىدىغان نوچى تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلمىدى.

مەن گەپ قىلمىدىم. ھەممە ئىش بىرلا ئادەمنىڭ رايى بويىچە چۆرگىلەيدىغان بۇنداق سورۇنغا كەپقالغىنىمغا سەل پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. قايتىپ كېتەي دېسەم ساۋۇتجاننىڭ رەنجىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىكارغا ئىككى يۈەن تۆلىگەندىكىن بىرەر مەيدان بولسىمۇ كۆرۈپ بېقىش خىيالىممۇ يوق ئەمەس ئىدى.

- ھەي ئاغىنىلەر، سورۇننى باشلاپ بولغۇچە بىرەر قولدىن قارتا سانىمامدۇق، - قولاقچىسىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن سارغۇچ چېچى تەكشى ئۆرۈلۈپ چىققان بىر يىگىت ئۇچىسىدىكى قارا بوغما چاپىنىنى سېلىپ، يېقىنلا يەردىكى قاشانىڭ تۈۋىگە دۈم يايدى. ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك بىر قانچە يىگىت چاپاننىڭ ئەتراپىغا ئۆزىنى ئاتتى. ساۋۇتجانمۇ قومساڭغۇ تۇپراققا كاسىسىنى ئوبدانلا پاتۇرۇپ، قارتچىلارنىڭ بىر نامزاتىنى تولۇقلىغانىدى.

قارتا ئىككى نۆۋەت ئايلىنىشىغا بىرسىنىڭ مۇز يېرىلغاندەك قوپال ئاۋازى دىققىتىمىزنى تارتتى:

- خالايىق! ئىت تالاشتۇرۇش ئويۇنىمىز ھازىر باشلىنىدۇ.

قارتىنىڭ سانالغىنى سانالغان، سانالمىغىنى سانالمىغان پېتى قالدى. كاناي كۆتۈرۈۋالغان ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئەتراپتىكىلەرگە مۇراجىئەت قىلماقتا ئىدى:

- ئالدىدا ئۆرە تۇرۇۋالغانلار ئولتۇرايلى، ئارقىدىكىلەر كۆرەلمەيدۇ.

تۈنجى بولۇپ بىر سېرىق ئىت مەيدانغا ھازىرلاندى. ھەممەيلەننىڭ دىققىتى سورۇنغا، سورۇننىڭ تۈنجى قەھرىمانى ھېسابلىنىدىغان سېرىق جانىۋارغا مەركەزلەشكەنىدى. ئىت ئېگىسىنىڭ زەنجىر تۇتقان قوللىرى دىر-دىر تىترەيتتى.

- ئۆرە تۇرۇۋالغانلار ئولتۇرۇڭلار! - بار ئاۋازى بىلەن چىڭقىلىپ تۇۋلىدى جاكارچى، - ئارقىدىكىلەرمۇ سىلەرنىڭ تەلپىكىڭلارنى كۆرۈش ئۈچۈن پۇل تۆلىمىدى.

ئالدىمىزدىكىلەر بىر-بىرلەپ سوغۇق توپىدىن ئورۇن ئېلىشتى. مەيداندا ئېگىز تەلپەك كىيىۋالغان بىرقانچەيلەن ئۇياقتىن بۇياققا ئالدىراش مېڭىپ يۈرۈشەتتى. سېرىق ئىتنىڭ قۇيرۇقى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، گەدەن تۈكلىرى پاخپايدى. بۇ چاغدا قارشى تەرەپتىكى ئادەملەر ئارىسىدىن سالپاڭ قۇلاق ئاق ئىتنىڭ يوغان بېشى كۆرۈنگەنىدى. سېرىق ئىت بىرنەرسىدىن خەۋپسىرىگەندەك بىردە ئىگىسىگە، بىردە رەقىبىگە قارىغىلى تۇردى. ئارىلىق دەممۇ دەم يېقىنلاشتى. ئاق ئىت ئارقا پۇتى بىلەن يەرنى تاتىلاپ، پەرت-پەرت ئىككى نۆۋەت توپا سورۇۋەتتى-دە، ئىگىسىنى دارقىراتقىنىچە سۆرەپ

كەلدى . سېرىق ئىتنىڭمۇ بەقەمدەك قىپقىزىل كۆزلىرىدىن قىن-قىنىغا سىغمىي كەتكەن ئەسەبىي ئۆچمەنلىكىنىڭ ئۇچقۇنى يېلىنجايتتى .

ئىتلار يەكمۇ يەك قويۇپ بېرىلدى-دە ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا چالاقىدە ئۇسسۇشكەن پېتى تۇتۇشۇپ كەتتى . ئالدىمىزدىكىلەر يەنە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇشقىلى تۇردى . ئەمدى مەيداندا نېمە ئىش بولىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى ، پەقەت ئىتلارنىڭ قالايمىقان خالايشىغان ، دوپپۇرلەشكەن ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى . گاھى-گاھىدا تاماشىبىنلارنىڭ مۆرىلىرى ئارىسىدىن ئاشۇ جانىۋارلارنىڭ گەۋدىسى غىل-پال كۆرۈنۈپمۇ قالاتتى .

— تەرتىپ مۇئەككەللىرى ! — پېتىنى بوزماي تۇرۇپ تۇۋلىدى سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ قاراپ تۇرغان قىرقىم ساقال ئادەم .

هايال ئۆتمەي ئۇزۇن تاياق كۆتۈرۈۋالغان ئىككى يىگىت ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ بىرى چىرايى ساپسېرىق ، ياداڭغۇ ، يەنە بىرى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە چويۇندەك قاپقارا ، چالا پۇۋلەنگەن ئۆپكىدەك سېمىز ئىدى .

— ماۋۇ نوغۇچ يۇتىۋالغان ھېجىقىزلارنى ئولتۇرغۇزۇۋېلار ، — ئۆرە تۇرغانلارنى ئىما قىلدى سورۇنبېشى ھېلىقى يىگىتلەرگە .

— ئەجەب قوپال گەپ قىلىدىغان ئاداشكىنا ئىيماۋۇ .

— ئۇنىڭنى چىقارما ، — ساۋۇتجان بېقىنىمغا نوقىدى ، — قاسىم ھاجىم دېگەن شۇ . گېپىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالغۇدەك بولسا ، بۇ سورۇندا سەن تۇگۇل مەنمۇ تۇرالمايمەن .

«تەرتىپ مۇئەككەللىرى» مەيداندا تالىشىۋاتقان ئىتلاردەك ئىنتائەتمەنلىك بىلەن ئەتراپقا تاشلاندى . ئۇزۇن تاياقلار ئۆرە تۇرغانلارنىڭ باش ئۈستىدە ۋىژ-ۋىژ ئۇچاتتى .

— ئولتۇرۇڭلار ، ئېشەك باغلىغان قوزۇقتەك دىڭگىيىشىپ تۇرۇشماي . يەردىن مىخ ئۇنۇپ چىقتىمۇ يە ؟ !

ئۆرە قوپۇۋالغانلارىيەنە باشقىچە تارتىلغان كارۋان تۆگىسىدەك چۆكۈشكە مەجبۇر بولدى .

— ئاۋۇ ئادەمگە قاراڭلار ، — يېنىمىزدىن بىرى پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى .

— ھا-ھا-ھا . . . ساۋۇتجانمۇ غەلىتە بىر ئىشنى كۆرگەندەك ئۆزىنى تۇتالمىدى . ئەمما مەن ھېچقانداق كۈلكىلىك ئىشنى كۆرمىگەنىدىم . كۆرۈۋاتقىنىم سېرىق ئىت بىلەن ئاق ئىتنىڭ يومىداقلىشىشى ، چىشلىگەن يەردىن گۈپشۈپ ئاستىغا بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشلار ئىدى .

— نېمىگە كۈلىسەن ؟

— ئاۋۇ قارا تەلپەكنىڭ چېكىۋاتقان تاماكىسىغا قارىغىنا .

مەنمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم . ئاق ئىتنىڭ ئىگىسى تاماكىنىڭ ئۇچى تەرەپكە ئەمەس ، ساغۇچ كۆتىكى تەرەپكە ئوت يېقىپ ھەدەپ شوراۋاتاتتى .

— ھېچ نەرسىنى سەزمەپتۇ-دە ، بىچارە .

— ئۇنى بىردىمە ، — دېدى ساۋۇتجان بېشىنى چايقاپ ، — ئىتىنى تۇۋرۇكتىن يەشكەندە پۇت-قولى تىترىگىلى تۇرسا ، تاكى مەيداندىن ساق-سالامەت ئاچىقىپ بولغىچە كۆز ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ .

— ئوتى يامان ئىشكەن بۇ ، — چار ساقال بىر كىشىمۇ گەپكە ئارىلاشتى ، — مەنمۇ ياشلىقىمدا ئون يىل ئوينىغان . قارشى تەرەپنىڭ ئىتى سېنىڭ ئىتىڭنى چىشلىگىلى تۇرغاندا نەخ يۈرىكىڭنى چىشلىگەندەك بىلىنىدىغان گەپ . مۇشۇ تۇرقىدا ئۈستىرىنى ئېلىپ ئىت ئىگىلىرىنىڭ بىردىن ئىككى قۇلىقىنى شىرتتىدە كېسىپ ئەكېلىۋالساقمۇ تۇيمايدۇ .

ئىتلار جان-جەھلى بىلەن ئېلىشماقتا . بىردە سېرىق ئىت غالىب كەلسە ، بىردە ئاق ئىت ئۈستۈنلىككە چىقاتتى . بىرسى قۇلاقتىن ئالسا ، يەنە بىرى پۇتىدىن چىشلەيتتى . ئاق ئىت بىر چۈرۈلۈپلا سېرىق ئىتنىڭ قۇلىقىنى مەھكەم چىشلەپ گۈپشىگىلى تۇردى . سېرىق ئىت ئالدى ئىككى پۇتىدا رەقىبىنىڭ بېشىنى كۈچەپ ئىتتىرەتتى . ئىتلار بىردەم تىركەشكەندىن كېيىن خۇددى چېلىشچىلاردەك گىرەلىشىپ ئۆرە بولدى . ئۇلار بىر-بىرىنى يىقىتىش ئۈچۈن چىماق سالاتتى . يولۋاستەك ھۆركىرەپ ، قوش سۆرىگەن ئۆكۈزدەك ھاسىرايتتى . ئاخىرى ئىككىلىسى قۇچاقلاشقان پېتى گۈپلا يىقىلدى . پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئاق ئىت ھەدەپ سىلكىگىلى تۇردى .

— ھوي ! ئاۋۇ يەردە ئىت بوشىنىپ كېتىپتۇ ،
- ئارقا تەرەپتىن بىرى ئەنسىز تۇۋلىدى .

دەريا تەرەپتىكى تام تۈۋىدە ئىككى ئىت ئۆزى بىلگەنچە تالىشىۋاتاتتى . ئادەملەر ئۇپۇر-توپۇر بولۇشۇپ ، سورۇن بۇزۇلدى . نەگىلا قارىسا يۈگرۈشۈپ يۈرۈۋاتقان ئادەم ، باغقا ئوغرى كىرگەندەك داپشۇنۇۋاتقان ئىتلار . . . سورۇنبېشىمۇ ھاسىراپ-ھۆمىدەپ يۈگرۈپ كېلىۋاتاتتى . بوشانغان ئىتنىڭ ئىگىسى ئۇپۇل-توپۇل ئىتىنى ئاجرىتىۋالدى .

— كىمنىڭ بىرنىمىسىكىنە بۇ ؟ !

— مېنىڭ ئىتىمتى ، ھاجىم ، — دېدى قاپقارا ساقاللىرى يۈزىنى قاپلىۋالغان پاكار ئادەم سورۇنبېشىدىن قورققاندەك پەس ئاۋازدا .

— خوتۇنىڭنىڭ ئىشتانبېغىدا باغلىماي تۈزۈكرەك زەنجىردە باغلىساڭ بولمامتى ئۇ كاسكىنى ! — قاسىم ھاجىم قولىنى ئىت ئىگىسىگە شۇنداق شىلتىۋىدى ، بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان قارا سومكىدىن بىردەستە سۈرەت ئۇچۇپ چۈشتى . مەن سۈرەتلەرگە قاراپ ھەيران قالدىم . ئۇ ، قاسىم ھاجىمنىڭ بىرەر ساياھەت رايونىدا چۈشكەن سۈرىتى ئەمەس ، ئىشرەتخانىدىكى خومار كۆز قىزلارنىڭ يېرىم يالىڭاچ سۈرەتلىرىمۇ ئەمەس ، ھەممىسى ئىتنىڭ سۈرەتلىرى ئىدى . قارا ئىت ، ئاق ئىت ، سېرىق ئىت ، بىردە ياندىن ، بىردە ئالدىدىن ، ئىشقىلىپ ، بىرەر يۈز پارچىدەك سۈرەتنىڭ ھەممىسى خىلمۇ خىل ئىتلارنىڭ ئوخشىمىغان كۆرۈنۈشلىرى ئىدى .

ھەممىمىز يەنە ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا كەلدۇق . ئىتلارنىڭ ۋۇجۇدىدا رەھىم-شەپقەت دېگەن نەرسە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغاندەك ، ئاق ئىت رەقىبىنى ئەشەددىي ئۆچمەنلىك بىلەن چىشلىمەكتە ئىدى ، يىقىتىپ چەيلەيتتى ، لېكىن نېمىشقا چىشلەۋاتقانلىقى خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى . پەقەت ئىگىسى بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتاتتى . سېرىق ئىت غىڭشىپ-غىڭشىپ تۇۋلىغىلى تۇردى .

— ئاجرىتىڭلار !

سورۇنبېشىنىڭ ئىجازىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانلار ئۇلاش-چۇلاش كېلىپ ئىتلارنى تارتقۇشلىغىلى تۇردى . لېكىن ئاق ئىت رەقىبىنىڭ قۇلىقىنى

بوشاتمايۋاتاتتى.

— ئاستىراق تارتىڭ، ئىتنىڭ مەگۇنىنى سۇندۇرۋېتىسىز.

— ھەي نەشكەش، بوشراق تارت! — سورۇنبېشىنىڭ دىقماق بارماقلىرى سېرىق ئىتنىڭ ئىگىسىنىڭ كۆزلىرىگە سانجىلغىلى تاسلا قالدى.

ئۇلار ئىتلارنى يەردىن ئۈزۈپ كۆتۈرۈۋالغانىدى. لېكىن ئىتلارنىڭ بېشى مەھكەم چېتىپ قويۇلغاندەك ھەرقانچە تارتىسمۇ ئاجرىمايتتى. سېرىق ئىتنىڭ ئىگىلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى.

— ئىتنىڭ تاپىنىنى غىدىقلايلى، قويۇۋېتىدۇ.

— قۇلىقىنى پۇۋلىسەك قويۇپ بېرىدۇ.

ھەركىم ئۆزى بىلگەن پەتىۋالارنى چىقىرىشاتتى-يۇ، ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

— قويۇپ بېرىڭلار، ئۆزى ئاجرىسۇن!

ئۇلار ئىتلارنى يەنە شۇ پېتى يەردە قويدى. ئاق ئىت رەقىبىنى بىر دومىلىتىپلا ئېغىزىنى سېرىق ئىتنىڭ كېكىردىكىگە يۆتكىۋالدى. سېرىق ئىتنىڭ باش-كۆزلىرى خۇددى قىزىل سىيا تۆكۈۋەتكەندەك بويىلىپ كەتكەنىدى.

— ئىتتەك ۋاپادار مەخلۇق يوقجۇما، — دېدى يېنىمىزدىراق تۇرغان بىر ئادەم مەيداندىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، — ئىگىسىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن جېنىدىن كېچەلەيدۇ ئەمەسما؟

— ئۇ دېگەن ۋاپادارلىقى ئەمەس، خۇشامەتچىلىكى، — دەپ رەددىيە بەردى يەنە بىر كىشى نەقلەپ قويغاندەك تېزلىكتە، — ۋاپادار بولسا ئۆزئارا شۇنچە چىشلىشەتتىمۇ؟

— بۇ ئەيىب ئىتلاردا ئەمەس، بىزلا ئۇلارنىڭ بوينىدىن زەنجىردە باغلىۋېلىپ، بىر-بىرىگە قارشى قويۇۋەتكەندىكىن تالاشماي مۇمكىنمۇ؟

— ئەسلى تەبىئىيتى شۇ. بىز پەقەت ئاشۇنداق غالچا مىجەزىدىن پايدىلىنىپلا كۆڭۈل ئېچىۋاتىمىز.

— ئىت دېگەن راستىنلا قارغىش تېپى، — چارساقال كىشى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بىرىنى ئەسنىۋالغاندىن كېيىن گەپكە لوقما سالدى، — بۇرۇنقى زاماندا ھەرقانداق ھايۋاننىڭ تىلىنى بىلەلەيدىغان بىر كىشى ياشىغانىكەن. ئۇ بىراقلا ئۈچ ئىت بېقىپتۇ. لېكىن ئۇ ئىتلار ئىگىسىدىن نان تەمە قىلىپ بىر-بىرىنى چېقىشتۇرۇۋېرىپتۇ. ھېلى بىرى بىرىنى يامانلىسا، بىردەمدىن كېيىن يەنە بىرى بىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىكەن. پۇرسەت تاپسىلا تالىشىپ باش-كۆزلىرىنى جاراھەتلەندۈرۈدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئۇلۇغ زات غەزەپلىنىپ: «گېلىڭنى بېقىش ئۈچۈن بىر-بىرىڭگە شۇنچە دۈشمەنلىك قىلىشتىڭ. ئەبەدىي باشقىلارنىڭ قولىدىن نان ئېلىپ يېگەيسەن» دەپ قارغاپتۇ. ئىتنى بوينىدىن باغلاپ ئالدىغا نان تاشلاپ بېرىپ بېقىشىمىز شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

مەيداندىكى ئىتلار تېخىچە ئېلىشىۋاتاتتى. ياق، ئۇلارنى ئېلىشىۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە ئاق ئىت سېرىق ئىتنى خالىغانچە چەيلەۋاتىدۇ دېگەن توغرۇك ئىدى. سېرىق ئىتنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئېغىزىدىن قان ئارىلاش شۆلگەي ئېقىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭدا رەقىبىگە تاقابىل تۇرغۇدەك مادار قالمىغانىدى. پۇتلىرىدا تاتىلاپ قارشىلىقمۇ كۆرسەتمەيتتى. گېلىنى بوشىتىشقىمۇ تىرىشمايتتى. رەقىبى قاياققا سۆرىسە شۇياققا دومىلايتتى.

— ئەمدى ئاجرىتىۋەتمىسە خەتەر چىقىدۇ، — دېدى ساۋۇتجان كۆزىنى چەكچەيتىپ.

سورۇنبېشىمۇ بىر ئىشتىن خەۋپسىرىگەندەك ئاجرىتىشقا پەرمان چۈشۈردى. سورۇندا يەنە تارتىشىش باشلاندى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇزاققا داۋاملاشمىدى. ئاق ئىتنىڭ ئەمدى دەردى چىققانىدى. كۈتۈلمىگەندە كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ دەھشەتلىك بىر ھادىسە ئايان بولدى: سېرىق ئىت پۇتلىرىنى تىكلىيەلمەي تىترەپ-تىترەپ گۈپلا يىقىلغانىدى. كۆزلەر چەكچەيگىنىچە قېتىپلا قالدى. نېمىشقا قېتىپ قالمىسۇن، نېملا بولمىسۇن جان ئەمەسمۇ؟

مەيدان تىمتاس. قاچانلاردۇر باشلانغان سوغۇق شامال قىر بېشىغا تاشلاپ قويۇلغان ئەسكى چاپاندەك مىدىرلىماي ياتقان سېرىق ئىتنىڭ تۈكلىرىنى ئۈچۈراتتى. ئادەملەر ئىتنى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەرمىكىن دېگەندەك خېلى ئۇزاققىچە ئەنسىز قاراپ تۇرۇشتى. لېكىن ھېچقانداق مۆجىزە يۈز بەرمىدى. ئىتنىڭ ئىگىسى ئىتنى پۇتىدا مىدىرلىتىپ كۆرۈپ، زەنجىرنى ئۈشنىسىگە تاشلىغىنىچە سورۇندىن چىقىپ كەتتى.

سورۇنغا يەنە بىرجۈپ ئىت ئەكىرىشتى. بىرى جۇغى سەل كىچىكرەك كۈلرەڭ، يەنە بىرى قۇلىقى تۈۋىدىن كېسىپ تاشلانغان ئالا ئىت ئىدى. مەن: «بۇ ئىتلار ئۆلگەن قېرىندىشىنى كۆرۈپ ئەمدى ھەرگىز تالاشمايدۇ، بەلكىم ئىگىسىگە قاراپ ئېتىلىشى، ھېچ بولمىغاندا ئۆزئارا تۇتۇشمايلا مەيداندىن چېكىنىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدۇم. ئەمەلىيەتتە كۆز ئالدىمدا يۈز بەرگىنى يەنىلا ۋەھشىيلىك بولدى: ئالا ئىت كۈلرەڭ ئىتقا قەھرى بىلەن ھۆركىرەپ ئېتىلدى. كۈلرەڭ ئىتمۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە يۈگرۈپ كەلدى-دە، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇتۇشۇپ كەتتى.

2003-يىل فېۋرال، شەھىرى خوتەن

ئاپتور: خوتەن يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

(M2)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇ ساننىڭ تەھرىرى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



## دۇنيا دېگەن شۇ

(ئەدەبىي پارچىلار)

غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

# قىزىل توخۇ ۋە قارا توخۇ

بىزدە ئۇنى «قۇما» دەيدۇ. ئۇ، توخۇلارنى سولايدىغان قەپەستۇر. قۇما ئىچىدە ئۈچ توخۇ روكولداپ يۈرەتتى. قۇما شادىلىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ پالاقلايتتى، جەھلى بىلەن يەرنى تاتىلايتتى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئاۋارە بولۇدىغاندۇ؟ بۇنى مەن ئوبدان بىلىمەن، ئۇلار قۇمىدىن چىقىپ كەتمەكچى.

مەن قۇمىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم. گويا مەنمۇ قۇمىغا مەھكۇم ھالەتتە بېشىمنى چاڭگاللاپ ئەسەبىي ھېسسىياتقا كەلدىم. ئاھ، ئەركىنلىك! كۆزلىرىمنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى ماڭا ئايان. قېنى، ئۇلار قۇمىدىن چىقىپ كېتەلەمدىكىن؟

ئۇلار روكولدىدى، قۇما شادىلىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ پالاقلىدى، يەرنى تاتىلىدى، بىردەممۇ تىنىم تاپمىدى. قۇمىدىن چىقىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن بىر-بىرىنى چوقۇشقا باشلىدى. مانا تاماشا! ئەسەبىيلەشتىم. كىمدۇ بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك جىددىي كەيپىياتتا ئىدىم... كۆك توخۇ قۇمىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۈكلىرىنى پاخپايتىپ يېتىپتۇ، كۆزلىرىدە قورقۇش، ۋەھىمە! قارا توخۇ توختىماي قاچاتتى، قىزىل توخۇ قوغلاپ يۈرۈپ چوقۇيتتى. چوقۇغاندىمۇ دەل بېشىغا.

كۆڭلۈم قىپقىزىل قانغا بويالدى...

بۇ ھالەت بەش مىنۇت ئەتراپىدا داۋاملاشتى. كۆك توخۇ ئاۋۋالقىدەكلا بىر بۇلۇڭدا سالپىيىپ ياتاتتى. قىزىل توخۇ قارا توخۇنى ئارام بەرمەي

چوقۇيتتى . ئۇلار ئەمدى قۇمىدىن چىقىپ كېتىشنى تامامەن ئۇنتۇپ قالغانىدەك .نېمىگىدۇ تەلپۈنۈپ ئىككى يېنىمغا قارىدىم . مەنمۇ مۇھىم بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتىم .

قان ! . . .

قارا توخۇنىڭ بېشى قانغا بويىلىپتۇ . يىرتىلغان تاجىسىنىڭ بىر پۇچىقى ساڭگىلاپ قاپتۇ . قىزىل توخۇ ئۇنى يەنە قوغلاپ يۈرەتتى .

- ھۇ لۈكچەك ، - تۇيۇقسىز غەزىپىم قوزغالدى ، - قانداق نامەرد نېمىسەن؟ قۇمنىڭ ئىچىدە تالاشقىدەك نېمە بار ساڭا؟ ئەركىنلىك قەپەسنىڭ سىرتىدىغۇ؟ ئەركىنكىنى تاپالمىساڭ ئاچچىقىڭنى ئۆز قېرىندىشىڭدىن ئالامسەن؟ بەك ئاچچىقىڭنى باسالمىغان بولساڭ ،كېلە ، مەن بىلەن ئېلىشىپ باق .

قولۇمغا بىر تال ئۇزۇن تاياقنى ئېلىپ شادىلارنىڭ ئارىسىدىن قىزىل توخۇنى ئۇرۇشقا باشلىدىم .

- نېمە قىلىۋاتىسەن ،ساراڭ بولدۇڭمۇ ؟

ئۇرۇلۇپ قارىسام ،ئانام كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپتۇ .

- قاراڭ ، ماۋۇ قىزىل خۇنپەرگە ، قانداق نامەرد نېمە بۇ؟ قۇمىدىن چىقالمىغان ئاچچىقىدا قارا بىچارىنى چوقۇپ تاجىسىنى سالپايتىۋەتتى . قاراپ تۇرسام ھېچ بولدى قىلمايدۇيا؟ - دېدىم ئاچچىقىمدا .

- بۇ ، توخۇلارنىڭ ئۆز ئىشى ، كارىڭ بولمىسۇن ، - دېدى ئانام گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ، - بۇ ، تېرىم ۋاقتى ، قۇمىدىن چىقىرىۋەتسەك ئەمدىلا ئۇرۇق سېلىنغان ئېتىزلارنى ۋەيران قىلىدۇ . ئامال يوق ، بالام .

- ياق ! - مەندە ھەققانىيەت تۇيغۇسى ئويغانغانىدى ، - قىزىل توخۇنى مەيلىمگە قويۇپ بېرىڭ ، جازالايمەن .

- قانداق جازالايسەن؟ - ئانام ھەيرانلىق بىلەن سورىدى .

- بوغۇزلىۋېتىمەن !

- گۆش يېگۈڭ كەلگەن بولسا بوپتۇ ، -دېدى ئانام يەنە خىرامان ، - قارا توخۇنى بوغۇزلا .

- نېمىشقا؟ - ھەيران بولۇپ سورىدىم ، - گۇناھكار قىزىل توخۇ تۇرسا ، يەنە نېمىدەپ قارا توخۇنى بوغۇزلايدىكەنمەن؟ ساراڭ بولمىدىم مەن .

- قارا ، - دېدى ئانام تەمكىنلىك بىلەن ، - قارا توخۇ ياۋاش ھەم ئاجىز .قويۇپ بەرگەن ھالەتتىمۇ سىرتتىن دان تېپىپ يەپ جېنىنى جان ئېتەلمەيدۇ ، قىش كەپقالدى ، يا سوغۇقتىن مۇزلاپ ئۆلىدۇ ، يا ئاچلىقتىن . قىزىل توخۇغا قارا ،ھەم سېمىز ،ھەم يامان ،ھەر ئامالىلار بىلەن جېنىنى جان ئېتەلەيدۇ .

ئېسىمگە نېتزىنىڭ مۇنۇ مەشھۇر سۆزى كەلدى :

«يوقالسۇن ئاجىزلار !»

تۇۋا ، چالا ساۋات ئانامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقىنىم دۇنيانىڭ ئۆزگەرمەس ھەقىقىتىمۇ نېمە؟ !

# كىتاب ئارقىلىق...

قۇياش ئاۋۇالقىدەكلا شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىۋاتاتتى . گۈللەر ئېچىلسىلا ھامان توزۇيتتى . تۇغۇلغان ئادەم ھامان ئۆلەتتى . چېكىدىن ئاشقان بارچە سەلتەنەت گۇمرانلىق بىلەن خۇلاسىلىنەتتى . ئاشۇ خارابىلەر ،ئادەمسىز چۆل ،قەبرىستانلار ئورنىدىمۇ بىرزامانلاردا كاتتا خانىدانلار ھۆكۈم سۈرگەن . . .

دۇنيانى زورلۇق - زومبۇرلۇق ، تېررورلۇق ، ئۇرۇش ۋەھىمىسى قاپلىدى .بىرى (ئىراق )ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلاتتى ، بىرى (ئامېرىكا )تىنچلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلاتتى . ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە ھەق ئىدى .

مەن دۇنيانى كىتاب ئارقىلىق چۈشەنمەكچى بولدۇم .

شۇنداق ، تالاي كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم . ئۆلۈك خەتلەر ئارىسىدا تىرىك ئەرۋاھلار ئۈملەپ يۈرەتتى . ئەسەبىي قورلارنى بويلاپ يالقۇنلۇق جەڭ مەيدانلىرىغا باردىم . قولۇمدا قىلىچ-قالقان ، ئۇستىۋېشىم قىپقىزىل قانغا بويالغان . . . جەسەتلەردىن قوپۇرۇلغان تام-سېپىللاردىن ھالقىپ ئۆتتۇم ، تالاي ئۆلتۈردۈم ،ئۆلدۇم . . . غەلىبە تەنتەنىسىدە قىلىچ بېشىدا ئۇسسۇل ئوينىدىم ، باش سۆڭەكلىرىدە شاراب ئىچتىم . يەنە يەر-يەر ، ئاسمان-ئاسمان ئىدى . بايلار يەنىلا باي ئىدى ، نامراتلار ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتاتتى .

ۋەتەن ، ۋەتەن ، ۋەتەن !

بارلىق كورەشلەر مەنبەسى ئاشۇ بىر سۆز ئۈچۈندەكلا قىلاتتى . ۋە لېكىن خەلق مەڭگۈ خەلق

ئىدى. ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئىسسىق قانلىرىنى تۆكەتتى، ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلاتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە يەنە بىر پادىشاھ مەيدانغا چىقاتتى — پادىشاھ ئالمىشاتتى، خالاس! ئۇرۇش دۇنيانى پاكلايدۇ، دەيدۇ. چۈنكى پادىشاھلار شائىر بولمىغان. كىتاب ئارقىلىق چىڭگىزخان، ھىتلېر... قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلار گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا چىرقىرىشىپ كەتتى:

— ئىنسانىيەت ئالداندى. ئۇلار بىزنى دۇنيا تىنچلىقىنىڭ بۇزغۇنچىلىرى، ھەققانىيەتنىڭ ئاسىيلىرى دەپ تىللاشماقتا. ۋە لېكىن ئۇرۇش - قىرغىنچىلىقلار بىر ياكى بىرنەچچە ئادەمنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى، ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئۆزىنى يارىتىشى ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنداقتا، بىزدە نېمە گۇناھ؟ گۇناھ دېيىلسە بىزنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھىمىز — مەغلۇب بولغانلىقىمىزدۇر. مەغلۇبلۇق بىزنىڭ ھاقارەتلىك تەقدىرىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئېسىڭدە بولسۇنكى، تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەت، پادىشاھ پۇقرالىرىغا ئۆزىدىن مەغلۇب بولغۇچىلارنى تىللاشقا ئۆگەتكەن...

كىتاب ئارقىلىق... ئەنە ئوغۇزخان، ئۈستىدە يۇلتۇزلۇق ئاسمان... تويۇقسىز بۆرە غايىب بولدى. ئارىدىن تالاي ئەسىرلەر ئۆتكەندى. تاش يىغلايتتى، سۇ ئۇسسايتتى، ئوت مۇزلايتتى، بۇنى ھېچكىم سەزمەيتتى. ئادەم بەكمۇ ئاجىز ماشىنا، ماشىنا بەكمۇ يېقىمسىز ئادەم ئىدى. ھايات ئۆز جۇلاسىنى يوقاتقان، چۈنكى ئۆلۈمنىڭ نۇرى ئۆچكەندى. ئۆلۈم — جانغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان بايرام. ئۆلۈم ئۆز قۇدرىتى — يەنى تەننى پىداكارلىقتا، روھنى تاكامۇللۇقتا يەتكۈزىدىغان گۈزەل ھەم مىسلىسىز سېھرىنى يوقىتىپ ۋەھىمىگە، قورقۇنچلۇق ئاپەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئۆلۈم ئاپىتى يۈز بەردى. مازارلاردا يالقۇن. ئۆلۈكلەر ئۆرتەنمەكتە، تىرىكلەر ئۆچمەكتە.

كىتاب ئارقىلىق... پانىي دۇنيادا باراۋەرلىك مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇدانىڭ ئارزۇسى بولۇپ، پەقەت قىيامەتتىلا ئەمەلگە ئاشاتتى. ئېزىش - ئېزىلىش، بايلىق - نامراتلىق مەڭگۈ داۋام قىلاتتى. بۇ، دەرھەقىقەت «تەڭشەلمىگەن ئالەم» ئىدى، شۇنداقلا ئاشۇ ئېگىز-پەسلىك ئالەمنىڭ تەڭشىكى ئىدى.

كىتاب ئارقىلىق شۇنى چۈشەندىمكى: دۇنيادا پەقەت بىرنەچچىلا ئادەم كۈرەش قىلماقتا. خەلق ئۇلار ئۈچۈن تالاپەت تارتماقتا.

سادىدام مىڭلىغان خەلقنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئۆزىنى ياراتتى.

بۇش...

ئەرافات...

ھەركىم ھەرنېمە دېسۇن، ھەقىقەت بىرلا ئەمەس!

---

*باش ماۋزۇ باش مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: خوتەن شەھىرىدە، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى(M1)

بەزى ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئادرېسىنى كونۋېرتقا يېزىپ ئەسەرگە يازمايدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىككە ئادەتلىنىۋالدى.شۇڭا ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى: ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم-فامىلىسى،ئادرېسىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى،ئالاقىلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونىبارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى



# «مىللىتىمىزنىڭ بايلىقى» توغرىسىدا

ئەسقەر ياسىن

«مىللەتنىڭ بايلىقى» دېگەن نېمە؟ ئەلۋەتتە بۇنى ئادەمگە قارىتىپ ئېيتىلدى، دەپ چۈشەنگەن چېغىمىزدا، مىللەتكە زور تۆھپە قوشقان، مىللەتنىڭ ئىپتىخارى دەپ شۆھرەتلەنگەن كىشىلەر، دەپ چۈشەندۈرىمىز. مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار مىللەتنىڭ بايلىقىمۇ-ئەمەسمۇ؟ مۇبادا بىرەرسى ئەمەس، دەپ سالغۇدەك بولسا، مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى قوغدىغۇچى سانسىزلىغان مىللەتپەرۋەرلەر تەرىپىدىن ئۇر-ئۇرغا قېلىشى شەكسىز. يىراقنى قويۇپ ھازىرنى ئالساق، «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر، «جۇڭگو بوكس شاھى» ئابدۇشۇكۇر مىجىت، «ئاسىيا بوكس چېمپىيونى» ئابدۇراخمان ئابلىكىم، تېببىي پەنلەر دوكتورى خالمۇرات غوپۇر... دېگەندەك پەخىرلىك ئوغلانلار «مىللەتنىڭ بايلىقى» غا كىرەمدۇ-يوق؟ «مىللەتنىڭ بايلىقى» ھەرقانچە بولسىمۇ ئاشۇلارچىلىك بولار. ئۇلارنىڭ «مىللەتنىڭ بايلىقى» ئىكەنلىكىگە مۇنازىرە كەتمەيدۇ. ئەمدى ئەل سۆيگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ، خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەت تەختىدىن ئالغان شائىر - يازغۇچىلارچۇ؟ بۇ ھەقتە ئوقۇمۇشلۇق دوست-يارەنلەرنىڭ قارىشىنى سورىسام، «ئەلۋەتتە، مىللەتنىڭ بايلىقى بولغاندىمۇ قالتىس زور بايلىقى - دە» دېيىشتى.

مېنىڭ ئەل-جامائەتكە ئوبدانلا تونۇلغان بىر يازغۇچى دوستۇم بولۇدىغان. بۈگۈن «مىللەتنىڭ بۇ بايلىقى» نى كوچىدا غەرق مەست ھالەتتە ئۇچراتتىم. «مىللەتنىڭ بايلىقى» مۇ ئادەم، ئۇنىڭمۇ ئىنسانلار بەھىرلەنگەن ھەرقانداق نەرسىدىن بەھىرلىنىش ھوقۇقى بار. بىراق بىر «مىللەتنىڭ بايلىقى» غەرق مەست ھالەتتە ئالىتاغىل سۆزلەپ كوچىدا يۈرسە، كىشىدە قالدۇرۇدىغان تەسىرى ئانچە ئوبدان بولمايدىكەن. بىراق مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغانلىرىم قانداقتۇ بەزى يازغۇچى - شائىرلارنىڭ تېتىقسىزلىقلىرى، هاراقكەش، پاھىشىۋازلىقى ئەمەس، بەلكى نادانلىقى، ئەخمەقلىقى ئۈستىدە بارىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئانچە-مۇنچە نامى چىققان ئەدىبلەرنىڭ خىلمۇخىل پىكىر-مۇھاكىمىلىرىنى ئاڭلىغان چېغىمدا ھەيرانۇ ھەسلىكتىن ئېغىزىم ئېچىلىپلا قالاتتى. ئۆزۈمچە شۇ چاغلاردىكى ئەدىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى قورساق ئۇرۇشلىرىنى مودېرنىزمچىلار بىلەن رېئالىزمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش، يېڭىلىق يارىتقۇچىلار كونىلىق تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان ۋە «رېئالىزمچى» دەپ قارىغانلىرىمغا

چىش-تىرنىقىمغىچە ئۆچ بوپكەتكەنىدىم. ئەمەلىيەتتە مەن ئۆزۈمنى مودېرنىزمچىلار تەرەپدارى دەپ قارايتتىم. بۈگۈنكى كۈندە قارىغۇدەك بولسام، بىزدە نەدىمۇ ئۈنچىلىك مودېرنىزم ۋە رېئالىزم بولسۇن؟ ھەممىسىلا «يانچۇقتا بىر پۇل يوق ئېتىم مارجانبوۋى» دېگەندەك ئىشلار ئىكەن. پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىغا مەسئۇل بولۇشقا تېگىشلىك شۇ شائىر-يازغۇچىلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىر-بىرىگە غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىشلىرىنىڭ سەۋەبى نېمىكىنا؟ ئەدەبىيات ئىنسانىيەتنى مۇھەببەتكە ئۈندەيدۇ. بىراق ئىنسانىيەتنى مۇھەببەتكە ئۈندىگۈچى بولغان مىللەتنىڭ بايلىقلىرىنىڭ ھالى شۇ. كۆز بويى ئويلايدىغىنى ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىمنىدۇ غۇلىتىپ تاشلاش، ئۆزلىرىچە گورۇھ بولۇۋېلىپ ئايىغى چىقماس پىتنە-پاسات ۋە جېدەللەر ئىچىدە پىتىراش. بىز نېمىشقا دائىم پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەيمىز؟ نېمىشقا بىمەنە تالاش-تارتىشلار پاتقىقىغا پېتىپ قالىمىز؟ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر-مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭ نېمىشقا تۇتامى يوق؟ بىرلا گەپ: بىزدە مەقسەت ئوخشاش ئەمەس. ئۆزىنىڭ كىچىككىنە شۆھرىتى، مەنپەئىتىنى دەپ مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن شۆھرىتى ۋە مەنپەئىتىنى دوغا تىككىدىغانلار بىزدە خېلى بار. بىز ئالدى بىلەن ئەدەبىياتتا نېمىنى تالاشماقچى دېگەن مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى. سىز ناھايىتى ئەستايىدىل تەھلىل قىلغان چېغىڭىزدا چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، كىشىنى ئويغا سالىدىغان تەپەككۇر چېقىنىنى ئەمەس، ئۇرۇشقاق خوتۇنلارنىڭ بىر قەپەس تىل سېلىشلىرىنى ھېس قىلىسىز. دەرۋەقە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىستىقبالى، كەلگۈسى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقانلار يوق ئەمەس، ئەمما ئۇلار تولىمۇ ئاز، تولىمۇ ئاز! قىرغىزلارنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئاتاقلىق يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف «يازغۇچى دەۋرنىڭ ۋىجدانى» دېگەنىكەن. ئەگەر مۇشۇ گەپ راست بولسا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋىجدانىدىن گۇمانلانساق بولىدۇ. چۈنكى سىزدە تۈزۈك ۋىجدان بولماي تۇرۇپ ۋىجدان ھەققىدە، مىللەت ھەققىدە، ئەدەبىياتنىڭ ساپلىقى ھەققىدە سۆزلەشكە قانداقمۇ سالاھىيىتىڭىز بولسۇن؟

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا پاكىستاننىڭ «مىراسخور» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ناھايىتى قىزىقىپ كۆرگىنىم ھېلىمۇ شۇنداق ئېنىق يادىمدا تۇرۇپتۇ. فىلىمنىڭ باش قەھرىمانى، زەردىلىك ۋە جىگەرلىك يىگىت موللىدات ئۆزى «مىللىتىمىزنىڭ بايلىقى» دەپ ئاتىۋالغان نامرات ناخشىچىنىڭ ناخشىلىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. بىراق كىمنىڭ پۇلى بولسا شۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدىغان، سەنئەتنى جان بېقىشنىڭ ۋاستىسى دەپ چۈشىنىۋالغان «مەدەنىي قەلەندەر» (باش مۇھەررىردىن) بەلى بەكرىنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاش تۈگۈل ئۇنى كۆرگەنلا يەردە ئەدەبلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىلىسى ناخشىچى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ناخشا ئېيتىشتىكى مۇددىئاسى ئوخشىمايدۇ. «مىللىتىمىزنىڭ بايلىقى»نىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتقىنى سەمىمىيلىك ۋە ئالىيجانابلىققا تولغان، دەردمەنلەرنىڭ ساداسىنى ئىزھار قىلىدىغان چىن سادا، بەلى بەكرىنىڭ ئېيتىۋاتقىنى پۇل، پەسكەشلىك، ياللانمىلىق بىلەن تولغان يىرگىنچلىك سادا. مېنىڭچە، ھېچكىم يىرگىنچلىك ئاۋازدىن ھۇزۇر ھېس قىلالمايدۇ. مۇبادا ھۇزۇر ئالىدىغانلار بار دېيىلسە، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى بەلى بەكرى بىلەن ئوخشاش. بۈگۈن مەن كوچىدا ھېلىقى يازغۇچىنىڭ مەست ھالەتتىكى تۇرقىغا قاراپ كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. ئاجايىپ تەرەققىي قىلىپ كەتكەن غەرب دۆلەتلىرىدە ياكى ئامېرىكىدا يازغۇچىلار مۇشۇنداق مەست بولۇشۇپ سەتلىشەمدىغاندۇ، دەپ ئويلىدۇم. ئەلۋەتتە، بۇ ئويلىرۇم بىر گۆدەكنىڭ خىيالى. بىراق مەن گۆدەك ئەمەس. غەربتە بولسۇن، ئامېرىكىدا بولسۇن ھاراق ئىچىپ لاۋزىلىشىپ يۈرۈدىغان يازغۇچىنىڭ چىقىشى تەبىئىي. ئۇلارنىڭ ۋېسكىسىنى بىزنىڭ «ئىلى ئالاھىدە ھاراق»لىرىمىزدەك مەست قىلالمايدۇ، دەپ ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ مەست بولۇشى بىلەن بىزنىڭ مەست بولۇشىمىزدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار. ئۇلار مەست بولۇپ، مەستلىكتىن يېشىلگەندە سەگەكلىشىپ ئۆز تەقدىرى، بۈگۈنى ھەققىدە ئويلانسا ۋە كۆرەش قىلسا، بىزنىڭ مەستلىرىمىز مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ يېتىپ، بىخۇدلىشىپ قوللىرىدا بار ھەممە پۇرسەتنى تارتقۇزۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە بۇ «مىللەتنىڭ بايلىقلىرى»نىڭ قەلەملىرىدىن مۇھەببەت ۋە ئۈمىد ئەمەس، شاللاقلىق، چۈشكۈنلۈك، ساختا بىلەرمەنلىك، پىتنە-پاسات ۋە زەھەرخەندىلىك تامىدۇ. ئالدىنقى كۈنى بىرەيلەن ماڭا «پالانى شېئىرىنى يېزىۋەرسىمۇ بوپتىكەن، رومانغا تۇتۇش قىلىۋېدى، شېئىرىيىتىمىز سەل پەسكويغا چۈشۈپ قالدى» دېدى. بۇ ئۆمرۈمدە بۇنداق كۈلكىلىك گەپ يەنە تەكرارلانماس دەيمەن. قانداقتۇر بىرەرسىنىڭ ئەدەبىيات ئالىمىنى مونوپول قىلىۋېلىپ ئۆزى تەنھا شاھ بولۇۋالىدىغان ئىش نەدىكەن؟ بىر يازغۇچى ھەرقانچە قابىلىيەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىن ۋاز كېچىشى ياكى كەسىپ ئۆزگەرتىشى بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتى ئۈچۈن ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئەدەبىيات ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىۋېرىدۇ. ئوخشاشلا تالانتلىق، مەشھۇر يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقىدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كۆڭۈل تۆرىدە شاھ

ئەدىبلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. بىراق بۇ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى «دانىشمەنلەر»نىڭ رامكىسىدىكى «شاھ»لىققا ئوخشىمايدۇ. بۇ «دانىشمەنلەر» ئۆزىنى ئۆزى شاھ قىلىپ تىكلىۋالىدۇ. كىمنىدۇ شاھ بوپقېلىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان بولسا، شۇنى غۇلىتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. بىراق خەلق قەلبىدىكى شاھلىقنى ئالالامدۇ-يوق، ئۇلار بۇ مەسىلىنى ھېس قىلمايدۇ ياكى ھېس قىلغۇدەك ئەقىل يوق. بەزىلەرنىڭ ئەدەبىياتتا تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشى دەل ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۆزىنى شاھ قىلىپ تىكلەش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدا. مۇبادا بىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا ئۆز-ئۆزىنى شاھ قىلىپ تىكلەش باش كۆتۈرسە، ۋەزىر-ۋۇزرا، سەركەردە-سەرۋاز مەسىلە-سى مەڭگۈ ھەل بولمايدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، تۈگىمەس ئۇر-چاپلارجاھاننى بىر ئالىدۇ. شاھ تىكلەشتە خەلقتىن ئۇلۇغ كۈچ بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خەلق رايىنى سىناش يۈزىسىدىن: «كۆڭۈل تۆرىڭىزدە ئەدەبىيات پېشۋاسىنى كىم دەپ چاغلايسىز؟» دەپ سورىسىڭىز، شۈبھىسىزكى، «روزى سايىت» دېگەن جاۋابقا ئېرىشىسىز. خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى شاھلىق ئەنە شۇ. ئېھتىمال روزى سايىتنى ئەزەلدىن كۆزگە ئېلىشنى خالىمايدىغان «ئەدەبىيات ئىلمىگە كامىل ئەدىبلەر» ئۇنىڭ بۇ ئامىتىگە ئاھ ئۇرۇپ: «تەلەي نەگە دېسە دوقا ماڭلايغا» دەپتىكەن، دېيىشىپ كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار يۈرۈشكەندۇ... سىز قانچە يىللاپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، پايتەخت ياكى چەت ئەللەردە ئوقۇپ كېلىپمۇ، كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپمۇ بىر «دېھقانلار شائىرى»نىڭ قولىدىن ئەدەبىيات شاھلىقىنى تارتىۋالالمايسىز. چۈنكى بۇ «دېھقانلار شائىرى» غەرەزسىز، مىننەتسىز ھالدا ھېچكىمدىن شاھلىق تالاشماي ئولتۇرۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە توختىماي ئاھ ئۇردى. خەق مەۋجۇدىيەتكە قىزىقامدۇ ياكى سېھرىي رېئالىزمدا ئەسەر يازامدۇ، كىشىلەرنىڭ روھىنى ئالالىز قىلامدۇ، ئۇ، بۇلارغا پەرۋا قىلمىدى. ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە قوشاقلىرىنى يېزىۋەردى. مانا قاراڭ، بۇ «قارا قورساق دېھقانلار شائىرى» ھېچقانچە كۈچىمەيلا سانسىزلىغان «مىللەت بايلىقلىرى»نى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەن ئەدەبىيات شاھلىقىنى تارتىۋالدى. بۇ، ھەممىلا ئەدىب روزى سايىتتەك دېھقاننى يېزىشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى سەندە ئاشۇنداق سەمىمىي نىيەت، ئالىيجاناب مەقسەت، چىن ئىخلاس بولسۇن. نېتىزىنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، سەن ئەسەرنى قان بىلەن ياز، قان بىلەن يازغاندىمۇ خەقنىڭ قېنى بىلەن ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ قېنى بىلەن ياز. يازغان ئەسەرلىرىڭدە قانداقتۇر «كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان مۆجىزاتلار»نى ئوتتۇرىغا قويساڭمۇ، ئەمما ئىش يۈزىدە يوشۇرۇن ئورەكلەرنى كولاپ، كىملەرنىدۇر يىقىتىشنى قەستلەپ يۈرسەڭ «مىللەتنىڭ بايلىقى» بولۇش تۈگۈل ئادەم بولۇشقىمۇ سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ!

---

ئاپتور: «كروران» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى (M2)


چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: BM 6498، ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.
شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16-قورۇ

告海外读者

《新疆文化》杂志向海外发行事宜由中国图书进出口(集团)总公司代理。如海外读者要订阅本刊,与中国图书进出口(集团)总公司出口部联系。本刊海外发行代号:6498BM

代理者地址:中国北京朝阳区工体东路16号

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS IMPORT & EXPORT CORPORATION
P.O. Box 88,16 Gongti East Road, Beijing 100020 China
FAX:(010)65063101



# قەدىمىي شەھەردە ئويلىغانلىرىم . . .

دىلئارام قۇربان

بۈگۈن تېلېۋىزوردىن مۇنداق بىر كۆرۈنۈشكە كۆزۈم چۈشتى : دېڭىز بويىدىكى بىر شەھەردە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كېچىلىكىگە قاتناشقان بىر تىبەت قىزىنىڭ يارىشىملىق مىللىي كىيىمى ،مىللىي پاسوندىكى بېزەكلىرى ئۇنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغانىدى . كۆزلىرىم تېلېۋىزور ئېكرانىدا بولغىنى بىلەن خىيالىم يىراق-يىراقلارغا ،يۇرتۇمغا ئۇچۇپ كەتتى . . .

بالىلىقىمدا ،باشقىلار نېمىنى كىيسە مەنمۇ شۇنى كىيىپ باقىدىغان ،دوراپ باقىدىغان – مودا قوغلاشقان ئاشۇ دەۋرلەر ،قەدىمىي شەھەر شىئەندىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بويىچە ياساۋاتقان ھالىتى ، مەكتىپىمدىكى ساۋاقداشلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلدى .

مەن شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇش ھاياتىمدا كۆرگەن-بىلگەنلىرىمنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى بىلەن ئۆزۈم ،خەلقىم ،خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما خىياللارنى كۆپ قىلىدىغان ،باشقىلار : «قالاقلىق ،زاماندىن قالدى ، قىممىتىنى يوقاتتى»دەپ قارىغان نۇرغۇن ئەنئەنىلەرنى ، ئاشۇ ئەنئەنىلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي يىلتىزىنى ، تارىختىكى شانۇ-شەۋكەتلىك جۇلاسىنى ئويلايدىغان ، بىزدىكى ئۆزىمىز تېخىچە بايقاپ ئۈلگۈرمىگەن ئارتۇقچىلىقلارنى باشقىلار بىلەن توختاۋسىز سېلىشتۇرۇدىغان ، ئويغا چۆكۈدىغان بوپقالدىم .

شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتىغا كېلىپلا تۇنجى بولۇپ دىققىتىمنى تارتقىنى مەكتەپتىكى چەت ئەللىك ساۋاقداشلارنىڭ ئۆزگىچە مىللىي كىيىم-كېچەكلىرى ۋە خويمۇ ياراشقان زىبۇ-زىننەتلىرى بولدى .

مەكتەپتىكى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى پاكىستان ، نېپال قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن بولۇپ ، پاكىستانلىق قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شاربار ئىشتان ، كۆڭلەك ھەم شارپا بىلەن

## ئۆزىنىڭ ئۆزىگە جىراپلىق

يۇرۇدىكەن، ئوغۇللىرىمۇ ئۇزۇن كىيىملىرىنى كىيىۋالىدىكەن. نىپاللىق قىزلارنىڭ بەزىسى ھىندىستان قىزلىرىدەك ياسىنىۋاپتۇ. ئىشقىلىپ، ھەممىسى ئۆز لاتاپىتى، ئۆز خاسلىقى بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىپ ياشاۋېتىپتۇ.

بۇلارغا قاراپ ئېغىر خۇرسىنىپ قوياتتىم. «بىزنىڭمۇ چىرايلىق كىيىم-كېچەكلىرىمىز بولغان، تېخى سىلەرنىڭكىدىن چىرايلىق» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. ئەمما مېنىڭ ۋە باشقا ئۇيغۇر ساۋاقداشلىرىمنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىدىن ئۇيغۇرچە ئالامەتلەرنى ئانچە بايقىغىلى بولمايتتى.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، مەكتەپتىكى ناھايىتى نۇرغۇن خەنزۇ ۋە چەت ئەللىك ساۋاقداشلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئاساسەن چۈشەنچىسى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ شانلىق تارىخىمىز، مىللىي ئۆرپ-ئادىتىمىز، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىمىز، ئايرىم تىل-يېزىقىمىزنىڭ بارلىقىنى يادىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى.

مەن ئاشۇنداق مۇھىتتا ياشاپ بارغانسېرى غېرىبلىق، يالغۇزلۇق ۋە سېغىنىش ھېس قىلاتتىم. شۇنداق ئىزتىراپلىق دەملەردە نەبىرەر سىرداش، بىرەر ھەمراھ سېنىڭ قەلبىڭنى چۈشەنمەيدۇ. مەن مۇشۇنداق غېرىبلىققا پاتقان مىنۇتلاردا بىز يوقىتىپ بېرىۋاتقان، ئەسلىگە كەلتۈرمەك بولمايدىغان ناھايىتى ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى تەكرار-تەكرار ئەسكە ئالىمەن ۋە ئىختىيارسىز: «قېنى، بىزنىڭ كلاسسىكلار مەجنۇنتالغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن 40كاكۇللۇق چاچلار؟ قېنى، نەقىشلىك دوپپا-تۇماقلار؟ قېنى شۇ مەيسە-ئۆتۈكلەر، ئۇستىخان ساپلىق پىچاقلار، شاھانە تون-سەرۇپايلار» دېگۈم كېلىدۇ ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاستا-ئاستا تارىخىي قىممىتىنى يوقىتىپ بېرىۋاتقاندەك، مۇزېي، چەت ئەللىكلەرگە راسلانغان دۇكان ۋە سەھنىلەردە قالغاندەكلا قىلىدۇ.

شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تېلېۋىزور ۋە گېزىت-ژۇرناللاردىن ئاز-تولا بىرنىمىلەرنى كۆرگەن بەزى خەنزۇ ساۋاقداشلار: «شىنجاڭدا ئات-ئېشەك ھارۋىلىرى ھازىرمۇ بارمۇ؟ سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ كاۋاب ساتامدۇ؟ تورپاننىڭ قۇرۇق ئۈزۈمى بەك تاتلىق-ھە» دېگەندەك ئادەمنىڭ ھەسرىتىنى قوزغايدىغان سوئاللارنى قوياتتى. مۇشۇنداق سوئالنى ئاڭلىغاندا نېمە قىلارىمنى، نېمىلەرنى دېيىشىمنى بىلەلمەي بىرھازا ئۇچىمنى تىڭشاپ تۇرۇپ كېتەتتىم. توغرا، مەن نېمىمۇ دەيمەن؟ ئۇلارنى قانداق جاۋابلار بىلەن قايىل قىلىشىمنىمۇ دەماللىققا ئويلاپ يېتەلمەيتتىم. چەت ئەللىك ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە بىز چىرايىمىز خەنزۇلارغا ئوخشىمايدىغان، تىلىمىز پەرقلىق جۇڭگولۇق ئىدۇق. ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى ئۇلار ھەرگىزمۇ بىلمەيتتى ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى بىز ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدۇق. ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ تۇتقان ياكى باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىق مىللىي كىيىمىمىز ئۈستىمىزدا بولغان بولسا، ئۇلار چوقۇم: بۇلار كىملەردۇ؟ جۇڭگودا مۇنداق مىللەتلەرمۇ بار ئىكەن-ھە؟ دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

شىئەنگە كەلگەندىن كېيىن مۇنداق بىر ئىش بولدى. بىز مەكتەپتە «يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش كېچىلىكى» نى ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. مەنمۇ بىر نومۇرغا - دەل «كىيىم مودېل» نومۇرىغا مەسئۇل بولدۇم. بىزنىڭ مودېللار كىيىمىنى قايسىبىر دۇكان تەمىنلىگەن بولۇپ، بىر ھېسابتا شۇلارنىڭ سودىسىغا نىسبەتەن ئېلان ھېسابلىناتتى. ئەمما شۇ كېچىلىكتە نىپاللىق بىر ساۋاقدىشىمىز ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي كىيىمى بىلەن كۆرۈرمەنلەرنىڭ قالتىس ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ مىللىي كىيىمى دەل بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدىكى بىر نامايەندە بولغان - ياندىن ئىزمىلىنىدىغان تاۋار چاپان ئىكەن. كېيىن ئۇنىڭدىن سورىسام، بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق كىيىمى ئىكەن. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. توغرا، نۇرغۇن ئىشلار شۇنداق بولىدۇ: سىز قەدىر-قىممىتىنى قىلمىغان نۇرغۇن نەرسىلەر ئاي-يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەۋەررۇككە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ تەۋەررۇكنىڭ مىراسخورى ئەمەس، ھەۋەسكارى بوپقالىسىز.

ھازىر خەلقئارادا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە كىيىم-كېچەك لايىھىلەش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولۇۋاتىدۇ. يېقىندا بىر خەنزۇچە ماتېرىيالدا ئىچكىرىدىكى بىر خەنزۇ كىيىم لايىھىلىگۈچىنىڭ «كروران گۈزىلى» نىڭ كىيىم پاسونىغا ئاساسەن لايىھىلىگەن كىيىمىنىڭ خەلقئارا مۇسابىقىدە «مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتى» غا نائىل بولغانلىقى يېزىلىپتۇ. خەقلەر ھەقىقەتەن بوش ئەمەسكەن جۇمۇ؟ ھەتتا «كروران گۈزىلى» مۇ بازار ئىگىلىكىگە ئاتلىنىپتۇ.

كىيىم-كېچەك لايىھىلەش ئۇيغۇرلاردا ئانچە راۋاجلانمىغان بىر كەسىپ. ئەمما بۇنىڭدىن بۇ خىل كەسىپنىڭ بىزدە راۋاجلىنىش ئىستىقبالى يوق، دېگەن مەنە چىقمايدۇ. بىزنىڭ خەقنىڭ كۆزىدىن ئۆت چىقىرىۋېتىدىغان ئېسىل كىيىملىرىمىز بار. ئەمما ياۋروپا، ئامېرىكىلارنىڭ ئارىلاش مەدەنىيىتىنىڭ شىددەت بىلەن سىڭىپ كىرىشى ئارقىسىدا مىللىي كىيىم-كېچەك سانائىتى ۋە لايىھىلەش كەسپى دېگەندەك راۋاجلىنالمايۋاتىدۇ. ئەگەر بىزدىكى كىيىم-كېچەك لايىھىلىگۈچىلەر نەزىرىنى ئۆزىمىزدىكى ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك پاسونلىرىغا قاراتسا، ئويلىمىغان يېڭى نۇسخىلارمەيدانغا چىقىدۇ. مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىنى قازساق ئۆزىمىزگە لازىملىق نۇرغۇن نەرسىلەر تېپىلىدۇ. ئاشۇ چاغدا باشقىلارنىڭ ھەيرانلىقى ئېشىپ، دىققەت-ئېتىبارى قوزغىلىدۇ. باشقىلارنىڭ سايىسىگە

مەستانە بولۇدىغان ۋاقىت كەتتى.

ئۈرۈمچىدىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە دۆڭكۆۋرۈك بازىرى، خەلقئارا چوڭ بازارلار ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى، بۇ ئىش مېنى بەكمۇ خوش قىلدى. تىجارەت باشلىغان تۇنجى كۈنىلا سودا سارايلىرىغا كىرىپ تەپسىلىي ئايلاندىم. راستىنى ئېيتقاندا يېڭىسار پىچىقى، دوپپا، ئەتلەس دېگەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپىنچىسى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئەمەس. بىر-بىرىدىن ھەشەمەتلىك، كۆركەم مىللىي پاسوندا سېلىنغان سارايلارنىڭ پوكەيلىرى قازاقىستاننىڭ گىلەم بۇيۇملىرى، پاكىستاننىڭ خېنە-بوياقلىرى، گۇاڭدۇڭ، خېنەن، كورىيەلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، ياغلىق-شارپىلىرى... ئەيتاۋۇر، چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇن مەھسۇلاتلىرى بىلەن لىق تولۇپتۇ. سودىسى خېلى قىزىۋاتقان كىچىك بىر بوتكىچاققا كىرسەم، دېگۈدەك تىبەتنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرى، سۆڭەك ساپلىق پىچاقلىرى دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىكەن.

كىمدىن خاپا بولغۇلۇق؟ دەردىنى كىمگە تۆككۈلۈك؟ خاپا بولۇش ۋە دەرد تۆكۈش بىلەن ھېچنېمىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلىنى بايقاش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرسەك، ئېھتىمال ماڭىدىغان يوللار ئۇنچىۋالا ئاز ئەمەس.

شىئەن قەدىمىي ۋە زامانىۋى شەھەر. شىئەندە زامانىۋى رەستە-كوچىلار، سودا سارايلىرى، قەدىمكى قۇرۇلۇشلار، شەھەرنى ئوراپ تۇرغان قەدىمكى سېپىللار كىشىگە زامانىۋىلىق بىلەن قەدىمىيلىك كىرىشىپ تۇرغان يېڭى تۇيغۇ بېرىدۇ. شىئەننىڭ كوچىلىرىدا خۇددى ئۈرۈمچىگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە ماگىزىنلار بار. بۇ دۇكانلار پۇلدار بايۋەچچىلەر، يىغىپ ساقلىغۇچىلار ھەم ھەۋەسكارلارنىڭ قىزىقىشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇ دۇكانلاردىكى باھاسى تولىمۇ قىممەت كېلىدىغان قولدا تىكىلىدىغان خورۇم ئاياغ ۋە خورۇم بۇيۇملار، قولدا نەپىس ئىشلەنگەن كانۋاي-گۈللۈك كوپتىلار، تور روماللارغا يېزىپ قويۇلغان باھاغا قارىسىڭىز چۆچۈپ كېتىسىز. مانا شۇ نەرسىلەر شىئەندىكى ئەڭ مودا كىيىملەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىيىملەرنى ئۈرۈمچىدىكى مىللىي سودا سارايلىرىدىن تولىمۇ ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش مۇمكىن. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى كىيىپ كېلىۋاتقان كىيىم-كېچەكلىرىمىز باشقىلارنىڭ يۇرتىدا شۇنچىۋالا قىممەت باھادا سېتىلسىمۇ يەنىلا خېرىدارى جىق. يۇرتىمىزدا بولسا «مودىدىن قالغان» دەپ نەزىرىمىزنى سېلىپمۇ قويمايمىز. بۇيەردە ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى جۇلاسى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

شىئەندىكى ئاشۇ ئالاھىدە كىيىملەر بىزدىكى موزدوز ئۇستىلار تىككەن ئاياغلار، ھەدە-سىڭىللىرىمىز ئىشلىگەن رەشلىيە ۋە كانۋاي كۆڭلەكلەر، رەڭدار دوپپىلار ئالدىدا ھېچقانچە ئەمەس.

مەن خەنزۇ ساۋاقداشىم بىلەن ئاشۇ دۇكانلارنى ئارىلاۋېتىپ، مۇشۇنداق قولدا تىكىلگەن ئاياغ ۋە كىيىملەرنىڭ يۇرتىمىزدا ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۇچىسىدا بولۇدىغانلىقىنى، مۇنداق كىيىملەرنى قىزلىرىمىزنىڭ ئىشلىيەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقىنىمدا ئۇ ھەيران بولۇپ: «راستمۇ؟ شىنجاڭدا مۇشۇنداق كىيىملەر بار بولسا، نېمىشقا مۇشۇنداق دۇكانلارنى ئاچمايسىلەر؟ ئۇ كىيىملەر ئەرزانمۇ» دەپ سوراپلا كەتتى. ساۋاقدىشىمنىڭ سوئالى مەندە يەنە نۇرغۇن سوئاللارنى تۇغدۇردى. توغرا، بىز نېمىشقا ئۆزىمىزدە تەييار بار نەرسىلەرنى ئېچىپ راۋاجلاندۇرمايمىز؟ ئۇنى ئاكتىپ تونۇشتۇرمايمىز؟ قاچانغىچە ئۆزۈڭ كېلىپ، كۆزۈڭ بولسا تونۇۋال، دەپ ساقلاپ تۇرىمىز؟ شۇنچىلىك ساقلىغانلىرىمىز، كۈتكەنلىرىمىز يېتەر، دەپ ئويلايمەن.

مەركەز «غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش - تەرەققىي قىلدۇرۇش» چاقىرىقىنى چىقاردى. بۇ دېگەنلىك ئۇخلاپ ياتقان، مۈگدەك باسقان ئەقىللەرنىمۇ ئويغىتىش، ئېچىش، ئۆزىڭىزدە بار دەسمايىنى پوكىنىڭىزغا بېسىپ ياتقۇرمەي پۇلغا - بايلىققا ئايلاندۇرۇش دېگەن مەنىلەرنىمۇ بېرىدۇ.

ئۆز-ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇدىغان، ئاكتىپلىق بىلەن بازار ئاچىدىغان ئاجايىپ بىر دەۋر سىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۆزىڭىزنى، مەدەنىيىتىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى قازمىسىڭىز باشقىلار سىزنى، شىنجاڭنى «پايانسىز قۇملۇق، كەتمەن چېپىۋاتقان، ئېشەك ۋە تۆگە مىنىپ كېتىۋاتقان» ھالەتتە چۈشىنىپ كېتىۋېرىدۇ. مۇنداق رېئاللىق راستىنلا سىزگە قىستاپ كېلىدۇ. مەن ئويلايمەن، تەخىرسىز رېئاللىق قىستاپ كەلگىچە، سىز ئالدىراپراق ھەرىكەت قىلىڭ. كونىلاردىكى: «سۇ كەلگىچە توغان سال» دېگەن ھېكمەت دەل شۇ.

دېمەك، بۇ يەردە «مەدەنىيەت ئارقىلىق بازار يارىتىش» دېگەن بىر گەپ كېلىپ چىقىدۇ. بىزدە ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەر قېزىلىشنى، ئېچىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۆزىمىز دادىل ھەرىكەت قىلمىساق، يەنە نۇرغۇن ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ھەقلىق مىراسخورى بولۇشتىن مەھرۇم قالىمىز. «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق» دېگەندەك، مەھرۇم بولغاندا ھەسرەت چېكىش ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇ سىزنىڭ ھەسرىتىڭىزنى ئۇلغايتىدۇ. «مەدەنىيەتمۇ بازار يارىتالامدۇ؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. ھازىرقى يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە بازارنىڭ ماتورى بوپقېلىۋاتىدۇ. قاراڭ، ئابلاجان ئۇيغۇرلارنىڭ نانلىرىغا «دەرمان» دەپ ماركا چاپلاپ، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە سېلىۋېدى، جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك سودىگەرلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. «ئارمان» شىركىتىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان نەرسە نېمە؟ ئۇ دەل بىزدىكى

يىمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋى تۈس ئېلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . ئەمەلىيەتتە «ئارمان» مەھسۇلاتلىرىنى ئۇيغۇرلار بۇرۇندىنلا ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان .رادىل ئابلا ئوزۇقلۇق مەدەنىيىتىمىزدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ ، بۈگۈنكى غايەت زور بازارنى ئاچتى . پۈتكۈل يەرشارىدا زەنجىرسىمان دۇكىنى بار بولغان «كېنتۇكى» ، «ماك دونالد»دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۈندىلىك تامىقى . لېكىن ئۇلار پۈتكۈل يەرشارىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان غايەت زور سودا تورىنى قۇرالىدى . بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىسىملار «بىل گايتس» ، «جوردان»دېگەن ئىسىملار بىلەن بىر قاتاردا ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بوپقالدى .

سىزدە بار بولغان ھەرقانداق ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسىنى كېيىنلا «قالاق ، ۋاقتى ئۆتتى»گە چىقىرىۋېتەلمەيسىز .چۈنكى ئاشۇ مەدەنىيەتنىڭ كەينىگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تالاي يىللىق قان-تەرى سىڭگەن بولىدۇ . سىزنىڭ ئۇنى چۆرۈپ تاشلاش ھوقۇقىڭىز يوق ، پەقەت ئاسراش ، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق . مەن شىئەنگە كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ، بولۇپمۇ يىمەك-ئىچمەك ھەم كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى توغرىسىدا ناھايىتى نۇرغۇن سېلىشتۇرما خىياللار پەيدا بولدى .

كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئەۋزەللىكلىرىنى ئويلىغانسېرى رېئاللىقىمىزدا بولۇۋاتقان كۈلكىلىك ئىشلار كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى . كىيىم-كېچەكنىڭ تارىخى توغرىسىدا پاراڭ بولغاندا ئەتلەسنى تىلغا ئالغۇم كەلدى .

ئەتلەس كىيىم ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى بولۇپ ، چوڭ يىغىن ، يەرمەنكە ، يىغىلىش ۋە بايراملاردا چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرى ئەتلەس كىيىم ۋە دوپپىنى كىيىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈۋاتىدۇ .

ئەتلەستىن تىكىلگەن كىيىملەر خۇددى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ بىردىنبىر ئەنئەنىۋى كىيىملىرىگە ئوخشاپ قالغىلى تۇرۇپتۇ . ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ شۇنچىلىك كۆپ خىل نەپىس كىيىملىرىمىز ، زىبۇ-زىننەتلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى مەن باشتا دەپ ئۆتتۈم .

بىزنىڭ تويلىرىمىزدا مۇنداق بىر غەلىتە ئەھۋال ھازىر ئومۇملىشىپ كەتتى : تويى بولغان قىز پالانى پۇلغا ئاقرەڭلىك توي كىيىمىنى ئىجارە ئېلىپ كىيىۋالمىسا ،تويىنىڭ بىرەر شەرتى كەم بولغاندەك ھېس قىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ياۋروپالىقلارنىڭ ئەنئەنىسى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان ئۇ خىل توي كىيىمى بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىزگە زادىلا ماسلاشمايدۇ . ئەسلىدە تويغا قىلچىلىك ساختىلىق ، يالغان قائىدە-يوسۇنلار ئارىلىشىپ كەتسە بولمايتتى . ئويلاپ باقىدىغان بولساق ، قىز-يىگىتلىرىمىز تويىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا ئۆز-ئۆزىنى ئالداشقا باشلايدىكەن . مەسىلەن ، توي كىيىمى دېگەن ئىجارە ئېلىپ كىيىلمىسە نېمە بوپتۇ؟ سىز توي كىيىمى دەپ كىيىۋالغان كېپەندەك ئاق كىيىمنى سىزدىن بۇرۇن كىملەرنىڭ قانچە رەت كىيىپ بولغانلىقىنى بىلەمسىز ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى نۇرغۇن قىزلار تەكرار-تەكرار كىيىۋەرگەچكە ،كۆڭلەكنىڭ پاكىزلىقىغىمۇ بىرنېمە دېمەك تەس . دېمەك ، بىزنىڭ قىزلىرىمىز ئەڭ پاك ، مۇقەددەس كۈندە ئۇچىسىغا ئاشۇنداق «پاك»كىيىمنى ئارتىۋالىدۇ . ئىجارە ئالغان ئۇ كۆڭلەكنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ . ئەجەبا ، بىزمۇ ئوتتاشتەك ئېسىل ئەتلەس ، تاۋار-دۇردۇنلاردىن خالىغان يارىشىملىق پاسوندا ئۆز بەستىمىزگە ئۆلچىتىپ تۇرۇپ توي كىيىم تىكتۈرۈپ كىيسەك ،ئىشكاپلىرىمىزدا ئەتىۋارلاپ خاتىرە ئورنىدا ساقلىساق ، نۇرغۇن تەرەپلەردە ئەھمىيەتلىك ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ كۈنىمىز دوراش ، تەقلىدچىلىك بىلەنلا ئۆتەمدۇ؟ توي كۆڭلىكىنىڭ ئەڭ ھەجۋى بىر تەرىپى شۇكى ، ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ماتەم كىيىملىرى بىلەن توي كىيىملىرى ئوخشاش بوپقالدى .بۇ ، بىزنىڭ تويىنى پۈتمەس-تۈگىمەس پاراكەندىچىلىكنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ قارىغانلىقىمىزمۇ؟ ئۆز-ئۆزىنى مۇشۇنداق مەسخىرە قىلىپ ياشاۋاتقان يەنە بىر مىللەتمۇ بارمىدۇ؟

تاڭ دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە «بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز-ئوغۇللار مەشغۇلى» دەرىجىسىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن ئاشۇ جۇلالىق يىپەك ۋە ئەتلەس كىيىملىرىمىزدە يوشۇرۇن بىر خىل ھاياتىي كۈچ بار . ئۇيغۇر كىيىم لايىھىلىگۈچىلىرى ئەنە شۇلاردىن چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرغىدەك كىيىملەرنى چوقۇم لايىھىلەپ چىقالايدۇ . ئەگەر بىز يەنە لامزەللىك قىلىپ يۇرۇۋېرىدىغان بولساق ، باشقىلار بۇ ساھەگە بىزدىن بۇرۇن كىرىپ ، ماركا-پاتېنت ھوقۇقى دېگەنلەر بىزگە مەنسۇپ بولماي قالىدۇ . ئۇ چاغدا بۇ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئېغىر زەربە بولىدۇ .

شىئەن تەسىراتلىرىم تېخىمۇ كۆپەيگىلى تۇردى . قىسقىسى ، جاھان مىللەتلىرى ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكى ، ئەسلى يىلتىزى ۋە ساپلىقىنى ئىزدىمەكتە . ئۇلار ئۆزىنىڭ يوقاتقان قىممەتلىك نەرسىلىرى (مەيلى ئۇ قانچىلىك كونا بولسىمۇ )نى نەچچە مىليون دوللار خەجلەپ ئاسرىماقتا ، رېمونت قىلىپ ، قۇتقۇزۇشنىڭ كويىدا بولماقتا .بىز ئەسلىمىزنى ، تەبىئىيىتىمىزنى ۋە يوقىتىپ قويغان نەرسىلىرىمىزنى تاپايلى ! تېپىشقا تىرىشايلى ، بىزدە ئۇنداق ئىقتىدار يوق ئەمەس .

2003 ـ يىل 27 ـ ئاپرېل ، شەھرى شىئەن

---

ئاپتور : شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتى 2000 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M2)



سەبىي يۈرەككە

ئوتلۇق تىلەك

- «دادام تاپقان ئون يۈەن»دىن
ھاسىلاتلار

# قەلبىنۇرغا خەت

ئەنۋەر ھوشۇر

قەدىرلىك سىڭلىم قەلبىنۇر، «‹ ئالەم چايخانىسى › دىكى پاراڭ»لىرى ئارقىلىق «بىز ياشاۋاتقان دۇنيا»نىڭ ھەقىقىتىنى «تەپەككۇر كۆزى» بىلەن نۇرلاندۇرۇپ، جىسمى 21-ئەسىر، روھى

ئىنسان قەلبى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلايلى

ئوتتۇرا ئەسىر سەرسانلىقىدا تېنەپ يۈرگەن خەلقىمىزنى «ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش»قا، كىملىكىنى قايتىدىن تونۇۋېلىشقا يېتەكلەپ، خەلقىمىزنىڭ شالغۇت روھىنى يېڭى ئەسىر ئەندىزىسى ۋە كەلگۈسىنىڭ تەلىپى بويىچە لايىھىلەش يولىدا تىنىمسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەجرىگە يارىشا ھۆرمەت تېپىۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانىدا ئېلان قىلىنغان «دادام تاپقان ئون يۈەن»سەرلەۋھىلىك كۆڭۈل

ئىزھارىڭىزنى ئوقۇپ ، تالانتلىق شائىر ، جەمئىيەتشۇناس ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ شۇ سانىنىڭ باش ماقالىسى سۈپىتىدە بېرىلگەن «توقۇنۇشمۇ ياكى توقۇنۇشتۇرۇشمۇ» ناملىق ئەسىرىنى مۇتالىئە قىلغاندىكى ھاياجانلىق ھېسسىياتىم تېزلا ئۇجۇقۇپ ، قانداقتۇر بىر شەكىلسىز قارا كۈچ يۈرىكىمنى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ، روھىم چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ماغدۇرسىزلىنىپ قاتتىق ئازابلاندىم . ئۇچۇر دەۋرىنىڭ داۋراڭ-شاۋقۇنلىرى بىلەن ساختا ئەقىدىلىرىنىڭ مېھىرسىز پەيلەشلىرىدە قاشاڭلىشىپ سېزىمىنى يوقىتىۋاتقان تۇيغۇمدا بىردىنلا سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ ، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى . كەيپىياتىمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزگەن ئايالىم جىددىيلىشىپ : «نېمە بولدى ، تورۇپلا جىمىپ كەتتىڭلىغۇ ؟» دەپ سورىدى . مەن قولۇمدىكى ژۇرنالنى ئىما قىلىپ كۆرسەتكەچ ، ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم ھەمدە : «قەلبىنۇرنىڭ ئارزۇسى بۇيىلمۇ ئەمەلگە ئاشمىغۇدەك ، ئىسىت . . .» دەپ قوشۇمچە قىلدىم ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا . ئايالىم بىردەم ئۈنسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن : «مېنىڭچە ، بۇقىزنىڭ ئارزۇسى بەك چوڭمۇ ئەمەسكەن . گەرچە بىزنىڭ تورمۇشىمىزنىمۇ ئانچە باياشات دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ ، ھەرھالدا ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ ياخشى ئىكەن . شۇڭا بىز قەلبىنۇرغا بىرسان ‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇپ بېرەيلى» دېدى . «توۋا ، مەن نېمىشقا شۇنداق قىلىشنى خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم ؟» دەپ خۇرسىندىم ئۆز-ئۆزۈمگە . كۆڭلۈم ۋىللىدە يورۇپ ، يۈرىكىمنى بېسىپ تۇرغان غەم تاغلىرى قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى . كەيپىياتىم نورماللاشقاندىن كېيىن باشقا ماقالىلارغا كۆز يۈگۈرتتۇم . لېكىن سىزنىڭ ۋە سىز دېمەتلىك دوستلىرىڭىزنىڭ بىچارە قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ، ھەرقانچە قىلىپمۇ باشقا ماقالە-ئەسەرلەر مۇھىتىغا كىرەلمىدىم . . .

دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ ئىكەن : سىز ۋە سىزنىڭ سەھرالىق دوستلىرىڭىزنىڭ ئوقۇش ، ئۆگىنىش ئارزۇسى بەكمۇ كۈچلۈك ئىكەن . لېكىن سىلەر يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن ئوقۇش پۇلىنىمۇ تەستە تاپشۇرالايدىكەنسىلەر ، قوشۇمچە ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش ، گېزىت-ژۇرناللارنى كۆرۈش ئارزۇيۇڭلار شۇنچە كۈچلۈك بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدىكەنسىلەر . بىرەر پارچە ژۇرنال قولۇڭلارغا چۈشۈپ قالسا ، ئۇچرەت بىلەن تالىشىپ ئوقۇيدىكەنسىلەر . لېكىن مەن ياشاۋاتقان شەھەردىكى بالىلارچۇ ؟ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تامامەن ئەكسىچە ! ئۇلار ئوقۇش پۇلى ، كىتاب پۇلى دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ . «مۇئەللىم مۇنچە پۇل ئەكېلىڭلار دېدى» دېسىلا ئاتا-ئانىلىرى بىر ئاماللارنى قىلىپ شۇۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئەمەلەپ بېرىدۇ . بۇنداق دېسەم شەھەرلىكلەر بەك باي ئوخشايدۇ ، دەپ قالماڭ . ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى-قىسمىلىدىغان يەرلىرى بار . لېكىن ئۇلار مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ، يەنى رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولۇۋاتقان ، پۇچۇق تىيىننىڭ چۆرىسىدە مىڭلاپ ئادەم تىپىرلاۋاتقان ، چۆرگىلەۋاتقان ، ھەممە نەرسىدە ئېشىنچىلىق كۆرۈلۈپ ، ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتى كۈنسېرى تۆۋەنلاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە ئوقۇمىسا ، ئوقۇش ئارقىلىق رېئاللىققا ماسلاشمىسا ئىستىقبالىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ، خارلىقتىن ، باشقىلارنىڭ قولىغا قېلىش تەقدىرىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئالدىن تونۇپ يەتكەن ؛ بالىلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۇلارنىڭ ئوقۇشىغا باغلىغان . خوش ، ئاتا-ئانىلار شۇنچە چوڭ ئۈمىد باغلىغان بۇ بالىلارنىڭ جاۋابى قانچىلىك ؟ كونىلارنىڭ : «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق ، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق» دېگىنى راست ئىكەن . ھازىرقى شەھەر بالىلىرى (كۆپ ساندىكىلىرى ) ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ، ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئوقۇشتىن ـ كىتاب ـ ژۇرنالدىن ئەمەس ، بەلكى تېلېۋىزور ، VCD ، رېستوران ، دىبا ۋە تورخانىلاردىن ، يەنە ئاللىقانداق «با»لاردىن ئىزدەشكە ئادەتلەنگەن . بۇيەردىكى كۇتۇپخانىلاردا گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ھەرقاندىقى تېپىلىدۇ ، ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىدۇ . لېكىن ئوقۇيدىغانلار يوق دېيەرلىك . سىز ئۇيەردە بىزنىڭ قەۋمىمىزدىن بولغان ياش بوغۇنلارنى ئاسان ئۇچرىتالمايسىز . ئەگەر ئۇلار ئېزىپ-تېزىپ بىرەر پارچە كىتابنى ئوقۇشنى ئىختىيار قىلىپ قالسا ، ئاتا-ئانىلىرى ھەرقانچە ئالدىراش ئىشلىرى بولسىمۇ ، ئۆز ئىشىنى بىرياققا قايرىپ قويۇپ ئەكېلىپ بېرىشكە تەييار . لېكىن بۇنداق تەلەپنى قويۇدىغان بالىلار يوق دېيەرلىك . سىلەردە يوق ، ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىسىلەر ، بۇيەردە بار ، ئوقۇيدىغانلار يوق . ھەتتا كۆپ ساندىكى بالىلار ، بۇلاردىن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيدىغانلىرىدىن خېلى بىر قىسمىلىرى ئۆمرىدە دەرسلىك كىتابتىن باشقا كىتاب ـ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ باقمىغان . «تارىم» بىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قانداق خاراكتېردىكى ژۇرنال دەپ سورىسىڭىز دەپ بېرەلمەيدىغانلىقى ئېنىق . لېكىن توپ چولپانلىرى بىلەن ناخشا چولپانلىرىنى ، بۇيىل

قانداق ناخشا-مۇزىكىنىڭ مودا بولۇۋاتقانلىقىنى سوراپ قالسىڭىز ئاغزى ئېچىلىپلا كېتىدۇ. ئۇلار ھەتتا پۇتبول چولپىنى رونالدو بىلەن بېكخامنىڭ قانداق ماركىلىق، نەچچىنچى رەزمەرلىك ئاياغ كىيىدىغانلىقىنى، قانداق قىزلار بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى، ھەرخىل مۇسابىقىلەردە نەچچىدىن توپ چۈشۈرگەنلىكىنى، توپ تېپىش ھەققىنىڭ نەچچە پۇل ئىكەنلىكىنى خاتاسىز دەپ بېرەلەيدۇ. كۆدە ياكى بۇغداي مايسىسى بىلەن قىياقنى ئايرىيالمىغىنى بىلەن، قايسى رېستورانىنىڭ قورۇمىلىرىنىڭ ئېسىل، مۇلازىمىتىنىڭ ئەتراپلىق، ناخشا-سازلىرىنىڭ تارتىملىق ئىكەنلىكىنى بىرمۇ بىر ساناپ بېرەلەيدۇ. سىز ۋە ئائىلىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا يېزىلىش ئۈچۈن نەچچە ئاي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ غەملىيەلمىگەن ۋە غەملەشكە كۆزى يەتمىگەن 30يۈەن بۇيەردىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىكى بىر قۇتا ئۇسسۇزلۇقنىڭ پۇلى بولۇپ، بەزى باللار ئۇنى ئىككىلەنمەستىن ئىچەلەيدۇ. سىلەر دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئاتا-ئانىلارنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىسىلەر، مال-چارۋا بېقىپ ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىشكە تىرىشىسىلەر. بۇيەردىكى باللارچۇ؟ پۇل غەملىيەلىگەنلىرى ئۈدۈل تورخانىلارغا چاپىدۇ، غەملىيەلمىگەنلىرى ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ قاپىقىدىن ئاز-تولا ئەيمىنىدىغانلىرى ئامالسىز تېلېۋىزور ئالدىغا چۆكىدۇ. «تامىقىڭنى يە، تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلە» دېگەن سادا كەلمىگۈچە ئورنىدىن مىدىرلىمايدۇ. تورغا چىقىش، تېلېۋىزور كۆرۈش دەرۋەقە ياخشى ئەھۋال، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆرگىلى، ئۇچۇر ئىگىلەش، ئالماشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. لېكىن بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ 99.9% تى تورنى قۇرۇق پاراڭ سوقۇش ۋە كۆڭۈل ئېچىشنىڭ، تېلېۋىزورنى ئويۇنچۇق ئويناشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان بولۇپ، ھېچقانچە ئەمەلىي نەپكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئالتۇندەك ۋاقتىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ...

مەن شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، بىز 20يىلدا دۇنيانىڭ تەرەققىيات رېتىمىغا ماس ھالدا خېلى زور يۈكسىلىشلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ئىلگىرى بىز ئارمان قىلىش تۈگۈل خىيال قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر — تېلېفون، يانفون، تېلېۋىزور، موتسىكلىت، پىكاپ ۋە ھەرخىل قۇتىلىق ئىچىملىكلەر، ئېسىل ئۆي جاھازلىرى، مودا كىيىملەر تۇرمۇشىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. يۇقىرى ئۇنۋانلىق خادىملار — پروفېسسورلار، دوكتورلار، ئاسپىرانتلار ئارقا-ئارقىدىن يېتىشىپ چىقتى. نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە راۋاجلاندى... لېكىن بىزدىكى تەرەققىيات نوقۇل ھالدىكى ماددىيەتكىلا بېرىلىپ، مەنىۋىيەتكە سەل قارالغان يېرىم-يارتا تەرەققىيات بولدى. بىز مۇشۇ يىگىرمە نەچچە يىل جەريانىدا ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات تارىخىدا شەكىللەندۈرۈپ، مىللەتنىڭ خاس بەلگىلىرىگە ئايلانغان نۇرغۇنلىغان ئېسىل مەنىۋى پەزىلەتلىرىمىزدىن بىلىپ-بىلمەي، ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا تەدرىجىي يىراقلاشتۇق ياكى ئايرىلدۇق. بۇخىل ئەھۋال شەھەرلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. ئەڭ خەتەرلىكى شۇكى، بىرخىل تۈزۈلمە ۋە ئورتاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقىمىز قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل جەريانىدا بىر-بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد تىپى — شەھەر مەدەنىيىتى ۋە ئېتىقادى تىپى بىلەن يېزا مەدەنىيىتى ۋە ئېتىقادى تىپىنى شەكىللەندۈرۈپ ئىككىگە بۆلۈندى ياكى بۆلۈنۈشكە قاراپ ماڭدى. شەھەرلىكلەر يېزىلىقلارنىڭ قالاق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ياراتماي كەمسىتىدىغان، يېزىلىقلار شەھەرلىكلەرنىڭ ئېتىقادىدىن گۇمانلىنىپ نەزىرىگە ئىلمايدىغان، شۇ سەۋەبلىك ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىشمايدىغان، قىلغانلىرىمۇ ئورتاق تىلدا ئىچقارنىنى تۆكۈشۈپ پاراڭلاشماي، بىر-بىرىدىن تېزلا بىزار بولىدىغان ياتلىشىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. مەن يېقىندا بىر دوستۇمنىڭ ئېغىزىدىن: «بىزنىڭ يۇرتتىكىلەر تەبئىي ھالدا ئىككىگە ئايرىلدى. مەسچىتكە بارىدىغانلارنى مۇسۇلمانلار، مەسچىتكە كىرمەيدىغانلارنى ئۇيغۇرلار دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلاندى» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ كەتكەنىدىم. كېيىن مەقسەتلىك كۆزىتىش، مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق بۇخىل ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇدلۇقىنى، ھەتتا ئېغىرلىقىنى، مىللىي ياتلىشىشنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

زىددىيەت شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. لېكىن بىر شەيئىنىڭ ئىچكى زىددىيىتى كۆپ ھاللاردا شۇ شەيئىنى پارچىلىۋېتىدۇ، يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئەقىل يۈكسەكلىكى بىلەن چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئۇلۇغ بوۋىمىز ئوغۇزخان بىزگە ئۇيغۇر (ئەسلى ئۇيۇغۇر) دەپ نام بەرگەن. بۇ نامغا تارىخنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۈمىدى

مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق ئورتاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئېتنىك گەۋدىسىنىڭ تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ، ئەڭ ياخشى گۈللىنىش - تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بۈگۈنكىدەك كەڭرى زاماندا تەبىئىي ھالدا ئىككى خىل مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد تىپىغا ئايرىلىپ، روھىي جەھەتتە ياتلىشىش ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى كىشىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇنداقتا، بۇخىل ياتلىشىش ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبكارى نېمە؟ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىقتىساد - ياشاش ئورنى ۋە شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي پەرق.

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېزا بىلەن شەھەرنىڭ، يېزا پۇقرالىرى بىلەن شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ئىقتىسادىي پەرقى تولىمۇ چوڭ. بۇ خىل ئەھۋال تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىك.

مەلۇمكى، بىرقانچە يىلدىن بۇيان يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر قاتار يېزا ئىسلاھاتى تەدبىرلىرى يولغا قويۇلۇپ، ئالدىن بېيىغان بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ «يېيىش، كىيىنىش، تۇرالغۇغا ئىگە بولۇش» ئەقەللىي تەلىپىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش جەھەتتە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. لېكىن رايونىمىزنىڭ نوپۇس ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقى - دېھقانلار ئاھالىسىنىڭ كۆپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇنىڭ ئاز بولۇشى، دېھقانچىلىق تەننەرخىنىڭ ئۆسۈپ، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات باھاسىنىڭ ئۆسمەسلىكى، ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالمايدىغان «كادىر» - ھە-ھۇچىلارنىڭ كۆپىيىپ، يەرلىك قورۇقچىلىق ۋە قانۇنسىز ئالۋاڭ-ياساق قاتارلىق سىياسەتكە خىلاپ قىلمىشلارنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى تۈپەيلىدىن، دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىرلاپ، يىل بويى جاپالىق ئىشلىسىمۇ «ئوتنىڭ ئوتقا كەتتى، سۇنىڭ سۇغا، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى» دېگەندەك يىل ئاخىرىدا ئۆزىگە قالىدىغىنى ئازغىنە ئۇزۇقلۇق ۋە ئۇرۇقلۇق ئاشلىقى بىلەن «جاپانى ئالدىغا تارتىدىغان» كەتمىنى بولدى. دېھقانلارنىڭ ئاشلىقى پۇلغا يارىمىدى: بىر چارەك بۇغداينىڭ پۇلىغا (خوتەندە بىر چارەك 18 جىڭ بولۇپ، ھازىر بىر چارەك بۇغداينىڭ بازاردىكى باھاسى سەككىز يۈەن ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتىدۇ) بىر كىلو گۆش، ئون چارەك بۇغداينىڭ پۇلىغا بىر قاپ خىمىيىۋى ئوغۇت كەلمىدى... نەتىجىدە «قوۋۇرغىسىدا ئاز-تولا يېغى بار» بىر قىسىم دېھقانلار ۋەزىيەتنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، بىر ئاماللارنى قىلىپ دەسمىي توپلاپ، ئۇششاق تىجارەت يولىغا مېڭىپ، ھال-كۈنىنى ئاز-تولا ياخشىلىدى. ئۇلارنىڭ پۇل ۋە ئەقىل تاپقاندىن كېيىن قىلغان بىرىنچى ئىشى يەرنى تاشلاش بولدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار قوللىرىدىكى پارچە-پۇرات پۇللارنى ساناۋېتىپ، كېيىنكى تىرىكچىلىك يولىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يۈرىكىنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن، ھازىرقىدەك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى تۈزۈك پۇلغا يارىمىغان، بازارلار تويۇنۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئائىلە بويىچە يەر تېرىپ پۇل تاپقىلى، بېيىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، يېزىلاردىكى جىمى كەلگۈلۈك ۋە ناھەقچىلىقلارنىڭ يەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، نۆۋەتتە يەرنىڭ «ئالتۇن قوزۇق» ئەمەس، بەلكى بويۇنتۇرۇققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلەر ئىدى. ئىش شۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى: يېرى بارلار يېرى يوقلارغا بېقىندى، قەرزدار بولدى. نەتىجىدە خوتەن يېزىلىرىدا: «موتىسىكلىت مىنگەننىڭ يېرى يوق، تار يوپكا كىيگەننىڭ ئېرى يوق» دېگەن يېڭى ماقال پەيدا بولۇپ كەڭ ئومۇملاشتى. ئەمدى شەھەرلەردىچۇ؟ شەھەرلەردە ئەھۋال باشقىچە بولدى: ئالدى بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خانلىقتىن ئاش يەيدىغان ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مائاشى يىلمۇ يىل ئۆستى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىستېمال ئوبيېكتلىرى، جۈملىدىن ئۇن، ياغ، گۈرۈچ، گۆش، كۆكتات قاتارلىق يېزىلاردىن كىرگۈزۈلىدىغان ئاساسلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئاساسەن تۆۋەن سەۋىيىدىكى مۇقىم باھانى ساقلاپ كەلدى. ھازىر شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشىدىن سىرت ئالىدىغان بىر سائەتلىك دەرس ھەققىگە بىر خالتا ئۇن كېلىدۇ. 1500 يۈەن مائاش ئالىدىغان كادىرنىڭ بىر ئايلىق ئىش ھەققىگە 150 چارەكتىن 160 چارەككىچە بۇغداي سېتىۋالغىلى بولىدۇ. 150 چارەك ئاشلىق دېگەن تازا بىنەم يەر بولسا تۆت-بەش مو، ئادەتتىكىدەك يەرلەر ياكى تاغلىق، شورلۇق يەرلەر بولسا يەتتە-سەككىز مويەرنىڭ يىللىق ھوسۇلى دېگەن گەپ. بۇلار كىشى بېشىغا بىرمودىن يەر توغرا كېلىدىغان رايونلاردا بىر ياكى ئىككى ئائىلىنىڭ تېرىيدىغان يېرى بولۇپ، ئۇ يېزىلاردىكى بىر ياكى ئىككى ئائىلىنىڭ يىللىق

كىرىمى ئوتتۇرا ھال خىزمەت ستاژىغا ئىگە بىر كادىرنىڭ بىر ئايلىق ئىش ھەققىگە تەڭ دېگەن گەپ. ھالبۇكى، كادىرنىڭ كىرىمى ساپ كىرىم بولۇپ، ئۇلار مائاش جەدۋىلىگە ئىسمىنى يېزىپ بەرسىلا بولىدۇ. لېكىن دېھقاننىڭ بۇغدىيىنىڭ كەينىگە ئورغۇنلىغان غەلىغەشلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇلار يەنە سۇ ھەققى، باج، خىمىيۋى ئوغۇت پۇلى، تراكتور ھەققى شۇنداقلا يەنە ئىسمىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان ئاللىقانداق ھەقلەرنى تاپشۇرۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، يۇقىرىدىكى تەڭلىك بەلگىسىمۇ تەبىئىي ھالدا تەڭسىزلىككە، يەنە كېلىپ سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان تەڭسىزلىككە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەبلەغ سېلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش نۇقتىسى ئىزچىل توردە شەھەرلەر بوپكەلدى. شەھەرلەر يېزىلىقلارنىڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچى ۋە ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ زىچ، ئاسمان-پەلەك بىنالارنى، ئۆمۈچۈك تورىدەك ئۆتۈشمە يوللارنى، سۈنئىي چىملىقلارنى بەرپا قىلىپ، ئۆزىنىڭ تورمۇش ۋە خىزمەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. دانىشمەن شەھەرلىكلەر يېزىلىقلاردىن پاتمانلاپ ئالدىيۇ، ئۇلار مىسقاللاپ بولسىمۇ بېرىشنى، ھېچ دېمىگەندە سىياسەتنىمۇ بولسا كەڭرىرەك بېرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمىدى. يېزا بىلەن شەھەرنىڭ پەرقى كېڭىيىۋەردى... ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، زىددىيەت كېلىپ چىقماسلىقى، كۆڭۈلگە غەم چۈشمەسلىكى، روھەدا، ئېتىقادىدا بۆلۈنۈش بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟! سىز ماقالىڭىزدا ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللار بۇخىل ئاچچىق رېئاللىقنىڭ بىر تەرىپىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇ، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىشى لازىم.

قەدىرلىك سىڭلىم قەلبىنۇر، سىز ماقالىڭىزدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش مەقسىتىدە دادا-بالا ئىككەيلەن تولىمۇ تەستە يىغقان ئون يۈەن پۇلنىمۇ مەھەللە باشلىقىنىڭ «كەنت دەرۋازىسىغا چىنە خىش چاپلايمىز» دەپ تارتىۋالغانلىقىنى، شۇسەۋەبلىك تولىمۇ ئازابلانغانلىقىڭىزنى ۋە ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىڭىزنى ئېيتىپسىز. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىۋاتقانلار بىر سىزلا ئەمەس. سىزنىڭ تەقدىرىڭىز ئومۇملۇققا ئىگە بولۇپ، بۇ تېخى سىز يۈزلەنمەكچى بولغان تالاي بەختسىزلىكلەرنىڭ مۇقەددىمىسىلا، خالاس. سىز ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپسىز، بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىسىز. بىلىشىڭىز كېرەككى، ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ھەقلىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان بولۇپ، نامدارراق مەكتەپلەرگە يىلىغا كەم دېگەندە ئون مىڭ يۈەن، ئادەتتىكىدەكلىرىگىمۇ بەش-ئالتە مىڭ يۈەن بولمىسا بوسۇغىسىدىن ئاتلىغىلى بولمايدۇ. نەچچە ئاي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ 30 يۈەن غەملىيەلمىگەن بىر ئائىلىنىڭ نەچچە ئون مىڭ يۈەن تۆلەپ، قىزىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتالىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەن سىزنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئىنسان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمەن ھەم سىزگە ئىچ ئاغرىتىمەن. لېكىن سىزنىڭ بەختلىك يەرلىرىڭىزمۇ ئاز ئەمەسكەن: ئالدى بىلەن نامرات دادىڭىز «ھاكىمنىڭ كاتىبىدەك» خەت ئوقۇيدىكەن ـ ئىلىمنى قەدىرلەيدىكەن. سىزنى چۈشىنىدىكەن، سىزگە كۆيۈنىدىكەن. سىزنىڭ ھەرقانداق ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جېنىنى ئايىمايدىكەن. ھالال مېھنىتى، غورۇرى بىلەن ياشايدىكەن. قارنى ـ كۆكسى دەريادەك كەڭ-ئەزىم ئىكەن. قاراڭ، ئۇ بىر كۈن ئىشلەپ ئاران تاپقان ئالتە يۈەن پۇلىدىن باج رەسمىيەت ھەققىلىرىنى تۆلەپ، «بازار تازىلىقىنى قىلىدىغان داۋۇتكام» نىڭ بەش مو پۇلىنى تۆلىيەلمىگەنلىكىدىن ئىزا تارتىپ، ئويۇلۇپ يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بوپتۇ. ئەپسۇسكى، «توق بۆرە نەگەبېرىپتۇ دېسە، ئاچ بۆرىنىڭ كۆتىنى يالىغىلى» دېگەندەك، نامرات دادىڭىزنى شۇلۇپ يانچۇقىنى تومىلىغان رەسمىيەتچىلەر قىلچىلىكمۇ ئويالماپتۇ. بۇ نېمىدېگەن روشەن سېلىشتۇرما-ھە؟!

يەنە بىر بەختلىك يېرىڭىز، سىزدە يېزىقچىلىق ئىقتىدارى، كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى، ئەڭ مۇھىمى بىر مۇنەۋۋەر يازغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت ـ سەمىمىيلىك، چوڭ يۈرەكلىك، دادىللىق بار ئىكەن. ھەممە ئادەم ساختا شۆھرەت بازىرىدا پالاقشىپ، ئائىلە تارىخىنى ئەڭ مۆتىۋەر بوۋىسىدىن، تاپالمىغانلىرى ئۆزىدىن باشلاش ھەلەكچىلىكىدە چېپىۋاتقان، خېلى مۆتىۋەر يازغۇچىلىرىمىزمۇ تەرجىمىھالىنى يازغاندا «قول ئىلكىدە بار مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن» دېگەن جۈملىنى كىرگۈزۈشنى ئۇنتۇمايدىغان، ھەتتا مۇشۇ بىر جۈملە ھەققىدە بىرەر بەت ئىزاھات يېزىشتىن باش تارتمايدىغان، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ئۆزۈن چاپان دادىلىرى بىلەن ياغلىقلىق ئانىلىرىنى «تونۇيالمايدىغان» (لېكىن پۇلىنى تونۇيدىغان)، پوتونسۇرۇك يىگىت تۇرۇپ، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى

تۇتالمىسا ، «سىز باشلىق ياكى پۇلدار بولغان بولسىڭىز بۇنداق كۈنگە قالمايتتىم» دەپ ، ئۆزىنىڭ سۆيگەن ئىقبىپ ، ئۇتىدا كۆيۈۋاتقان ، ئۇنىڭسىزمۇ خىجىلچىلىقتىن كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي ئىچىدىن تۈگىشىپ كېتىۋاتقان ئاتا-ئانىلىرىنى سوراققا تارتىدىغان ئەخلاقىي چىركىنلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان رېئاللىقىمىزدا ،سىز نامرات دادىڭىزدىن ئاغرىنماپسىز ، ئەكسىچە ئۇنى بەك ئۇلۇغ ئىبارىلەر بىلەن چىن يۈرىكىڭىزدىن مەدھىيىلەپسىز ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپسىز . جاپالىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان باھايىڭىزنى ساددا تىل ۋاستىسى بىلەن پەردازسىز ئوتتۇرىغا قويۇپسىز .بۇنىڭغا چوڭ جۈرئەت كېرەك ،ئەلۋەتتە . مېنىڭچە ، ماقالىڭىزنىڭ تەسىرلىك چىقىشى سەممىيلىكنىڭ كۈچىدىن بولغان بولۇپ ، ئەگەر سىز تۇرمۇشنىڭ تۇرلۇك بېسىملىرى ئالدىدا مەغدەپ قالماي ،مۇشۇ خىل روھنى ئىزچىل ساقلاپ ، ئۇنى ئەسەرلىرىڭىزنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى قىلىپ ئىزدىنىشنى مەشىق قىلسىڭىز ، كەلگۈسىدە مۇنەۋۋەر يازغۇچىلاردىن بوپقىلىشىڭىز - يازغۇچىلىقنىڭ نېمىنى يەپ ، ئەجدادىڭىز ، ئاتا-ئانىڭىز ئۆزگەرتەلمىگەن جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىپ ، يېڭى ھايات بەرپا قىلالىشىڭىز مۇمكىن . بۇ مېنىڭ سەممىي تىلىكىم ، شۇنداقلا قېرىنداشلارچە ،ئاكىلارچە مەسلىھەتىم ، ھەم بۇ خەتنى يېزىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىم .

قەدىرلىك سىڭلىم ، ھازىر گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى . سىزگە پۇل ئەۋەتىپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش ئارزۇيىڭىزنى قاندۇرۇش ئىستىكىم بولسىمۇ ، تەپسىلىي ئادرېسىڭىزنى بىلەلمىگەچكە ،ھازىرچە بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي ،ئامالسىز ئۇستاز مۇھەررىر قۇربان ماموت ئاكىغا ئىلتىجا قىلىشنى لايىق تاپتىم . مېنىڭ نەزىرىمدە قۇربان ماموت ئاكا مۇستەقىل قاراشقا ، ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە شەخسىيەتسىز ئادەم .ئۇ ، بۇنداق ئىشلارنى جان دەپ قىلالايدۇ . ئىشىنىمەنكى ، بىز سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى قاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى تاپالايمىز .

## ئەسسالام ھۆرمەتلىك قۇربان ئاكا !

ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ 2003 - يىل 5 - سانىدا قەلبىنۇر مىجىت ئىمزاسىدا ئېلان قىلىنغان «دادام تاپقان ئون يۈەن» ناملىق ماقالىنى ئوقۇپ قاتتىق ئازابلاندىم . قەلبىنۇرغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش نەچچە مىڭلىغان قېرىنداشىمغا ئىچىم ئاغرىدى . نەچچە كۈن گاراڭ ھالەتتە يۈرۈپ ئويلاندىم ، پىكىر قىلدىم . ئاخىرى بۇ بەختسىز سىڭلىمغا خەت يېزىش ئارقىلىق ئۇنىڭ خەستە دىلىغا ئازراق بولسىمۇ تەسەللىي بېرىش ،تازا ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ يول كۆرسىتىپ ئۆگىنىش ، ئىجاد قىلىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە بۇ ماقالىنى يازدىم . كۆرۈپ باقارسىز .

قەلبىنۇرنىڭ تەقدىرى ئومۇملۇققا ئىگە . ئۇنىڭ تەقدىرى مىڭلىغان قېرىنداشلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ،ئارزۇسى ھەم شۇنداق .مەن ئادەتتىكى بىر ئوقۇتقۇچى . ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ ، قولۇمدىن كېلىدىغىنى ھېسداشلىق قىلىش ۋە يول كۆرسىتىش !

مەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئارزۇسى جاۋابسىز قالماسلىقى كېرەك ، دەپ قارايمەن . قەلبىنۇرنىڭ ئارزۇسى ،ئۇنىڭ ئۆزى ۋە نامرات ئائىلىسى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا بەكمۇ چوڭ ئارزۇ .لېكىن بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرنەچچە ئاي قولدەك ئىشلەپمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولغۇدەك پۇل غەملىيەلمىگەنلىكىنىڭ ئۆزى بىر پاجىئە . مەن ئۇشبۇ ماقالىنى ئوقۇغان كۈنلا ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش - «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ بېرىشنى نىيەت قىلغان بولساممۇ ، لېكىن قىزنىڭ تەپسىلىي ئادرېسى تازا ئېنىق بولمىغاچقا ،ئالاقىلىشالماي بۇگۈنگىچە سوزۇلۇپ كەلدى . ئامال قىلالماي سىزگە بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم (ئەسلىدە قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ ئاۋارە قىلماسلىقىم كېرەك بولاتتى ) .

ھازىر مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بىر يەرگە بېرىپ قالدى . مەن ئۇ قىزنىڭ ئادرېسىنى ئوقۇپ ، ئۇ قىزغا پۇل ئەۋەتىپ ، ئۇ قىز مۇشتەرى بولۇپ بولغۇچە نۇرغۇن ئىش كېتىدىكەن ، ۋاقىتمۇ يار بەرمەيدىكەن . شۇڭا سىز مۇۋاپىق دەپ قارىسىڭىز ،مەن پۇلنى سىزگە ئەۋەتىپ بېرەي ، تەھرىر بۆلۈمىدىن بىۋاستە مۇشتەرى قىلىپ قويسىڭىز ،سىزدىن كۆپ مىننەتدار بولغان بولاتتىم . جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ

ھۆرمەت بىلەن :

ئىنىڭىز ئەنۋەر ھوشۇردىن

2003-يىل 2-نويابىر ،شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور : خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خادىمى

# كۆكۈل كۆكۈلدىن سۇ ئىچەر

## ئابدۇراخمان ئەزىز

«ھەركىم ئۆز ئىدىيىسى ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىدۇ» دېگەن گەپنى قايەردىن ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە يوق. شۇنىڭدىن قارىغاندا، تەپەككۇر ئىدىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلسا كېرەك. ئىدىيە بولسا ھەركىمنىڭ خاھىشى بويىچە بارلىققا كېلىدۇ. سىياسەتچىلەرنىڭ سىياسەت خاھىشى، بايلارنىڭ ئىقتىساد خاھىشى، ھوقۇقدارلارنىڭ ھوقۇق خاھىشى، ئىشقىلىپ، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆز مەنپەئەت خاھىشى ئۆزىگە خاس بولغان ئىدىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاشۇ ئىدىيە ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىدىكەن.

تەپەككۇر ـ تەپەككۇر قىلغۇچى تەرىپىدىن ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا قىلىنىدۇ. مەيلى ئۇ قايسى ھالدا قىلىنسۇن، كەڭ مەنىدىن دۇنيا، مىللەت، قەۋم ۋە گۇرۇھلارنىڭ، تار مەنىدىن «مەن»نىڭ پايدا-مەنپەئىتىنى كۆزلەيدۇ. ھەتتا «دېھقان دېگەن بىكار قويسا باشقا بالا»، «دېھقاننىڭ قورسىقى توق بولسا خانغا ئارامچىلىق بولماس»، «دېھقاننىڭ چاپىنى قىسقا بولسا تىزىنى يۆگەپ يۈكنەر، ئۇزۇن بولسا غادىيىپ تۇرۇپ مۇشت بېرەر»... دېگەندەك قارا يۈزلەرچە «تەپەككۇر»، دېھقاننى بىكار قويماي كالىدەك ئىشلىتىش، قورسىقىنى يېرىم ئاچ، ئۇچىسىنى يېرىم يالىڭاچ قويۇپ چاپىنىنى تىزىدىن ئاشۇرماي قول باغلىتىپ، خوش-خوش دېگۈزۈش ئۈچۈن رەزىل ھۆكۈمدارلارغا پەتىۋا تېپىپ بەرمەكتە. ئەسلى قەۋمگە قارا يۈزلەرچە ئاسىيلىق قىلغان رەزىل قارائۆپكە مۇناپىقلار تەرىپىدىن خاتا ئوبرازلاندۇرۇلغان «ئېتى يامان» دېھقانلارمۇ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۆزىنى ئېچىپ، مەيلى خەلقئارا ئېقىمنىڭ تەسىرىدە بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن بولسۇن، ئىشقىلىپ، ئۆز ئىدىيىسى بويىچە ئاز-تولا تەپەككۇر يۈرگۈزۈدىغان بولدى. كەتمەن چېپىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇ ئىشچان «ماشىنا ئادەملەر» ھەممە گۇرۇھ، تەبىقە، ھەممە كەسىپ، ھەممە ئادەملەر ئۆز ئىدىيە ـ خاھىشى بويىچە تەپەككۇر قىلسا بولغاندەك، بىز دېھقانلارمۇ ئۆز ئىدىيىمىزنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويساق بولمامدىكەن دەپ ئويلىغان چېغى، كەتمەن بىلەن تەڭلا قەلەم تۇتالايدىغان، يەر تېرىش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا تەپەككۇر يۈرگۈزەلەيدىغان ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈردى ھەم كەلتۈرۈۋاتىدۇ. بۇمۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئادىل قانۇن-سىياسەتلىرىنىڭ ئەۋزەللىكى. ھەرخىل كەسىپتىكىلەرنىڭ ئۆز ئىدىيىسىنى ئاشكارا ئېيتىپ، پىكىر بايان قىلالايدىغان باسما ـ سۆز ئەركىنلىكى، زاغرا تىلىمىز بىلەن دېسەك «باش كەسمەك بار، تىل كەسمەك يوق» دېگەن ھېكمەتنىڭ جانلىق ئىپادىسى بولسا كېرەك.

يېقىنقى مەزگىلدىن بېرى دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توپا-چاڭغا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقان دېھقان قېرىنداشلىرىمىزمۇ جەمئىيەت ھەققىدە، ئۆزى ھەققىدە پىكىرلىرىنى ئەركىن سۆزلەشكە، تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. «دېھقان بەرگەن زاغرىدا ئۆسكەن» خەلق شائىرى روزى سايىت ئاكا ئېيتىپ بولالمىغان دېھقان دەردىنى ئاشكارا - قانۇنلۇق يول بىلەن سۆزلەپ، ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان «تام»نىڭ ئۇيېقىغا ئۆتكىسى، مۇڭداشقۇسى، يىغانلىرىنى ئېيتىپ ئىچىنى بوشىتىۋالغۇسى كەلدى. «ئېھتىياتچان»ئىش تۇتۇپ ئۆگىنىپ قالغان نۇرغۇن باسما-سۆز ئورۇنلىرىغا ئۈمىد بىلەن قاراشتى. «بېشىدىكى قوماقنى چىڭ ئورۇۋېلىپ چىۋىندىن قورقماس غەيرەتلىكلەر»... «قولاق تىنچ، جاھانمۇ تىنچ» دەپ ئەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش كويىدا يۈرگەندە، «خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق»نى ئۆزىگە شوئار قىلغان «مەدەنىيەت دالاسىدىكى يېگانە چىنار» ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى قەد كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ «يېگانە چىنار» دادىل ۋە ئوچۇق پىكىرلىكلىكى بىلەن تەبىئەتنىڭ قايغۇسىنى ئىنسانلارغا، جەمئىيەتنىڭ قايغۇسىنى ئادەملەرگە، دېھقانلارنىڭ قايغۇسىنى ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈشتە ئۆزلۈكىدىنلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە نائىل بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ھەرساھەنىڭ ئورتاق روھىي ئوزۇقىغا ئايلاندى. ئەمدى بۇ ژۇرنالنىڭ باغرىغا ئەقلىدىن ئۇنچىلەر چاقنىغان دانىشمەن كاتتىلار بىلەن بىر قاتاردا «كەتمەن قەۋمى»مۇ ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇرالايدىغان بولدى. مەزكۇر ژۇرنال كەتمەن قەۋمىنىڭ ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان «مۇڭ» ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئويلىيالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان ئاجايىپ دانىشمەن قەۋم ئىكەنلىكىنى ھەممە ساھەگە تونۇتتى. «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ ئادەم بار» بولدى. شۆھرىتى ئالەمنى تۇتقان پەيلاسوپلاردەك چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزەلەيدىغان دانىشمەن دېھقانلىرىمىزنىڭ «ئەقىل مېۋىلىرى»، «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلىرى»... ئۆزگىچە تەم-ھىدى بىلەن ھەرقانداق ئوقۇرمەننىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى بىلەن سۆلەتلىك قول سومكىلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئايغىر ئاتتەك ماڭىدىغان، خەلقنىڭ دەردىنى ئۇنتۇغان بەزى نانقېپى، جانباقار «خەلق ۋەكىللىرى»مۇ ئېيتالمىغان، سۆزلىيەلمىگەن ھال-مۇڭلىرىنى مۇشۇ ژۇرنالنىڭ كۆزگە ئىسسىق بەتلىرىدە ئۆز قەلىمى بىلەن ئىپادىلەشكە يېتىشتى. ئەمدى دېھقانىنىڭمۇ كۆزگە

سۈرەر ژۇرنىلى بار بولدى . بولغاندىمۇ نوپۇزلۇق ، ئۈنىۋېرسال ،ھەرساھە ،ھەركەسپلەر بىلەن «زاغرىسىنى سۇغا چىلاپ قويۇپ»ئولتۇرۇپ ، جەمئىيەت ئىشلىرىغا نەزەر سالالايدىغان ، پاراڭلارغا تەڭ-باراۋەر ئىشتىراك ئېتەلەيدىغان ئېسىل ژۇرنىلى بار بولدى . خۇدا بۇيرۇسا ،دېھقانىنىڭ دۇئاسى بىلەن مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئىشلىرى ئۆزاققىچە يورۇشۇپ ، سوغۇق شامال تەگمىگەي ! . . .

دۆلەتتە قانۇن-تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىشىشى ، ئىقتىسادىي ،ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ مۇقىم-راۋان بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر نەرسە - پىكىر ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيە . «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىلغار پىكىرلىك گېزىت-ژۇرناللاردىن ئۆرنەك ئېلىپ ، دېھقانلارنىڭ ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ دەردۇ-ھالىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈشتە نوپۇزلۇق مۇنبەر بولۇپ ، ھەقنى سۆزلىدى .

يېزىلاردىكى بەزى يەرلىك كۆز بويامچى نائەھلىلەر ،بۇيرۇقنىڭ قۇللىرى - «دوپپىسىنى ئەكەل دېسە بېشىنى كېسىپ ئەكېلىدىغان»چاپارمەنلەر كۆكېيىت - شور تاپان گادايىنى بىر كېچىدىلا «تىقىلغان باي»قىلىپ كۆرسىتىپ ، يۇقىرىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنى ئالداپ كېتەلىگەن بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى ئالداپ كېتەلمەيدۇ . چۈنكى دۆلىتىمىز دېموكراتىيىلىشىشكە يۈزلەنگەن ،سۆز ئەركىنلىكى يولغا قويۇلغان ئەل . دېھقانلارنىڭ دەرد - ئەھۋالىغا ھەر تەرەپتىن كۆز سېلىپ تۇرىدۇ . ھۆكۈمەتتىكى مۇھىم ئەربابلارمۇ گېزىت-ژۇرنال ئوقۇيدۇ . گېزى كەلسە باشچىلىرىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ئارقىلىق دېھقانلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ . پېقىر قەلەم ئىگىسى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دېھقان ۋەكىلى . گەرچە بىز ۋەكىللەر ھۆكۈمەتكە نۇرغۇن ئەھۋاللىرىمىزنى ، دەردلىرىمىزنى ئېيتىۋالايلى دېسەكمۇ سۆزلىيەلمەي قالىمىز ياكى ۋاقىت يېتىشمەيدۇ . ئىككى-ئۈچ كۈن كاسىلىرىمىز قاپىرىپ كەتكۈچە تىڭشىغۇچتىن دوكلات تەرجىمىسىنى ئاڭلاش ،بەسلىشىپ قول كۆتۈرۈپ قارار ماقۇللاش . . قاتارلىق بىر-بىرىدىن «زۆرۈر»ئالدىراش ئىشلار بىلەن يىغىن ۋاقتى توشۇپ قالىدۇ . قىزغىن پىكىر قىلىشقا ۋاقىت ئىنتايىن قىسقا ،گاھى يوق دېيەرلىك . ئاندىن قىزغىنلىقىمۇ يوق . ئاندا-ساندا ۋاقىت چىقىرىپ قالسا يەرلىك ئەمەلدارلاردىن بولغان ۋەكىللەر سۆز قىلىپ قالىدۇ . ئۇلارنىڭ نېمىلەر ھەقىدە سۆزلىشى ھەممىگە مەلۇم . شۇڭا دېھقانىنىڭ ئۆزى سۆزلەيدىغان گەپلىرى «ئانىسىنىڭ قورسىقىدا» تۇرۇپ تۇرىدۇ . شۇڭا مەتبۇئات ئورۇنلىرى يۈرىكىمىزدىكى گەپلەرنى سۆزلەيدىغان ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي سورۇن - مۇنبەر ئىكەن . دېيەلمىگەن دەردلەرنى ،قىلالمىغان گەپلەرنى ژۇرنال ئارقىلىق قورۇنماي ، ئازادە ئېيتالايدىكەنمىز .گەرچە ئىشلار يېزىپلا قويغانغا تۈزىلىپ كەتمىسىمۇ ،«ئانىسىنىڭ قورسىقىدا»تۇنجۇقۇپ تۇرغاندىن كۆرە يورۇق ئالەمگە «تەۋەللۇت»بولسا ياخشىكەن . ھېچ بولمىسا خەلقپەرۋەر يۇرت كاتتىلىرىدىن بىرەرسى كۆرۈپ - ئوقۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس . بەزىلەر «ئەمەلدارلار كىتاب ئوقۇمايدۇ ،يىغىن - مەجلىس ،يېيىش - ئىچىش بىلەن بولۇپ كىتاب - ژۇرناللارنى ئوقۇشقا ۋاقتى يوق»دەيدىكەن . مەنچە ئۇنداقمۇ ئەمەس . شۇلارنىڭ بەزىلىرى كىتاب ئوقۇيدۇ ، شۇئارقىلىق خەلقنى چۈشەنگۈسى كېلىدۇ . (باش مۇھەررىردىن تولۇقلىما : ) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2001-يىل 16-نويابىردا قەشقەردە ئاچقان شىنجاڭ بويىچە يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون رەئىسى (ھازىر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى )ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاكا يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2001-يىل 5-سانىغا بېسىلغان شۆھرەتلىك خەلق شائىرى ،جامائەت ئەربابى ،مەرھۇم روزى سايىتقا ئاتاپ يازغان چوڭ ھەجىملىك خاتىرە ئەسىرى «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە»گە يۈكسەك باھا بەرگەنلىكى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەت چاۋار ئارقىلىق ئالاھىدە سالام يوللىغانلىقى (قاراڭ : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى2002-يىل1-سان ) ؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئاكىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 1-سانىغا بېسىلغان «خەلق شائىرى روزى سايىتنى ئەسلەيمەن»ناملىق ماقالىسى بۇ پىكرىمىزگە بىر ياخشى دەلىل ،ئەلۋەتتە .بىزنىڭ كاتتىلار روزى سايىتنى بىلىدىكەن ، دېمەك ئۇلار دېھقانىنىڭ ھال-ئەھۋالىنى قىسمەن بولسىمۇ چۈشىنىپ يەتتى .بەلكى بۇ ژۇرنالنى تېخىمۇ كۆپ باشلىقلار ،يۇرت كاتتىلىرى ئوقۇۋاتقاندۇ ، دېھقانىنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى ھېس قىلىشىۋاتقاندۇ . ئوقۇسۇن ! . . .

نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتكۈم كېلىدۇ . يالغانچىلىق - قىزىلكۆزلۈك ، لىكىتاسما - بيۇروكراتلىق ، ساپ-ساپچىلىق ئەۋج ئېلىپ ، بەزى ئەمەلدارلار كۆز بويامچى ،بۇيرۇقۋاز بولۇپ ئۆز نەپسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، يېزىمىزدا قارشى چىقساق «خاتالىشىپ»كېتىدىغان بەزى نامۇۋاپىق چارە-نىزاملار ، ناھەقچىلىكلەر ھەقىقەتەن كۆپ . ئوقۇرمەنلەر ئاڭلىسا ھەيرانلىقتىن ياقىسىنى چىشلەيدۇ .

بۇ يىل (2003-يىل )ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا بىز ۋەكىللەر ناھىيىمىزنى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرغان ئۆلگىلىك ناھىيە قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ دەلىللەش ئارقىلىق ، «باي ئائىلىلەر چوڭ چارۋا بېقىش ، ئوتتۇرا ھال ئائىلىلەر ئۇششاق چارۋا بېقىش ، نامرات

ئائىلىلەر بولسا ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇپ كىچىككىنە چوڭغا تەرەققىي قىلىش دۆلىتىما تەرەققىيات لايىھىسى»نى ماقۇللىدۇق . 1-ئايدا ناھىيىدىكى قۇرۇلتايدا ماقۇللىغان بۇ قارار 8-ئايدا يېزىمىزغا بورانغا ئايلىنىپ كەلدى . ئۆزىمىزنىڭ «ئىمىنى ماقۇللىغىنىمىزنى» بىلەلمەي ھاڭ-تاڭ بوپقالدۇق ھەم بىزنى ۋەكىللىككە كۆرسەتكەن ئاۋام ئالدىدا خىجالەت بولدۇق . يېزىمىزنى چارۋىچىلىقتا تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ناھىيىنىڭ «لايىھە»سىگە ماسلىشىپ ، دېھقانلارنى «تەكشى بېيىغان»ھالللىقلاردىن قىلغۇسى كەلگەن «نوچى»لار يەڭلىرىنى شىمايلاپ مەيدانغا چۈشكىنىچە ، ئەمدىلا لېۋەن قىزنىڭ چىشىدەك سۈزۈك ، پارقىراق دان تۇتقان خام قوناقلارنى دېنى قاتماستىنلا مەجبۇرىي ئورغۇزۇپ ، توغراپ سىلوسقا باسقۇزدى . خەشەك ئۈچۈن پىشمىغان كۆك قوناقنى سىلوسقا كۆمگەن بىلەن ،ھەددىدىن زىيادە تۇزلىنىپ ئېچىتىلغان بۇ سۇنئىي خەشەكلەر چارۋىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىدۇ . ئاشقازىنى سۇغا لىق تولغان چارۋا بوغۇزغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولىدۇ .چۈنكى بىزنىڭ ئېغىز تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن «يەم - خەشەك »دېگەن سۆزىمىز خەشەك بىلەن يەم ئىككىسىنىڭ بىرى كەم بولماس دېگەن مەنىدە .بوغۇز (يەم )يېمىگەن مال ھەرقانچە تۇز ئورنىغا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغان سىلوس ئېچىتمىسى يېگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا يېگىنى «خەشەك» . كۆك قوناقنى 8-ئايدىلا مەجبۇرىي ئورغۇزۇپ ، سىلوسقا كۆمگەندىن كېيىن نەدىكى بوغۇز دەيسىز ؟ ئاندىن ئالتە پۇللۇق مال باقسا ، يەتتە پۇلغا يەم ئالسا ، مۇنداق مەجبۇرىي «بايلىققا يېتەكلەش »دېھقاننى ئالدىغا ئەمەس ، كەينىگە باستۇرىدۇ-دە .

ئۆكۈنۈشلۈك يېرى ، بىز يىغىندا ماقۇللىغان ھېلىقى «دۆلىتىما تەرەققىيات»لايىھىسى نەلەردىدۇر قېلىپ ، ھەممىلا ئائىلىگە بىر تۇتاش ئۆلچەملىك سىلوس ئورىسى ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلدى . يېزا ئەمەلدارلىرى بىلەن يۇقىرى دەرىجىدە «بىردەكلىكنى ساقلايدىغان»ساداقەتمەن چارۋا پونكىت باشلىقلىرى شۇنداق بۇيرۇق قىلدىكى ، 20مويەر ، تۆت كالا ۋە نەچچە ئون قويى بار دېھقانمۇ 20تونىنلىق ،بەش مو يەر بىلەن بىرەر-ئىككى چىچقاق ئوغلىقى بار يالاڭتۆشمۇ ئوخشاشلا 20تونىنلىق ئۆلچەملىك سىلوس ئورىسى تەييارلاشقا مەجبۇرلاندى . «يوغان ئورىنى قايسى شاخ بىلەن توشقۇزۇپ ، قايسى چارۋىغا بېرىمەن ؟ »دېگۈچىگە ، «ناھىيىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم پىلانىغا قارشى چىققان جىنايىتى»ئۈچۈن قالپاق تەييار . ئەمەلىي ئەھۋالغا تەدبىقلاپ كۆرمەي ، ماشىنا ئادەمدەك بۇيرۇق چۈشۈرۈدىغان «ئارقا تىرىكى كۈچلۈك نوچى»لار بىلەن قارشىلاشساڭ ، «سىياسەت بىلەن ئويناشقان بولىسەن» .شۇنىڭ بىلەن تەكشى قول كۆتۈرۈپ ماقۇللىغان قارارلار نەدىدۇر قېلىپ ، ئورنىغا «كىمىكى شاخلىرىنى سىلوسقا توغرىماي ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىرەر باغلام شاخ ساقلايدىكەن ،شېخى مۇسادىرە قىلىنىپ ، يېزا ئىگىدارلىقىدىكى كالا فېرمىسىغا ئەپكېتىلىدۇ ! » دېگەن يەرلىك نىزاملارىيېڭىدىن يولغا قويۇلدى . يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق رومانىدا ،ئىشىك ئالدىغا بېدە-سامان باسقان دېھقاننى كۆرسە ،گومىنداڭنىڭ كۆك چاپان ئەسكەرلىرى مۇسادىرە قىلىپ ئەپكەتكەنلىكىنى ئوقۇغاندىم . بىزنىڭ بىر قىسىم يەرلىك ئەمەلدارلىرىمىز كومپارتىيىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈپ ، بەزىبىر نامۇۋاپىق يەرلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈۋېلىشقىنىغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟ ! شۇنىڭغا قاراپ ، «خان - تەڭرى ئەمەس ، ۋەزىرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىبىلمەس ، ۋەزىرلەر ياساۋۇللارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەس» ( «ئايىتماتوفنىڭ ئېيتقانلىرى» ، «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى»2003-يىل 4-سان . - ئاپتور )دېگەن سۆزنىڭ چىنلىقىغا ئىشىنىپ قالىمەن . قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قارار ماقۇللايدىغان چاغدىلا باشلىقلارنىڭ يادىغا كەپقالىدىغان ۋەكىللەرنىڭ بىرەر-يېرىمى يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا تۈزەتمە پىكىر بېرىپ قالسا ، «خەلق ۋەكىلى خەلققە باشلامچى بولماي ئەكسىچە تەتۈر ئېقىم پەيدا قىلدىڭ ، ئىدىيەڭ ئازاد بولماپتۇ» دەپ چوڭ يەردىن پۇتاق چىقىرىدۇ تېخى ! بۇيىل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە قارارى بىلەن باللىرىمىزغا دەرسلىكلەر ھەقسىز تارقىتىلدى . دېھقانلار بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇشھال بولۇپ ، يۈكىمىز يېنىكلەپتۇ دېيىشىۋېدى ،ئورنىغا بىر يۈرۈش «ياندالشما مەشقلەر» زورلاپ سېتىلدى . «ياندالشما مەشقلەر»نىڭ تۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ ، ھەرنېمە بولسا دەرسلىك كىتابلارنى ھەقسىز تارقىتىش يولغا قويۇلۇپتۇ . بولمىسا يەنە قانچىلىغان بىچارە بالا بويۇن قىسىپ ، بىچارە مۇئەللىملەر كالېندارغا تولا قاراپ كۆزى تېشىلەر ئىدى ! ماتېرىيال كۆپ خىل بولسىغۇ بىلىم ئېلىش كۆپ قىرلىق بولىدۇ .بىراق يوغان سومكىغا لىق تولغان كىتابلارنى ئوقۇيدىغانغا ۋاقىت بولمىسا بىكار-دە . ئەھۋال ئىگىلىشىمچە ،دەرسلىكلەر ھەقسىز تارقىتىلغىنى ئۈچۈن مەكتەپلەرنىڭ ئىسسىنىش - پارتا ئورۇندۇق رېمونتى ،قوشۇمچە ئەسلىھەلەرگە بېرىلىدىغان خىراجەت توختىتىلىپتۇ . ئوقۇغۇچىلار كۆز بويى مەدىكار ئىشلەپ ،مەكتەپ ئۈچۈن پۇل تاپمىسا ، قىشچە توڭلايدىغان گەپ .مەكتەپلەر مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن نائىلاج دەرس توختىتىپ ، كەنتمۇ كەنت ئوقۇشۇپ يۈرۈپ ئىش ئىزدەپ ،سالا-سالا كېۋەزلىكلەرنى كۆتۈرە ئېلىپ ، ئوقۇغۇچىلارغا كېۋەز تەرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى . نەتىجىدە ئوقۇتقۇچىلار-مۇ دەرس سېتكىسىدىكى مەۋسۇملۇك دەرسلەرنىڭ تولۇق ئۆتۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ، ئوقۇغۇچىلارنى مەدىكارلىققا سالغان ۋاقىتنى تولۇقلاش ئۈچۈن دەرسلەرنىڭ ئۈزۈلۈشىش - ئۈزۈلەشمەسلىكى بىلەن كارى بولماي ، دەرسلەرنى تېز

سۈرئەتتە ئۆرۈپ-سوقۇپ، بولۇشىغا - ۋەزىپە ئۈچۈن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. ئىلگىرى 45 مىنۇتلۇق دەرس سائىتىدە بىرەر مەزمۇن سۆزلەنگەن بولسا، ئەمدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تىكى ئالدىراشچىلىقتا ئىككى-ئۈچ دەرس تومتاق سۆزلىنىدىغان بولدى. ئوقۇ-ئوقۇتۇشتىكى قىزغىنلىق، قاينام-تاشقىنلىق يوقاپ، بالىلاردا جىددىي ھالەت-گاراڭلىق پەيدا بولدى. بۇرۇن دەرسلىك كىتابلارنى پۇلغا ئالالماي قىينالغان بالىلار ئەمدى «ھەقسىز دەرسلىكلەر»نى ھەزىم قىلىپ ئوقۇيالماي، ئىشلار يەنىلا «ئاتام ئېيتقان بايىقى» بولدى.

مانا مۇشۇنداق «پۇللۇقنى ئالالماي، ھەقسىزنى ئوقۇيالماي»ۋاتقان زەردىگۈش - ئەلەملىك يېزا تۇرمۇشى قاينىمىدا تىپىرلاۋاتقان بىر سەبىي قىزنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانىغا بېسىلغان «دادام تاپقان ئون يۈەن»ناملىق ماقالىسى ئۆز نۆۋىتىدە ئوبدان بىر ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈردى. ژۇرنال سەبىيلەرگىمۇ يۈكسەك ئېتىبار - نەزەر بىلەن قاراپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ژۇرنالنىڭ چېتىلىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ تېخىمۇ جەمئىيەتلەشتى. مەن ماقالىدىكى بۇيرۇقۋاز يېزا ئەمەلدارلىرى، خۇشامەتچى كەنت - مەھەللە ئەمەلدارلىرى قىلالمايدىغان (قىلىش تۈگۈل قىلىشنى ئويلاش چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان)نۇرغۇن خەيرلىك ئىشلارنى ژۇرنالنىڭ تۈرتكىسى بىلەن نۇرغۇن ئاقكۆڭۈل، قەلبى ئىللىق كىشىلىرىمىزنىڭ قىلالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. پەيغەمبىرىمىز «ئوڭ قولۇڭ قىلغان ياخشىلىقنى سول قولۇڭ بىلمىسۇن» دېگەنىكەن. ژۇرنالنىڭ ئەلگە قىلغان جان پىدالىقى ۋە مۇشۇ «خەلقچىللىق»ىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «دادام تاپقان ئون يۈەن»ناملىق ماقالىنى ئوقۇپ، ئاپتورغا خەت يازغان ئىككى ئوقۇرمەننىڭ خېتىنى بۇيەردە ئالاھىدە تەشەككۈر نەزىرىمىزدىن ئۆتكۈزۈشكە ئەرزىيدۇ. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز سەھۋەنلىكىمىزدىن ئۆتۈپ، مۇھەررىرلىرىمىز ۋە خەت ئىگىلىرى ئۆز بېشىمچىلىقىمنى كەچۈرگەي! ئوقۇرمەنلەرگە مالاللىق يەتمىسە، ھېلىقى ئىككى ئوقۇرمەننىڭ ئاپتورغا يازغان خەتلىرىنى ئۆز پېتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا سۇنغۇم كەلدى (پېقىرنى خەتلەرنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق قىلغان سەبىي ئاپتورغا رەھمەت ئېيتىمەن. - ئاپتور).

## 1-خەت

«ياخشىمۇ سىز سىڭلىم قەلبىنۇر:

مەنمۇ سىزدەك 〈شىنجاڭ مەدەنىيىتى〉 ژۇرنىلىنىڭ ئامراق ئوقۇرمەنى. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2003-يىل 5-سانىغا بېسىلغان ماقالىڭىزنى ئوقۇۋېتىپ، كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ياشقا تولدى. كىملەرنىڭدۇر باغرى يۇمشاق، ياۋاش - بىچارىلىقىغا دىلىم ئېرىپ، كىملەرنىڭدۇر رەزىل-چاكىنىلىقىغا نەپرىتىم قوزغالدى. ھەممەيلەننى بېقىۋاتقان ئاشۇ جاپاكەش، بىمىننەت دېھقان ئاتىلىرىمىزنى خورلاۋاتقان، سېغىۋاتقان رەزگى مۇناپىقلارغا بەكمۇ ئۆچلۈكۈم كەلدى. سىزنى خورلىغان ئاشۇ يۈزسىز مۇناپىقلارنىڭ سىزگە ئوخشاش بىغۇبار قىزلىرى، سىڭىللىرى باردۇر-ھە! سىز بۇلارنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، بولامدۇ؟! بىزنىڭ يۈرەك رىشتىمىزنى باغلىغان ژۇرنالغا رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ. سىزنىڭ ۋە دادىڭىزنىڭ مۇشۇ ژۇرنالغا بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتىغا قايىل بولدۇم. ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشىڭىز ئۈچۈن پوچتىدىن 100يۈەن سالدىم، قوبۇل قىلغايسىز. ئۈچ يىللىق يېزىلىۋېلىڭ. بۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ دېيەلەيمەن!

سىزنىڭ ئوقۇشىڭىزغا ياخشى نەتىجىلەرنى تىلەپ:

ئۈرۈمچىدىكى ھەدىڭىز مەريەم ساقىم».

(باش مۇھەررىردىن تولۇقلىما: خەت ئىگىسى مەريەم ساقىم شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى)

## 2-خەت

«ياخشىمۇ سىز سىڭلىم قەلبىنۇر مىجىت:

بۈگۈن〈 شىنجاڭ مەدەنىيىتى〉ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانىنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ〈 دادام تاپقان ئون يۈەن〉ناملىق ماقالىڭىزنى ئوقۇدۇم. كۆڭلۈم بىرقىسىملا بوپقالدى. سىزنىڭ يۈرەك سۆزلىرىڭىزنى ئوقۇپ بەكلا ئازابلىنىۋاتىمەن. گەرچە تۇرمۇشىمىزنى بەك باياشات دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ بەختەجلىكىمدىن تولىمۇ ئۇيالدىم. مەن بۇ ژۇرنالغا يېزىلغان بولسامۇ، خىزمەتتىن سىرت ۋاقتىم چىقسا ئوقۇيمەن. بەلكى كۆپ مەزمۇنلارنى ئوقۇمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. مەن بۇنى سىزنىڭ ماقالىڭىز ئارقىلىق ھېس قىلدىم. مېنى بىر ئويغىتىپ قويدىڭىز. مەن چۆچەكتە تېلېگراف خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەيمەن. كىچىكىمدىن مەكتەپتە خەنزۇچە ئوقۇغانلىقىم ۋە خىزمەتتىكى شارائىتقا مۇناسىۋەتلىك خەنزۇ تىل-يېزىقىنىلا ئىستېمال قىلغانلىقىم سەۋەبلىك ھېسسىياتىمنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتىمەن. شۇڭا ئۆزۈم ئۆگىنىۋالغان بويىچە يېزىۋاتىمەن. خېتىم سەتمىكەن! (بۇيەردە خەت ئىگىسى كەمتەرلىك قىلغانىكەن. خەت شەكلىدىن، گرامماتىكىلىق تەرتىپتىن قارىغاندا، باشقا تىلدا ئوقۇپ، ئىشلىگىنىگە قارىماي ئۆز ئانا تىلىغا مەسئۇلىيەتچان كىشى ئىكەنلىكى، مەن كۆرگەن〈 مىنكاۋخەن (خەنزۇچە ئوقۇغان ئۇيغۇر) بىز، ئۇرغۇيچىنى ئوقۇمىغان〉 دەيدىغانلارنىڭ ئەكسىچە ئۆز تىلى ۋە ئۆزگە تىلغا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىدىغان ۋىجدان ساھىبى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. - ئاپتور) ئەمدى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆز ئانا تىلىمنى

ئۆگىنىمەن. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە سىزگە رەھمەت! گەرچە سىز بىلەن ئارىلىقىمىز يىراق بولسىمۇ قەلبداشمىز. سىز چوقۇم تىرىشچان، غۇرۇرلۇق قىز. باشقىلارنىڭ سىزنى ھاقارەت قىلىدىغان ھەققى يوق. دېھقاننى ھاقارەت قىلغۇچى تۇزكور بولىدۇ. مەن «ئۇ» كىشىدىن بەكمۇ نەپرەتلەندىم. «ئۇ» كىشى باشقىلارنى ھۆرمەتلىمەي مەڭگۇ ھۆرمەت تاپالمايدۇ. سىز ھەرگىز كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. تىرىشىپ ئوقۇڭ، بىلىملا بىزنى بوزەك بولماس، ياتلارنىڭ كۆزىچە خارلانماس قورالغا ئىگە قىلىدۇ.

ژۇرنالغا يېزىلىش ئۈچۈن پوچتىدىن 50 يۈەن سالدىم. مەن تاكى سىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مۇستەقىل ياشاش يولىغا قەدەم قويغانغا قەدەر ھەر يىللىق ژۇرنالغا يېزىلىش خىراجىتىڭىزنى ئەۋەتىمەن. گەرچە بۇ بەكلا ئاز پۇل بولسىمۇ، ھەدىڭىزنىڭ سىزگە بولغان ئازراق كۆڭلى، رەت قىلمىغايسىز، بولامدۇ. ئىككىمىز تېخى سىرداش ھەدە-سىڭىللاردىن بوپقالارمىز.

سىزگە ئامانلىق تىلەپ چۆچەكتىكى ھەدىڭىز: رىزۋانگۈل ھەمدۇل».

## باش مۇھەررىردىن تولۇقلىما:

مەزكۇر ماقالە تەھرىرلىنىۋاتقاندا ئىنىمىز ئابدۇراخمان ئەزىز تەھرىراتىمىزغا تولۇقلىماخەت يېزىپ، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى، تونۇلغان ئوبزورچىمىز يالقۇن روزى قەلبىنۇر مىجىتنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن 200 يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ كىتاب-ماتېرىيال ئېلىشى ئۈچۈن، كۇچا ناھىيە پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسىدىكى قۇربان ئايۇپ قەلبىنۇرنىڭ ئوقۇشقا ئىشلىتىشى ئۈچۈن 50 يۈەن ئېۋەتكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. قەلبىنۇر مىجىتنىڭ مەزكۇر ماقالىسى ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان تەھرىراتىمىز دىيارىمىزنىڭ شىمالى، شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كۆپلىگەن ساخاۋەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ ئۇ قىزغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئادرېسىنى سوراپ بەرگەن تېلېفوننى ئالدى ۋە ئېلىنىۋاتىدۇ. خەۋەر تېپىشىمىزچە قەلبىنۇرمۇ 15 پارچىدىن كۆپرەك خەت تاپشۇرۇۋالغان. 2003-يىل 20-نويابىردا تەھرىراتىمىز بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى گۈلئارا سىراجىددىننىڭ 30 يۈەن پۇل ۋە بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم:

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى تاغا-ھەدىلەر ئامان-ئېسەنمۇ سىلەر. مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنى. مەن بۇ ژۇرنال بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە تونۇشقانىدىم. ژۇرنالنى چىن دىلىمدىن سۆيۈپ ئوقۇيمەن. شۇ ۋەجىدىن ئادىتىم بويىچە مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2003-يىل 5-سانىنى كۆرۈپ چىقتىم.

بۇ ساندىكى ئەسەرلەر ئىچىدە دىققىتىمنى ئەڭ تارتقىنى سىڭلىم قەلبىنۇرنىڭ ماقالىسى بولدى. ماقالىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنىڭغا ھېسداشلىقىم قوزغالدى.

مۇشۇنداق بەختىيار مۇھىتتا ئۆسۈپ چوڭ بولۇۋاتقان بىزدەك ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر سان ژۇرنال سېتىۋېلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى بىلگىنىمدە ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ كەتتىم. قېرىنداشلىق دەۋىتى بىلەن ئايلىق تۇرمۇش پۇلۇمدىن 30 يۈەن ئاجرىتىپ قەلبىنۇرغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدىم. گەرچە بۇ پۇل بەكلا ئاز بولسىمۇ لېكىن سىڭلىم قەلبىنۇرنى 2004-يىللىق «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرى بىلەن سىردىشىش پۇرسىتى بىلەن نائىل قىلغۇسى دېگەن ئۈمىدتىمەن.

ئەسلىدە قەلبىنۇرنىڭ ئۆزىگە بىۋاسىتە خەت يازاي دېگەنىدىم. ئەمما ئۇنىڭ ئادرېسى تولۇق بولمىغانلىقتىن، ئامالسىز سىلەرگە مۇراجىئەت قىلماقچىمەن. ژۇرنىلىڭلارنىڭ 2004-يىللىق ھەربىر يېڭى سانىنى قەلبىنۇرغا يەتكۈزۈپ بېرىشىڭلارغا ئىشىنىمەن.

كۆپ تەشەككۈر.

ئېھتىرام ۋە ئىشەنچ بىلەن: گۈلئارا سىراجىددىن».

ژۇرنىلىمىز بېسىشقا يوللىنىش ھارپىسى (2003-يىل 17-نويابىر)دا تەھرىراتىمىز غۇلجا ناھىيە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن ئەلىزاتنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلدى. ئەلىزاتنىڭ بىزدىن قەلبىنۇرنىڭ ئادرېسىنى سوراپ بەرگەن تېلېفونىدا دېيىشىچە، ئۇ قەلبىنۇرغا ژۇرنىلىمىزنىڭ ئون يىللىق مۇشتەرى ھەققىنى ئەۋەتمەكچى بولغان!

دۇرۇس! كۆڭلى قارا، ئەسلىنى ئۇنتۇغان ئاشۇ بىر قىسىم «ھوقۇقنىڭ قۇللىرى» ئۆزلىرىنى ھەرقانچە چوڭ تۇتۇپ سالاپەتلىك بولۇۋالسىمۇ ھېچكىم ئۇلارنى ھۆرمەتلىمەيدۇ. ئەگەر ھۆرمەتلىدى دېسەك، ئۇلارنىڭ ئاشۇ پاسكىنا، لەنەتكە تولغان ھوقۇقىدىن قورقۇپ يالغان ھۆرمەتلەيدۇ. شۇڭا مەنسەپدارلار كۆپىنچە مەنسەپتىن ئايرىلسىلا، ئەلنىڭ نەزىرىدىن قالىدۇ. بۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنسەپدار مەنسىپىدىن ئايرىلسا يۈزسىزلىك قىلغىنى ئەمەس، بەلكى مەنسەپدارنىڭ ھوقۇق تۇتقان ۋاقتىتىكى يۈزسىزلىكىگە بەرگەن جاۋابىدۇر. خەلق بەرگەن ھوقۇقنى قايتا خەلققە قامچا قىلىپ ئىشلەتكەن كىشى مەنسەپتىن ئايرىلغاندا ئىنتايىن سەتلىشىپ كېتىدۇ. قوتۇر باسقان ئېشەكتەك بوپقالغان ئاشۇ ئادەملەرگە ئاخىرىدا يەنىلا ئاددىي خەلق لازىم بوپقالىدۇ. تىلىنى تەتۈر چايناپ ئېڭىكى قوشۇلغان كۈنى يۇيۇپ-تاراپ، نامىزىنى ئۇلىشىپ چۈشۈرۈپ، جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ، دۇئا-تەكبىرلەر بىلەن يەرلىكىدە

قويۇدىغىنى يەنە ئاشۇ كۆڭلىدە كىر ساقلىماس، ئاقكۆڭۈل ئەل-جامائەت بولىدۇ. بىراق بۇ يۇزىسىز، پاسىق ئائىلىلەر بۇلارنى ئالدىن ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ياخشى نىيەتلىك، دىلى ساپ، ئاقكۆڭۈل ئادەملىرىمىز قانداق جايدا، قانداق ھالەتتە بولسۇن، ئۆزىنى سالاپەتلىك تۇتىمىسىمۇ، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. «كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر» دەيدۇ خەلقىمىز. مەيلى قىلغان ئىشلىرى بىھېساب كاتتا-چوڭ ئىش بولسۇن، مەيلى «ئازغىنە كۆڭۈل» بولسۇن قاشتېشىدەك سۈزۈك قەلب، ئالتۇندەك قىممەتلىك كۆڭۈل ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇنداق كۆڭۈلنى ھېلىقىدەك «ھوقۇقنىڭ قولى» بولمىش بىچارىلەرنىڭ قارا كۆڭلى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟!...

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسىدا، دېھقان

# سەبىي يۈرەككە ئوتلۇق تىلەك

## ئانىقىز ئەزىز ئىلتەرىش

مۇشتەرى بولغان گېزىت-ژۇرناللار ھەرۋاقىت خېلى ۋاقىتدا قولىمىزغا تېگەتتى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانى (2003-يىل 5-سان) چىققانلىقىنى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدىم. نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ، بۇ قېتىم كېچىكىپرەك قولىمىزغا تەگدى (14-ئۆكتەبىردە). گېزىت-ژۇرنال كېلىدىغان كۈنلىرى (ھەرھەپتىنىڭ سەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى) پوچتىكەش گېزىت-ژۇرناللارنى رەتلەپ تارقاتقىچە ئالدىراپ كېتىپ، پوچتا پونكىتىغا چىقىپ، كەلگەن گېزىت-ژۇرناللارنى ئۆزۈم ئېلىپ ئاچىقىپ كېتىدىغان ئادىتىم بولغاچقا، بۇ قېتىممۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىنى قولتۇقىمغا قىستۇرغىنىمچە ئۆزۈم مۇشتەرى بولغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى كەلگەن سانىنى قولۇمغا ئېلىپ، مۇندەرىجىسىگە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم. بۇرۇن بۇ ژۇرنالدا «سەبىيلەر نېمە دەيدۇ؟» دېگەن سەھىپىنى ئۇچراتمىغانىدىم. بۇ سەھىپىنى كۆرۈپ، ئۆزۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرىگە بەك ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولغاچقا، ئالدى بىلەن بۇ سەھىپىدىكى قەلبىنۇر مىجىتنىڭ «دادام تاپقان ئون يۈەن» دېگەن ماقالىسىنى پوچتا پونكىتىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، مەكتەپكە ماڭغاچ ئوقۇشقا باشلىدىم. ماقالىنى ئوقۇپ بولۇپ يۈرىكىمنى بىر نەرسە تىلغاندەك بولۇپ، ماڭغان ئىزىمدا توختاپ كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كەلدى. ئىچ مىجەزلىكمىدىنمىكىنتاڭ، بەزىلەرگە ئوخشاش تېلېۋىزورلاردىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر، كىتابلاردىكى ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرگە نىسبەتەن ئۇڭايلىقچە ياش تۆكۈپ كەتمەيتتىم. شۇڭا دوستلىرىم چاقچاق قىلىپ: «ھېسسىياتسىز - تاش يۈرەك» دەپ قوياتتى. لېكىن بۈگۈن كۆڭلۈم راستىنلا بۇزۇلۇپ، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى. ئۆزۈمنىڭ ژۇرنالنى تۇتقىنىمچە ئورنۇمدا توختاپ قالغانلىقىمنى سەزمەپتىمەن. «خانىم، نېمە بولدىڭىز، يىغلاپسىزغۇ، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟» بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ قارىسام، ئالدىمدا تونۇش بىرەيلەن ھەيرانلىق ئىچىدە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن شۇھامان ئۆزۈمنى ئوڭشاپ: «ھېچنېمە بولمىدۇم» دېگىنىمچە ئىتتىك-ئىتتىك ئۇ كىشىدىن يىراقلاشتىم. مەكتەپكە كىرىپ گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇتقۇچىلارغا تارقىتىپ تۇرۇشۇمغا 2-سائەتلىك دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشساممۇ، بۇ بىر سائەتلىك دەرسنى ئانچە ياخشى ئۆتەلمىدىم. قەلبىنۇرنىڭ ئېچىنىشلىق نىداسى مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق قەلبىنۇرغا ئىككى ئېغىز بولسىمۇ، كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى ئىزھار قىلىشنى لايىق تاپتىم:

«سىڭلىم قەلبىنۇر، يازمىڭىزنىڭ ئاخىرىدىكى ئادرېسىڭىزغا قارىغاندا، سىزمۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمغا ئوخشاش نامرات بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوخشايسىز. مەن سىزنىڭ يازمىڭىزنى ئوقۇپ، سىزنىڭ شۇنچىلىك ناچار شارائىتتا تۇرۇپ كىتاب-ژۇرنال ئوقۇش قىزغىنلىقىڭىزنىڭ ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەنلىكىگە تولىمۇ قايىل بولدۇم. ئىچىمدە سىزگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. بولۇپمۇ سىزنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا يۇلتۇزدەك چاقناپ، خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى نۇرلاندۇرۇپ، مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇۋاتقان‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلىنى سۆيۈپ ئوقۇشىڭىز مېنى سەگەكلەشتۈردى. چۈنكى مېنىڭ بەزى ئوقۇغۇچىلىرىم بۇ ژۇرنالنىڭ گېپىنى قىلغاندا:‹بۇ ژۇرنال سىلەرگە ئانچە ماس كەلمەيدۇ. سىلەر ئوقۇپ چۈشىنىپ كېتەلمەيسىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ ياش قورامىغا ماس ژۇرنالنى تاللاپ ئوقۇڭلار› دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويۇپتىكەنمەن. سىزنىڭ يازمىڭىزنى ئوقۇمىغان بولسام، بۇ قارىشىمنى ئۆزگەرتمەسكەنمەن. سىزدەك بىر تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئوقۇپ چۈشىنەلىگەندىكىن، مېنىڭمۇ ئوقۇغۇچىلىرىم چۈشىنەلەر بولغىيتتى! ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغىنى سىز بىر ئوقۇغۇچى تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىڭىزدە قىيىنچىلىق ئېغىر تۇرۇپ، بۇ سۆيۈملۈك ژۇرنالنى خاتىرجەم، خالىغانچە ئوقۇش ئۈچۈن ژۇرنالغا مۇشتەرى بولماقچى بولغانلىقىڭىز ھەم پۇل يىغىشقا نىيەت قىلغانلىقىڭىز بولسا، ئادەمنى

ئېچىندۇرىدىغىنى، مەكتەستە يىغقان ئون يۈەن پۇلىمىز دېھقانلارغا چېچىلغان نامۇۋاپىق ئالۋان-سېلىقلارنى يىغقۇچى ئاچكۆزلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ ئارماندا قاپىمىز. سىزنىڭ بىلىمخۇمارلىقىڭىز مېنى ئوقۇغۇچىلىرىم ۋە ئەتراپىمىكى تونۇش-بىلىشلەر ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. يۇرتىمىز نامرات بولغاچقا، مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلىنى خۇددى سىزدەك تۆلىيەلمەيدۇ. بىر-ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا سىنىپ مەسئۇلى بولغانلار ھەرمەۋسۇمدا ئوقۇغۇچىلاردىن كەم قالغان كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلىنى يىغالماي، مائاشىمىزدىن تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ، 500 - 1000 يۈەنگىچە قەرزگە بوغۇلاتتۇق. ئوقۇغۇچىلىرىمىز قىيىنچىلىق ئىچىدە چوڭ بولغاچقىمىكىن، ھەقىقەتەن تىرىشچان، ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. دەرستىن سىرتقى ماتېرىياللارنى ئوقۇشقا قىزىقىدۇ. شېئىر، ماقالە يېزىپ ئالدىمىزغا ئەكىلىدىغان باللارمۇ ئانچە-مۇنچە ئۇچراپ تۇرىدۇ. قىزغىنلىق جەھەتتە سىزگە يېتىدىغانلىرىمۇ بار. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ھەر يىلى «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى، «تۇرپان»، «قومۇل ئەدەبىياتى»، «يېڭى قاشتاش» دېگەندەك گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى قىلىپ تۇرىمەن. ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشىلىرى يېزىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما ئوقۇتقۇچىلارنى گېزىت-ژۇرنالغا مۇشتەرى قىلىدىغان چاغدا: «بىزنى مۇشتەرى قىلسىڭىز، پوچتىخانا سىزگە قانچىلىك پايدا بېرىدۇ»، «مېنى يازمىسىڭىز بولماسمۇ» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ، كاللام ئوچاق بوپكېتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى ھېچ بولمىغاندا بىر نۇسخىدىن گېزىت، بىر نۇسخىدىن ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇپ ئوقۇسا سەۋىيىسى ئۆسۈپ قالار، جەمئىيەتنى، دۇنيانى چۈشىنىشكە ياردىمى بولار دېگەن نىيەتتە پوچتىخانىدىكىلەرگە ۋەكالەتەن ھەقسىز مۇشتەرى خىزمىتىنى ئىشلىسەم، ھېلىقىدەك تەنە گەپلەرنى ئاڭلايمەن. خۇددى پوچتىكەشتەك گېزىت-ژۇرناللارنى ئۆزۈم ئەكىرىپ، ھەربىرىلەنىڭ قولىغا بىرمۇ بىر تارقىتىشىم نەتىجىسىدە دوراپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلار گېزىت-ژۇرنالنى قىزىقىپ كۆرىدىغان بولدى. بەزىلىرى پوچتا كەلمەيدىغان كۈنىدىمۇ يادىدا يوق «گېزىت-ژۇرنالنى ئەكىرمەمسىز» دەپكېتىدۇ. بۇ بىر ياخشى يۈزلىنىش. ئەمما ئەتراپىمىكى بەزىلەرگە قاراپ باقسام، سۆلىتىنى ئات تارتالمايدۇ، ئەمما روھىي دۇنياسى قۇپقۇرۇق. كىتاب-ژۇرنال ئوقۇش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ قويمايدۇ. بۇ بىر ئەخمەقلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى دەپ ئويلايدۇ. سىز تېخى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ، تۈرلۈك ژۇرناللارنىڭ نامىنى بىلىپ، قايسىسىدا ياخشى ئەسەر چىقىدىغانلىقىنى ئايرىغۇدەك بولغىنىڭىز بىلەن، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دەيدىغان بىر ژۇرنالنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغان نى-نى خىزمەتچىلەر بار. ئايدا 2000 يۈەن ئايلىق، 300 - 400 يۈەن مۇكاپات ئېلىپ تۇرۇپ، شۇنچىۋالا پۇلدىن بىر-ئىككى پىرسەنت ئاجرىتىپ كىتاب-ژۇرنال سېتىۋېلىشقا چىدىمايدۇ. ئۇنداقلار دۆلىتىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداق، دۇنيا بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدا زادى قانچىلىك پەرق بار، بۇنىڭ سەۋەبلىرى زادى نەدە؟ دېگەنلەرنى ئويلاش تۇگۇل، ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەسلىكى مۇمكىن. «سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق» دېگەندەك، بىزدە قول-ئىلكىدە بارلار ئەھمىيەتسىز ئىشقا پۇل خەجلەيدۇ، ئىلىم-پەن، كىتاب-ژۇرناللارنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەر نامراتلىقىدىن بىر ژۇرنالغىمۇ ئېرىشەلمەي چاكىلداپ ئۆتۈۋاتىدۇ. نېمىدېگەن تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ.

قەدىرلىك سىڭلىم قەلبىنۇر: ئاللا سىزگە مال-دۇنيا ئاتا قىلمىغان بىلەن، ھېسابسىز پۇل-بايلىققا بەرگۈسىز، ئىنسانىي ھېسسىياتقا باي بىر ئاتىنى ئاتا قىپتىكەن. ئاتىڭىز ئادەتتىكى بىر مۇزدۇز - ياماقچى بولسىمۇ، مىليونېرلار ئوقۇمايدىغان ماتېرىياللارنى ئوقۇپ، لەززەت ئالالايدىكەن، تەپەككۇر قىلىدىكەن، سىزدەك تىرىشچان قىزنى تەربىيىلەيدىكەن. دادىڭىز ھالال ئىشلەپ ياشايدىغان دىيانەتلىك كىشىكەن. ئاز تاپسىمۇ، تاپالمىسىمۇ ئۆز كەسپىدىن ۋاز كەچمەي يەنىلا داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇ. نى-نى ئادەملەر بار، ئۇلار ئۇنى-بۇنى قىلىپ بېقىپ ئاقتۇرالماي، ئاخىرىغا بېرىپ تىلەمچىلىك، ئوغرىلىق قىلىپ ھارام ياشاۋاتقان. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە سودا ئاتلىقلا نەرسىلەرنىڭ رەسمىيەتلىرى بەك كۆپىيىپ كەتتى. كىچىككىنە يېزا بازىرىدىكى ياماقچىلىقتا كۈنىگە تاپقىلى بولۇدىغان پۇلمۇ چاغلىق. مۇشۇنداقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سودا-سانائەت باشقۇرۇش تارمىقى، باجخانا، يەر باشقۇرۇش، تازىلىق باشقۇرغۇچى دېگەنلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ھەيۋە قىلىۋاتقان، سودا بولمىدى، سەل سودا قىلىپ پۇل چۈشكەندىرەك بېرەي دېسە، ھۆركىرەپ ئورغىلى قوپىدۇ. شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدە قانداق سودا قىلساراۋۇرۇس ئاقىدۇ، ئۇلاردىن تۈرلۈك رەسمىيەت ھەقلىرىنى ئالسىمۇ، سودا بولۇپ تۇرغاندىكىن كۆتۈرەلەيدۇ. يېزا بازىرىدا ئۈچ يۈەن تاپسا بەش يۈەن تۆلە، دەپ دىۋەيلەپ كېلىۋالسا، قانداقمۇ يۈرەكلىك سودا قىلغىلى بولسۇن. بۇنداق رەسمىيەتلەر ھەپتىدە، ئايدا بولسىغۇ كاشكى. بەلكىم دۆلەتنىڭ ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن ئېلىنىدىغان رەسمىيەتلەر ھەققىدە بەلگىلىك ئېتىبار بېرىش ماددىلىرىمۇ باردۇ، بولۇپمۇ يېزا-كەنتلەردىكى بازار ئانچە قىزىمايدىغان ئورۇنلارغا. بىزنىڭ رەسمىيەت بېجىرگۈچى تارماقلىرىمىز مۇشۇ زادى بۈگۈن قانچىلىك پۇل تاپتى، بىز دېگەن رەسمىيەت پۇلىنى چىقىرىشقا مادارى يېتەمدۇ-يوق دېگەنلەرنى ئويلىماي، بۇ دېگەن پىرىنسىپ، دەپ قوپىدۇ. نۇرغۇن سىياسەتلەرنىڭ يەرلىك ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلسا بولىدۇ، دېگەن تەستىقى بارۇ،

ئەمما ئۇلارنىڭ سىياسەتلىرىدە ئۇنداق تەستىق يوق ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ بازار تەرتىپىنى ياخشىلىغىنى، تازىلىققا ئەھمىيەت بەرگىنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئەلۋەتتە پايدىلىق. سودا يوق تۇرۇقلۇقمۇ پۇل دېسە، كىمنىڭمۇ ئۇنداق ئاقماس تىجارەتنى قىلىشقا رايى بارسۇن. يېزا-كەنتلەردە شەھەردىكىگە ئوخشاش بازار تېخى جانلانغىنى يوق، تىجارەتچىلەرمۇ شەھەردىكىدەك مۇقىم تىجارەتچىلەر ئەمەس. يېزىلاردا نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز، دەيدىكەنمىز سودا بىلەن شۇغۇللىنىش، قوشۇمچە پۇل تېپىشنى دەۋەت قىلىشىمىز، ئىلھام بېرىشىمىز كېرەك. ئىلھام بېرىشنىڭ ئۇسۇلى يەنىلا ھەرقايسى تارماقلارغا تۆلەيدىغان رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇشتۇر. سىزنىڭ دادىڭىزمۇ دېھقانچىلىقتىن سىرت موزدوزلۇق - ياماقچىلىق قىلىشى مۇمكىن (تېرىيدىغان يېرىڭلار يوق بولسا، بۇ كىرىمى تۆۋەن ھۈنەرنى يېزىدا قىلىپ يۈرمەستىڭلار). دادىڭىزنىڭ موزدوزلۇق - ياماقچىلىق ھۈنىرىگە يەنى سودىسىغا بىر يۈەن ئالىدىغان يەرگە بەش مو ئالسا، بەزى ئېلىمشلارنى يوق قىلىۋەتسە، سىلەرگىمۇ كۈندە ئانچە-مۇنچە كىرىم بولۇپ، سىزنىڭ گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىڭىز ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئاساسنىڭ كىچىككىنە قىسمى بولسىمۇ يارىلاتتى. ھېلىمۇ ئاللا دادىڭىزنىڭ ھۈنىرىگە بەرىكەت ئاتا قىلغاي.

قەلبىنۇر، يۈرەك سۆزلىرىڭىزدىن تىرىشچان، ئىرادىلىك قىزدەك قىلىسىز. يوقسۇزلۇق سىزگە توسالغۇ بوپتۇ، بۇنىڭلىق بىلەن سىز بوشىشىپ كەتمەڭ. مېنىڭ بەزى ئوقۇغۇچىلىرىمدەك يوقسۇزلۇقنى باھانە قىلىپ مەكتەپتىن چېكىنىۋالماڭ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى بىلەن سىزدەك ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ھازىر دەرسلىك كىتابلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىدىغان، ئوقۇش پۇلى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان بولدى. تىرىشچانلىقىڭىزنى بوشاشتۇرمىسىڭىزلا يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشتا ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئۆتۈپ قالسىڭىز ھەقسىز ئوقۇيسىز، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىنمۇ قىينالمايسىز. سىزنى، دادىڭىزنى ھاقارەتلىگەن، غورۇرىڭلارغا تەگكەن نىجىسلارغا ئۆزۈڭلارنىڭ مەڭگۈ نامراتلىق ئىچىدە ئۆتمەيدىغانلىقىڭلارنى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار ئارقىلىق كۆرسىتىپ قويۇڭلار. شۇنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. دادىڭىز دېگەندەك كەنتنىڭ دەرۋازىسىغا چىنە خىش چاپلىمىسىمۇ، كەنت دەرۋازىسى چىرايلىق تۇرۇۋېرىدۇ. لېكىن ھارام يەپ ئۆگىنىپ قالغان ھارامتاماقلارنىڭ گېلىغا كىرىدىغان، نەپسىنى قاندۇرۇدىغان، قورسىقىنى يوغىنىتىدىغان نەپ چىقماي قالىدۇ. نېمە ئۈچۈن ھازىر بىر تۇتاش ئۇنى قىلىمىز، بىر تۇتاش بۇنى ياسايمىز، پۇل چىقىرىڭلار، دېگەن گەپ ئەدەپ كېتىدۇ؟ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار. بىز خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى سىلىقىنى سۆزلەپ كەلسەم، سىلەرنىڭ دەردىڭلار بىزگە ياماق بولماسلىقى مۇمكىن.

ئاخىرىدا مەن سىزنىڭ قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىپ، بوران-چاپقۇنلاردا تاۋلىنىپ، يۇرتىڭىزنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە تۆھپە قوشىدىغان يارامىلىق ئەۋلاد بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاتۇش شەھىرى كاتتايايلاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ھەدىڭىز ئانىقىزدىن».

# ئەسلىدە دېھقانلار قەدىرلىنىشى كېرەك ئىدى

ئابباس نورۇز

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ دېھقانلارنىڭ ئىنسانلار ھاياتلىقىدىكى ئورنىغا يۈكسەك باھا بېرىپ: «ئەي ھۆكۈمران ئەمەلدارلار، دېھقانلارنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت، جەمئىيەتتە پادىشاھتىن گادايغىچە، ئۇچار قۇشتىن يەردە ئۆمىلەيدىغان جانلىقلارغىچە ھەممىسى دېھقانغا موھتاج. ئۇلار جەمئىيەتتىكى ئەڭ كېرەكلىك، قولى ئوچۇق، دىلى كەڭ كىشىلەردۇر... دۇنيانىڭ ئاۋاتلىقى، خەلقنىڭ شادىمانلىقى دېھقانلار بىلەن بولىدۇ» دېگەنىدى. مانا ئۇ سۆز دېھقانلارنىڭ نەقەدەر قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئۇلۇغ كىشىلەر ئىكەنلىكىدىن بىر دالالەت. يەنە بىر نۇقتىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدىمۇ بەزى ئەمەلدارلارنىڭ نېمىگە تايىنىپ ئەمەلدارلىق زاكونىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ تۇزكورلۇق قىلىپ، دېھقانلارنى بوزەك قىلىپ، خارلايدىغانلىقىنىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزى ئەمەلدارلار «تۇزۇڭنى يەپ، تۇزلۇقىڭنى چاقاي»دەيدىغان ناكەسلەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ھەدېسىلا دېھقانلاردىن سېلىق يىغىپ، ھەرخىل نامۇۋاپىق ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى بالاسى، سىياسىي نەتىجىسى، ھوقۇق - مەرتىۋىسى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە قىستاپ، شىلىپ-تاراشلاپ، شۇنچە جاپالىق ئىشلىسىمۇ، جاپاسىغا لايىق راھەتنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.

مەن پېنسىيىگە چىققان بولسامۇ،

گېزىت-ژۇرنال ئوقۇش ئادىتىمنى تاشلىمىدىم . بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيدىغان بوپقالدىم . چۈنكى بۇ ژۇرنالدا دېھقانلارنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى دېيىشكە سەھىپە ئېچىپ بەرگەچكە ، دېھقانلارنىڭ جاھان-ئالەمگە ئۆز ئەھۋالىنى ئاز-تولا تونۇتۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان . مەنمۇ دېھقان بالىسى . مەندىن باشقا بارلىق تۇغقانلىرىممۇ دېھقان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل خىزمەت ھاياتىم دېھقانلار ئارىسىدا ئۆتتى ،ئۇلارغا نىسبەتەن مۇھەببىتىم ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتىم بار . مەن دائىم دېھقانلار تارتقان جاپاسىغا لايىق راھەت كۆرسە ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدىن بەھر ئالغانلار قەدىرلىسە ئىكەن ، دەپ ئويلايمەن . دېھقانلارنىڭ كەمسىتىلگىنىنى ،ئازار يېگىنىنى كۆرسەم يۈرىكىم پۇچۇلىنىپ كېتىدۇ . مانا ئوخشاش ھېسسىياتتا بولۇدىغانلار ئاز ئەمەستۇر .بىراق پۇقرانىڭ پۇقراغا كۆيۈنۈشى - تەسەللىي ۋە شوكرىدىن يىراق كېتەلمەيدىكەن . ئەمەلىي يار-يۆلەك بولالايدىغان ئەمەلدارلار بولسا ، ئۇلارنى تەجرىبە قورالى ، ئۆزلىرىنىڭ يانچۇقىنى تولدۇرۇشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋېلىپ ، ھەركۈنى ئۇلارغا مىڭبىر جاپالارنى سالىدىكەن . ھەتتا ئۇلاردىن نەپ ئۈندۈرۈۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن چاغلىرىدا يېتىم بالىنى ئۇرۇپ-تىللىغاندەك خارلايدىكەن . ئۇلار دېھقانلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن شىلىپ ، جىسمانىي جەھەتتىن خورىتىپ ، روھىي جەھەتتىن ئازابلاپ ئادەمدەك ياشىغىلى قويمايدىكەن . ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 6-سانىغا بېسىلغان «ئەركەك سۈنى كۆپرەك ئېچەيلى» دېگەن ماقالىسىدا : «ئەگەر ئەمگەك بىلەن بېيىشقا بولۇدىغان بولسا ،دېھقانلار بېيىپ كەتسە بولاتتى ، چۈنكى دېھقان ئۆز ئەمگىكىنى كۈن بىلەن ئۆلچەيدۇ . كۈننى بولسا قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى بىلەن ئۆلچەيدۇ . ئۇلار ھەتتا كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپمۇ ئىشلەيدۇ . مانا بۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئەمگەك نورمىسى . بىراق ئۇلار بەربىر نامرات ،نامرات ئەمەسلىرىمۇ باي ئەمەس»دەيدۇ ناھايىتى جايىدا قىلىپ . بۇ جۈملىلەرنى ئوقۇپ ئۇزاققىچە ئويلىنىپ كەتتىم . دېھقان ئەمگەك ئەجرى تۈپەيلى باي بولسا بولاتتىغۇ ؟ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمۇ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدىغۇ ؟ بىر ئادەمنىڭ يارامىلىق چاغلىرى30 - 40يىل بولىدۇ .30 - 40يىل ئىشلەپ ،ھەتتا 50 - 60يىل ئىشلەپ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىيالمىسا ،گۇناھ يەنە تاڭنى تونگە ئۇلاپ ،ئىسسىق-سوغۇق دېمەي ئىشلىگەن دېھقاندا بولغىنى نېمىسى ؟ مۇشۇنداق سوئاللار ئىچىدە تېخىرقاپ يۈرگىنىمدە « شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 5-سانى قولۇمغا تەگدى . بۇ ژۇرنالدىنمۇ ئالدى بىلەن دېھقانلارنىڭ قىسمەتلىرىگە دائىر «دادام تاپقان ئون يۈەن»دېگەن ماقالىنى ئوقۇدۇم . ئوقۇغانسېرى ۋۇجۇدۇم بىر ئۆچۈم قارا يۈرەكلەرگە نەپرەت ساداسى بىلەن تولدى . «لەنەت ئائەھلىلەر ،لەنەت ئائەھلىلەر»دەپ ئۆنلۈك توۋلاپ كەتتىم . بەلكى قەلبى ئويغاق ،دېھقانغا مۇھەببىتى بار كىشى ئاشۇنچىلىك ئىشقا «لەنەت» دېيىش كېتەمدۇدېمەسلىكى ،ھەتتا مەندىنمۇ دەھشەت غەزەپكە كېلىشى مۇمكىن . لېكىن يۈرىكى قېتىپ قالغان ، «ئۇلار شۇنداق ياشاشقا يارىتىلغان»دەپ تونۇيدىغان ۋىجدانسىز ئادەملەرلا پىسەنت قىلماسلىقى مۇمكىن . شۇنداقتىمۇ مېنى ساراسىمگە سالغان دېئالوگلارنى كۆچۈرۈپ يازاي ،ھەممىمىز قانداق ھېس -تۇيغۇغا كېلىمىزكىن :

«- بىر قانچە كۈندىن بېرى سودام يامان ئەمەس ، بۈگۈن ئەڭ ياخشى . ئالتە كويغا ياماق يامىدىم .ھەتتىگەي ! ئۈچ كويىنى بازار باشقۇرۇش ئېلىپ ماڭدى ،بىر كويىنى يەرباشقۇرۇش ئېلىپ ماڭدى ،باجگىرلار بەش كوي بېرىسەن دەپ ، قالغان ئىككى كويىنى بەرسەم ئۇنىماي ،بېرىسىدىن قەرزدار بولدۇم . بازار تازىلىقىنى قىلىدىغان داۋۇتكام پۇل يىغىپ كېلىۋېدى ،بەش موغا قادىر بولالماي ئىزا تارتىپ ئۆلگىدەك بولدۇم ،ھەي ي . . .30كوي يىغماق تەس بولدى-دە ، - دەپ خورسىندى» .مانا بۇ بىر مىجىتئاخۇننىڭ قىسمىتى ئەمەس ، پۈتكۈل دېھقانلارنىڭ قىسمىتى .لېكىن دېھقان دېگەن نېمىدېگەن ئۇمىدۋار .ھە ؟ مىجىتئاخۇن جاپالىق ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ، ئۆزىنىڭ ۋە قىزى قەلبىنۇرنىڭ كىتاب-ژۇرنالغا ،بولۇپمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا ھېرىسمەن ئارزۇسىنى دەپ ياماقچىلىق قىلىپ تاپقان ئالتە كويىنى بىز مائاشچىلار ئۈچۈن باجگىر ،بازار باشقۇرۇش ،يەرباشقۇرۇش قاتارلىقلار ئەپقالسىمۇ ،« . . . - سودام يامان ئەمەس ، بۈگۈن ئەڭ ياخشى » دېدىيا ! بازارغا چىقىپ ئاز-تولا ھۈنەر قىلىپ پۇل‌تاپاي دېسە ،ئالدى بىلەن شۇ دېھقاننىڭ قانچىلىك تاپقىنى بىلەن ھېسابلاشماي ،تاپقىنىدىن ئاشۇرۇپ ئېلىپ قەرزدار قىلىپ قويسا ،ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا كېچە-كۈندۈز بەنت بولۇپ ياخشى ھوسۇل ئالارمەنمىكىن دەپ جاپالىق ئىشلىسە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە :«ئۇنى قىل ، بۇنى قىل ،ئاۋۇ قىلغىنىڭ بولماپتۇ ، مۇنداق قىلىسەن»دەپ دېھقاننىڭ قىلغىنىنى بۇزۇۋېتىپ ، تەكرار-تەكرار ئىشلىتىپ ، يەردىن چىققان ھوسۇل بىلەن جەرىمانە ۋە دەسمىسى تەڭشىلىپ قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات بېجى ، سۇھەققى ۋە ھۆددىگەرلەرگە قەرزدار بوپقالسا ، قاتمۇ قات قەرزگە بوغۇلغان دېھقان ئالدىغا يەنە كەنت دەرۋازىسىغا چىنە خىش چاپلايمىز دەپ ئالۋاڭ سېلىپ كەلسە !توۋا! ، ھەي ! دېھقان سەن نېمانچە كۆتۈرۈۋېلىش-لۈك ؟

« - ھە ، مىجىتئاخۇن ، كەنتىنىڭ دەرۋازىسىغا چىنە خىش چاپلايدىكەنمىز ، ھەربىر ئائىلىگە ئون كوي مەبلەغ پۇلى كەلدى ، بېرىڭلا ، - دېدى تىزىملىكنى ۋاراقلاپ .

- ھازىر پۇل يوقتى .

- بولمىسا نەدىن بولسا تېپىڭلا ئەمدى .

- نەدىن تاپىمەن ؟ مۇشۇ كۈنلەردە ئادەم جېنىنى باقالمايۋاتقاندا ئۇششاق گېپىڭلا جىقلاپ كەتتىغۇ . چىنە خىش چاپلىمىسىمۇ ياخشىلا تۇرامدۇ دەرۋازا ؟

- ئادەمنىڭ خۇيىنى تۇتقۇزماي پۇل ئاچىقىڭلا تېز ، - بۇيرۇق قىلدى مەھەللە باشلىقى .

- پۇل يوق ، تاپقاندا بېرەي .

- ئىشىك ئالدىغا كەلگەن سائىلنىمۇ قۇرۇق قول ياندۇرمايدۇ ، ئۇنداق قىلماي بەش كوي بولسىمۇ بېرىڭلا .

- بەش كوي ئەمەس ، بەش مومۇ يوق .

- ئەمىسە قىزىڭلىنى بازارغا سېلىڭلا . »

يۇقىرىقى دىئالوگدىن بۇ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئېلىشلارنىڭ دېھقانلارنىڭ بېلىنى قانچىلىك قايرىپ ، دىلىنى قانچىلىك زەخمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس . بىرەر مەھەللە باشلىقى ھېچقانداق ئەيمەنمەي ،ئادەمنىڭ غۇرۇرى ،ئىززەت نەپسىگە پىسەنت قىلماي ،چوڭ بىر ئادەمنى قىزى يېنىدا تۇرسا : «قىزىڭلىنى بازارغا سېلىڭلا »دېدىيا . بۇ نېمانچە كاتتا ،دەخلىسىز ئادەم ! قۇللۇق جەمئىيەتتىمۇ قۇلدارلار قۇلنى ئاشۇنداق تىللارمىدى ؟ بۇ بەزى ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىدا دېھقانلار نېمانچە بىقۇۋۇل ،قەدىرسىزدۇ ؟ مۇشۇنداق تىللاش ، ھاقارەتلەش ،ئۇرۇش ، قولىغا كويزا سېلىش ،سولاپ قويۇشلار بەزى ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش . بۇ ئەمەلدارلار دېھقانلارغا قانۇننى ، ئەخلاقنى سۆزلەشتە ئاغزىدىن ماغزاپ چىققۇدەك سۆزلەيدۇ . ئۆزلىرى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە ، كىشىلىك ھوقۇق ، ئىززەت-ھۆرمىتىگە بولسا قىلچە قانۇن ،ئەخلاق نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ . بۇئەمەلدار-لار ئىبراھىم ئەمەت ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى 2001-يىل 5-سانىغا بېسىلغان : «پۇقرا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمەنلىرى »دېگەن ماقالىسىدىكى ئەمەلدارلارغا بەكمۇ ئوخشايدۇ : «پۇقرانى خالىغانچە بوزەك ئېتىپ ، ئۇلارنى شىلىۋاتقان ، دۆلەت قانۇنىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان جانابىي ئەپەندىلەر ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرى ئىدى .ئۇلار ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش ئۈچۈن ھوقۇقنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىپ ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرا قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ ،ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلىنى كولاۋاتقانلار ئىدى » .خەلقنىڭ ، ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى تەرىپىگە ئۆتۈپ بولغان ئاشۇ بىرقىسىم ئەمەلدارلار ھازىرمۇ قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پۇقرانى قاقشىتىۋاتىدۇ .شېڭ خۇڭ ئىمزاسىدىكى بىر مۇلاھىزە ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن : «شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى ، دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى نەتىجىسىدە بۈگۈنكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بارلىققا كەلگەن . بىراق بۇنداق ئىنقىلابنى ،دېھقانلار سىياسەت جەھەتتە ئادىل مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىسە ،يەنە قوزغىمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ » . (قاراڭ : «دېھقانلار ئۆزىگە ئۆزى ۋەكىللىك قىلسۇن » ، «تۇرپان »ژۇرنىلى 2003-يىل 2-سان )دېھقانلارنى بوزەك قىلىۋاتقان ، ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەي تىللاپ - ھاقارەتلەۋاتقان ئەمەلدارلار ئاگاھ بولۇڭلار ! دېھقانلارنىڭمۇ ئىگىسى بولغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە دۆلەت قانۇنى بار . ئەگەر دېھقانلار دەرغەزەپكە كەلسە ، سىلەرنى پارە-پارە قىلىۋېتىدىغان قۇدرىتىمۇ بار .

ئاپتور : كونىشەھەر ناھىيە پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى



باش مۇھەررىر: قۇربان‌مامۇت(M1)



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)

# ئەل سۆيگەن شۆھرەتلىك ناخشىچى، پەخرلىك دولان قىزى،

# «قەشقەر بۇلبۇلى» ئايشەم قەييۇم خانىم




《新疆文化》 (维吾尔文) «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2004 - يىل 1 - سان

综合性文学双月刊 (قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

---

主管:新疆维吾尔自治区文化厅 — باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

主办:新疆维吾尔自治区群众艺术馆 — چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى

编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部 — تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

国际标准刊号:ISSN1008—6498 — خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498

国内统一刊号:CN65—1073/G2 — مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/G2

海外发行:中国图书进出口(集团)总公司出口部 — چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو

代理者地址:中国北京朝阳区工体东路16号 — كىتاب ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھى)

P. O. BOX 88, 16Gongti East Road, Beijing 100020, china — باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

海外发行代号:6498BM — چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

发行范围:国内外发行 — مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

地址:乌鲁木齐市团结路72号 — ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ

邮编:830001 电话:(0991)2856942 — پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: (0991)2856942

印刷:《新疆日报》印刷厂 — «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

发行:乌鲁木齐市邮局 — ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

订阅:全国各地邮局 — مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

---

邮发代号:58—22 定价:5元 — پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 5 يۈەن

ياش فوتوگرافىيە ھەۋەسكارى بەھرام قۇربان
سىنتاشنىڭ تۇنجى ئەسەرلىرىدىن تاللانما













